## خوتەن شەھىرى

# تارىخ ماتېرىياللىرى



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خوتەن شەھەرلىك كومىتېتى

خوتەن شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خوتەن شەھەرلىك كومىتېتى



**和田市文史资料**

和田市政协　编

和田市北京北路 1 号　邮编:848000

乌鲁木齐市科恒彩印有限公司

乌鲁木齐市北京南路 40 号　邮编:830011

字数:200 千字　开本:大 32 开　印张:11.375

印数:1-1000 册

2011 年 8 月印制

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2011)年第 288 号

(内部资料、免费交流)

خوتەن شەھىرى

# تارىخ ماتېرىياللىرى




ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



پىلانلىغۇچى، باش مۇھەررىر

**مۇھەممەتتوختى تۇرسۇن**

مۇھەررىر

**ئابدۇللا سۇلايمان**



خوتەن شەھەرلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى

تۈزۈپ باستۇردى 2010 . 12

# خوتەن شەھرى تارىخ ماتېرىياللىرى

خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تۈزدى
خوتەن شەھرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 1 - قورو    پوچتا نومۇرى: 848000

---

باسقۇچى: ئۈرۈمچى شەھرى كېخىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر    پوچتا نومۇرى: 830011

---

خەت سانى: 200 مىڭ    فورماتى: چوڭ 32    باسما تاۋىقى: 11.375
سانى: 1000 — 1

---

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىش ئىجازەتنامىسى (2011) يىلى 288 - نومۇر
(ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ)

## خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ رۇيۇڭنىڭ بېغىشلىمىسى



保持史料特色 促进经济发展

2008. 12.26

**تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ،**

**ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى!**

**ــــ جاڭ رۇيۇڭ**

# خوتەن شەھىرىنىڭ باشلىقى ئادىل نۇرمەمەتنىڭ بېغىشلىمىسى



تارىخنى ئۈرنەك قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچەيتىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي
ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىناق
جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەلا ھۆلاز ھەت
قىلايلى!

ئادىل نۇرمەمەت

2009-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى

خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مۇھەممەدتوختى تۇرسۇنتوختىنىڭ بېغىشلىمىسى



«تارىخىي ماتېرىياللار» ئۇنتۇلۇش
بىلەن ئۇنتۇلماسلىق چېتىدە تۇرىدىغان
كۆۋرۈكتۇر. ئۇنىڭ ماتېرىيال قىممىتى
ۋە ساقلىنىش قىممىتى زور. ئۇنى دەۋرىمىز
ئۈچۈن خەزىنە قىلىپ قالدۇرۇش بىزنىڭ
شەرەپلىك بۇرچىمىز.

مۇھەممەدتوختى تۇرسۇنتوختى
2010-يىل دېكابىر


بۆگۆنكى خوتەن شەهرى



خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلى
(فىنلاندىيەلىك مانېرھېم 1905 - يىلى خوتەندە تارتقان)



ھېيت خۇشاللىقىغا چۆمگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى
(فىنلاندىيەلىك مانېرھېم 1905 - يىلى خوتەندە تارتقان)



2002 - يىلى خوتەن شەھرىدە «مەشرەپ» ئۆتكۈزۈلدى

# خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پائالىيەتلىرىدىن





# خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پائالىيەتلىرىدىن





# خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پائالىيەتلىرىدىن





# خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش پائالىيەتلىرىدىن






ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# كىرىش سۆز

يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلىش، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھەمدە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خوتەن شەھىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، خوتەن شەھىرىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، زىيالىيلار، مەشھۇر شەخسلەر تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىشىمىزغا يېقىندىن ياردەم قىلغان ئىدى. بۇ ماتېرىياللار 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللار ئاخىرىدا ئورگىنىمىزنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن يازدۇرۇلغان، رەتلەنگەن بولۇپ، ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ بىر قىسمى ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ ماتېرىياللار ئاشۇ مەرھۇملاردىن بىزگە قالغان تەۋەررۇك سۈپىتىدە تېخىمۇ قىممەتلىك بولماقتا.

خوتەن شەھىرىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى رەتلەش،

تۈزۈش خىزمىتى گەرچە كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدا «خوتەن شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ بىرىنچى توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا 12 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىن 2-، 3- توپلاملىرى داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ.

تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاش، تەھرىرلەش جەريانىدا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلىش ھەيئىتى كۆپ قېتىم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش، ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىۋېلىش ئۇسۇلى بويىچە، تارىخ چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ماقالىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىشنى چىقىش قىلدۇق.

خوتەن شەھىرى قەدىمدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. بەزى ئەھۋاللار مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبىمىز كەمچىل، ماتېرىياللارنى نەشر قىلىشتا كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمايمىز. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىس - ئالىملار ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ تەنقىد، تۈزىتىش بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خوتەن شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ھەيئىتى.

2010 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# مۇندەرىجە

**خوتەن شەھىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئەسلىمە** ............ 1
............ ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم، ئابدۇقادىر
............مۇھەممەدى، ئابابەكرى تۇرسۇن ( ۋاڭ شىگزى )، دۆلەت بېگىم
**خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن يازمىلار** .................. 62
............مەتىمىن توختى
كونا جۇڭگودا چەت ئەللىكلەرنىڭ خوتەندىكى بىر قىسىم
زوراۋانلىقلىرى .................................. 62
خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم .... 70
«ھەزرىتى سۇلتان مازىرى» .............................. 92
شوتاگدىكى غەۋغا ......................................... 94
خوتەندە پەيدا بولغان بىر قىسىم يېڭى شەيئىلەر............. 99
ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى ئەمەت ھاجىم ......... 112
**خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادەتلىرى** ............ 123
........ئابدۇللا سۇلايمان
**خوتەن شەھىرىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى يادىكارلىقلار** ......... 158
........ئابدۇقادىر مۇھەممەدى
**خوتەننىڭ 1884-يىلىدىن جۇڭخۇا مىنگوغىچە بولغان ئىجتىمائىي ئەھۋالى** ......... 166
........ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ دامولا ھاجىم
**خوتەن قەغىزى ھۈنەر-سەنئىتى** ........................... 178

..........مەمتىمىن قۇربان، مۇھەممەتئىمىن سابىر

خوتەن يېقىنقى زامان شەھەر سېپىلىنىڭ سېلىنىشى ھەم ۋەيران بولۇشى ........................................ 190

.......... رەجەپ يۈسۈپ

نادىر بەدىئىي ئەسەر ــــ خوتەن زىلچىسى .................. 218

.......... مۇھەممەتئىمىن سابىر

ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى خوتەننىڭ سودا-سانائىتى ھەققىدە ........ 229

..........مۇھەممەتئابدۇللا بەگ ھاجى

خوتەننىڭ يېقىنقى زاماندىكى سودا-تىجارەت ئەھۋالى ........... 235

..........مۇھەممەت ھېيت ھاجىم

خوتەننىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت ئەھۋالىدىن بىلىدىغانلىرىم .............. 246

..........نادىرخان ھاجى ئابدۇۋەلى

ماخۇسەن خوتەندە ..................................... 259

..........مەمتىمىن توختى، ئابدۇقادىر مۇھەممىدى

..........دۆلەت بېگىم، ئابابەكرى تۇرسۇن (ۋاڭ شىگزى )

بىزنىڭ پەخرىمىز ........ ........................ 288

..........ئاۋۇدۇن ئالىم

ئەدىب ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا 303

..........ھۇشۇر ئەمەت

يۇرۇڭقاش سودا بازىرىنىڭ ئۆتمۈشى ..................... 318

..........ئابدۇۋايىت توختى، ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت

خوتەندە ئەلك ........................................ 337

.......... ھۇشۇر ئەمەت

ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللا ھاجىم، ئابدۇقادىر مۇھەممەدى
ئابابەكرى تۇرسۇن ( ۋاڭ شىگزى )، دۆلەت بېگىم

# خوتەن شەھىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئەسلىمە

## خوتەن شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بەزىلەر: خوتەن دېگەن نام «ئۇدۇن» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلمىسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قەدىمكى زاماندا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە « ئۇدۇن خانلىقى » دېگەن بىر خانلىق قۇرۇلغان. بۇ نام ( 560 يىل داۋام قىلغان ئۇدۇن خانلىقى ۋاقتىدا خەنزۇتىلىدا خوتەن شەھىرىنى سىچېڭ، خوتەن خانىنى ۋايجرا 〈尉迟〉 دەپ ئاتاپ كەلگەن ) شۇنىڭدىن قەپقالغان، دېيىشسە، بەزىلەر: خوتەن «يوتقان» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى، چۈنكى ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنى يوتقان كەنتىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: خوتەن دېگەن سۆز « قوتان » ( چارۋا سولايدىغان ئورۇن ) نىڭ ئۆزگەرتىلمىسى، چۈنكى، قەدىمكى خەلقلەر چارۋىلىرىنى مۇشۇ يەرگە يىغىپ باققانىكەن، دەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل تارىخىي قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسلىرى بار. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 7 ـ ، 8 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ېيغى ئاۋات بولغان كېرىيە ۋە نىيە تەرەپلىرىدە « ئۇدۇن خانلىقى » دېگەن بىر خانلىقنىڭ قۇرۇلغانلىقى

راست. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى كېرىيە بولۇپ، ئىلچى، قاراقاش، لوپ تەرەپلەرمۇ شۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئۇدۇن دۆلىتى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇدۇن دېگەن نامى «خوتەن» گە ئۆزگىرىپ قالغان دېگەن سۆز قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ قەيت قىلىنغان. «يوتقان» ياكى «ئوتقان» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خوتەن شەھىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە چەت ئەل تارىخلىرىدىمۇ مەلۇمات بار. ھازىرقى يوتقان خارابىسى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق قىلىدۇ.

خوتەننىڭ ئەسلى نامىنىڭ «قوتان» ئىكەنلىكى ۋە «قوتان» دېگەن سۆزنىڭ چارۋا ماكانى دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنىڭ توغرىلىقى ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. قەدىمقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، يەر شارى پەيدا بولغاندىن بېرى ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ توختاۋسىز يۈز بېرىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، يەر شارىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان. چۆللەرنىڭ شەھەرلەرگە، شەھەرلەرنىڭ چۆللەرگە ئايلىنىپ تۇرۇشى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتتىن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزمۇ خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، مىلادىيەدىن بەش، ئون مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي- جەنۇبىي قىسمىدىكى ھازىر تارىم ۋادىسى دەپ ئاتالغان جاي ناھايىتى ئاۋات، دەريا ۋە كۆللەر كۆپ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇنى ئوراپ تۇرغان كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ھەممىسى مۇز تاغلار بولۇپ، ئېقىن سۇلار سىراپ جاي ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى ــ كېرىيە، نىيە، چىرا، خوتەنلەرمۇ شۇنداق ئاۋات ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. بولۇپمۇ، تارىم ۋادىسى چارۋا دۇنياسى ۋە پايانسىز يايلاق، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ئىدى.

مىلادىيەدىن 2 ـ ، 3 ـ ئەسىر بۇرۇن بۇ تەرەپلەردە توپا ۋە قۇم بالاسى يۈز بېرىپ كونلۇننىڭ مۇز تاغلىرى ئېرىپ تۆگەپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسى قۇم بالاسى ئاستىدا قالغاندا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىققان خەلقلەر دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تارقاپ كەتكەن. بىر بۆلۈك چارۋىچىلار مىليونلىغان چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق، ۋە خوتەن تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتكەنلىكى ئىشەنچلىك تارىخىي كىتابلاردا مەنزۇردۇر. يەنە شۇ ۋاقىتتا چارۋىچىلار چارۋىلارنىڭ كۆپرەكىنى خوتەن، بۇيا، پىشە يايلاقلىرىدا باققان ۋە خوتەن، قاراقاش دەريا بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۇرگەن. ئۇلار شۇ مەزگىللەردە بۇ تەرەپنى «قوتان» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ خوتەن دېگەن نامغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئەمەلىيەتكە بىر ئاز ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار، ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك ئارال بولغاچقا، بۇنى «ئارالچە» دەپ ئاتىغان. كېيىنرەك بۇ «ئارالچە» دېگەن سۆز « ئىلچى » دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان، ئىلچىنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىنى ـــ كۆن ئەتىگەندە يورۇتۇپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن « يورۇڭقاش » دەپ ئاتىغان. يەنە بىر دەريا غەرىپتە بولۇپ، قۇياش شۇ تەرەپتە پاتىدۇ ـــ قىرغاق قارىيىدۇ دەپ قاراپ، ئۇ دەريانى « قاراقاش » دەپ ئاتىغان. مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسى ئىلچى شەھىرى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىلچى دېگەن سۆزمۇ تاشلىنىپ، خوتەن شەھىرى دەپ ئاتالغان.

خوتەن شەھىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى ( بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىڭ يىل بۇرۇن ) ھازىرقى بورزان كەنتىدىكى يوتقان دېگەن جاي بولۇپ، يوتقان شەھىرى كۈچلۈك خان قالماق تەرىپىدىن 12 ـ ئەسىردە ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى خەلقلەر ھازىرقى ئىلچى دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەرنى مەھەللە قىلىپ ئولتۇرغان. بۇ مەھەللىلەر كېيىن

شەھەرگە تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سۇ دەرۋازىسى، گۇجان دەرۋازىسى ۋە ھېيتكا دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئىلچى دەرياسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلەتتى.

دېمەك ھازىرقى خوتەن شەھرىنىڭ بىنا بولۇشى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك تارىخىي ۋەقەلەر، جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ تەدرىجىي سۈركىلىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان مىللەتلەر ساكلار، تۇرالار، ئوغۇزلار (توققۇز ئوغۇز)، ھونلار بولۇپ قەدىمكى خوتەن خەلقىمۇ مۇشۇ مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى مەلۇم. «تارىخىي ئومۇمىي»، «مۇقەددىمە ئىبنى خەلدۇن»، «تارىخنامە»، «خەننامە»، «بوزقىر پادىشاھلىقى» قاتارلىق قەدىمكى تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان كىتابلاردىمۇ بۇ توغرۇلۇق مەلۇماتلار بار. يۇقىرىقى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان خوتەن خەلقىمۇ قەدىمكى تۈركىي قەۋملەر نەسلىگە مەنسۇپ بولغاچقا، ھازىر مۇشۇ تىل سىستېمىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «خوتەن تىلى ھىندى تىلىنى ئاساس قىلغان مەخسۇس تىل ئىدى»، دەيدۇ. بۇمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى، قەدىمكى خوتەن خانلىقىنىڭ ئاساسىي خەلقئارالىق يولى نىيە، چەرچەن ئارقىلىق تىبەتكە قاتنايدىغان چوڭ يول ۋە دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، مۇڭغۇلىيەگە قاتنايدىغان چوڭ يولدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يول ئارقىلىق خوتەنگە، ھىندىستاننىڭ تەسىرى ھەتتاكى، ئىران، يۇنان تەسىرىنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇ مەدەنىيىتى، زاڭزۇ ۋە موڭغۇل مەدەنىيىتىمۇ خوتەن خانلىقىغا خېلى كەڭ تارقالغان. قەدىمكى زاماندا شەرق ئەللىرىنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشلىرىدا

ھۆكۈم سۈرگەن شامانىزىم دىنىي خوتەن خەلقىدىمۇ كەڭ شەكىلدە مەۋجۇت ئىدى. بۇ دىن قەدىمكى زاماندىكى ئىپتىدائىي قەۋملارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان خۇراپىي كۆز قارىشىنى ئاساس قىلغان دىن بولۇپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار كۆن، ئوت، سۇ ۋە تۇپراققا چوقۇنغان. شۇنىڭدەك تەبىئەتتىكى جىسىملار، كاتتا تاغلار، چوڭ دەرەخلەر، چوڭ دەريالارنىمۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغلىرى ، بۇلاردا روھلار، جىن-شەيتانلار ماكان تۇتىدۇ، ئادەملەرنىڭ بەخت- سائادىتىنى شۇلار بەلگىلەيدۇ، ئادەملەرگە كېسەل ۋە باشقا ئاقىۋەتلەرنىمۇ جىنلار سالىدۇ، دەپ قارىغان. ھازىرقى پېرە ئوينىتىش، بوي-كېپەك سېلىش، تۈرلۈك-ئەلەم تىكلەش قاتارلىق ئادەتلەر ئۇيغۇرلاردا شامانىزىمدىن قالغان خۇراپىي ئادەتلەردۇر. دېمەك، 7 ـ 8 ـ ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم دىنىي ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. بۇ چاغلاردا شامان (قامان) ناملىق شېيخلار ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى مەھەللىلەر ۋە شەھەرلەرنى باشقۇراتتى. بولۇپمۇ خوتەن خەلقىدە ئاقساقاللىق تۈزۈمى كەڭ ئىدى. ھەر خىل تەبىقە باشلىقلىرى «ئاقساقال» دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەيدىغان «دەدە قورقۇت» دېگەن كىتابتا، ئۇغۇزنىڭ «كۆك بۆرە» ۋە «قىزىل تۈلكە» لەرگىمۇ مەئبۇت دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى، قارا، قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەردىكى مەخلۇقلاردىمۇ بىر خىل روھىي خاسىيەت بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىمۇ سۆزلىنىدۇ. شامانىزىم موڭغۇللاردا ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەردە ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا، شامانىزىم تەلىماتى بويىچە ئادەم ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈش، ھايۋانلارنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىش، تىرىك مەخلۇقلارنى يوقىتىپ نام قازىنىش ئۇلۇغ ساۋابلىق ئىش دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر داۋاملىق سوقۇش- ماجىرا قىلىشىپ تۇرغان، ئىران تەرەپتىن داخىل بولغان مانىزىم دىنىي

بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. مانىزىم ئېتىقادى بولۇپمۇ تىرىك مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈش، قىرغىنچىلىق قىلىش گۇناھ، ياۋاش بولۇش، سوقۇش- جېدەل قىلماسلىق ساۋاب دەپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، خوتەندىمۇ مانىزىم ھۆكۈم سۈرگەندە تىنچلىق يۈز بەرگەنىدى. كېيىن ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە بۇددا دىنى تارقالدى. بۇددا دىنىنىڭ بەزى قاراشلىرى مانى دىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇددا دىنى خوتەندە كەڭ تارقالغان بولۇپ، خوتەننىڭ ھەر بىر كوچا- رەستىلىرى، بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىدا چوڭ- چوڭ بۇتخانىلار قۇرۇلغانىدى. ھازىرقى كۈندە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە، رايونلىرىدىن تېپىلىۋاتقان ۋە يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقان گەج، سېغىز، ياغاچ، تاشتىن ياسالغان بۇت- ھەيكەللەر خوتەن شەھرىدە بۇتپەرەستلىكنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

9 - ئەسىرنىڭ باش يېرىمى (840-يىللىرى) دا تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى قارا بالغاسۇن ، ئورخۇن ۋە يەنسەي ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن ۋە قەشقەرلەرگە يەرلەشكەن. شۇ چاغدا تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھون، تۈرك، تىبەت ۋە ھىندى، ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىكى قاراخانىيلار ئارقىلىق خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، خوتەن خەلقى ئۇزۇن مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەن (خوتەنلىكلەرنىڭ جاھىل دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن) بولسىمۇ، ئاخىرى بۇتپەرەستلىكنى تاشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ-

ئادەت، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تىل- مەدەنىيەت ۋە قىياپەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شەھەر- رايونلارنىڭ ئاۋات جايلىرىغا ياسالغان بۇتخانىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت، مەكتەپلەر، جامە- خانىقالار قۇرۇلدى. قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت ئارقىلىق خوتەنگە ئەرەب، پارس ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرى كۆپلەپ كىرىشكە، ئىلىم- مەرىپەت ئومۇمىيلىششقا قاراپ يۈزلەندى. چوڭ زىيالىيلار، ئۆلىمالار بارلىققا كەلدى. تەرەپ- تەرەپلەردە ئىلىم- مائارىپ راۋاجلىنىپ، خوتەن مەرىپەت گۈلزارىغا ئايلانغان بىر مەزگىلدە (مىلادى 1210- يىللاردا)، كىدانلاردىن بولغان كۈچلۈك خان (يەلەت ھەيشى) قەشقەر ۋە خوتەنگە بېسىپ كېلىپ، بۇ ئاۋات شەھەرنى ۋەيران قىلغانىدى ھەمدە خوتەننىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرى، مۇسۇلمانلىرىنى قىرغىن قىلغانىدى. «روزىتوساپا» ناملىق كىتابتا: «كۈچلۈك خان خوتەن شەھرىدىكى داڭلىق ئۆلىما ئەللامەئەلاھىدىن خوتەنى دېگەن زاتنى 3000 شاگىرتى بىلەن (ھازىرقى بورزان يېزىسى يوتقان كەنتىدە) ئۆلتۈرگەن ۋە كىتابلارنى كۆيدۈرگەن» دەپ يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈللەنگەن يوتقان شەھرى (ياكى خوتەن شەھرى) ۋەيران بولغان. كېيىن كۈچلۈك خان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئومۇمىي خەلققە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خوتەن خەلقى يەنە ئىسلام دىنىي تۈزۈمىنى قايتا بەرپا قىلىپ، خوتەن شەھرىنى ئاۋات قىلغان. چوڭ جامە، مەسچىت، مەدرىسە-مەكتەپ قۇرۇپ، سارايلارنى تەسىس قىلغان. بولۇپمۇ بۇ ئىشلار بۇرۇنقى قاراخانىيلار دەۋرىدە ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە كۆپ راۋاج تاپقان.

خوتەن ۋىلايىتى زېمىنى كەڭ، تۇرمۇشى پاراۋان، تەبىئىي بايلىقى مول ، ئادەملىرى ساددا ۋە مېھماندوست، ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر -

سەنئەتكە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئېقىپ كەلگەن ئادەملەر، دىنىي ئۆلىمالار، ئىشانلار، خەلپىلەر، غوجا، سەئىد، ئىمام قاتارلىق ناملار بىلەن ئورۇنلاشقانلار كۆپ بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل كۆز، مەككار، ھەر خىل دىنىي مەزھەپتىكى كىشىلەر، شىئەلەر، راپىزلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر خىل راست، يالغان مازار- ماشايىخلارنى پەيدا قىلىپ خەلقنى ئالداپ جان باقققانلىقى سىرتىدا، ئۇلارنىڭ شىللىسىگە مىنىپ روھىي جەھەتتىن ئۆزىگە ئەسىر قىلغان ياكى تالىپ، مۇرت، سوپى قىلغان. بۇلارنىڭ نوپۇزى تىكلەنگەنسىرى ھاكىمىيەت ئورنىنى تالىشقا ئۇرۇنغان. بۇنىڭغا كېيىنكى زامان تارىخىدا مىسالالار كۆپ تېپىلىدۇ.

خوتەن شەھىرىنىڭ 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغىچە بولغان 100 يىللىق تارىخىنى بايان قىلماقچى بولغىنىمىزدا، 1850- يىللاردىكى خوتەن نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەزگىل شىنجاڭدا جاھانگىر خان غوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشقان، جوڭگودا ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا گۇاڭشۈينىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتى قايتا تىكلەنگەن ۋاقتى بولۇپ، خوتەن شەھىرىمۇ مەنچىڭلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. خوتەننىڭ ھازىرقى سۇ دەرۋازىسى ۋە ئەسكەر مازارىنىڭ ئورنىدا مەنچىڭنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ يامۇللىرى ۋە چېرىكلەر تۇراتتى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تاۋ دارىن ۋە كۆك دارىن دېگەنلەر ئامبال، شەنتۇڭ ۋە تۇڭلۇڭ (ئەسكەر باشلىقى) دېگەن ئۇنۋانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، «دىڭزى» (پەيچۇسو) نامىدا بىر ساقچى ئىدارىسى تۇراتتى، بۇ ئەمەلدارلار خەنزۇچە گەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر بەگلەر، پاششەپلەر، يايى- دوغىلارغا يۆلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. مەنچىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلدارلىرى بېشىغا قارا موزا ( پوسما شەكلىدە) كىيىپ، ئارقىسىغا بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر تال ئۆرۈم

چاچ قويياتتى، ئۇزۇن چېكى بار ئىزمىلىق چاپان كىيىپ ئۈستىگە قارا جۇۋىيازا، پۇتىغا قارا خەي كىيەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خىزمەتچىلىرىدىن بولغان بەگلەر ۋە دوغىلار ھەم شۇنداق كىيىنىپ مانجۇچە جابدۇناتتى. ئۇلارمۇ ئۇزۇن چاچ قويياتتى. چوڭ بەگلەرنى كابەگ، سەنبەنتۇ، شەنگەن دەپ ئاتايتتى. كىچىكرەك مۇلازىمەتچىلەر يايى، دوغا دەپ ئاتىلاتتى. سۇ دەرۋازىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ھېيتكاغىچە بولغان ئارىلىقتا كىچىك دۇكاندار-تىجارەتچى خەنزۇلار، گورۇكەش، ئەپيۇنكەش خەنزۇلار ۋە خۇيزۇلارنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى (ماچىن ئاخۇن ئىسىملىك مەشھۇر بىر خۇيزۇنىڭ ئەۋلادى ھازىرغىچە شۇ يەردە تۇرىدۇ). ھېيتكانىڭ ئارقىسى ۋە ئىلچى دەرياسى بويىدا ناھايىتى چوڭ بۇتخانىسى بار ئىدى. يەرلىك خەلقلەر، ئىشچى- ھۈنەرۋەن، قول- سانائەتچىلەر، ناۋاي-باققاللار،كەمبەغەل ئائىلىلەر شەھەر ئىچىدە تۇراتتى. بازار- رەستىلەرنىڭ ئۈستى يېپىقلىق ئىدى. چوڭراق بايلار ۋە يۇقىرى تەبىقىلەر كۆپىنچە شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇشاتتى. بۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، ئورنى ھازىرقى گۈلباغنىڭ ئاستى ۋە ئىلچى دەرياسىنىڭ قىرغىقىغىچە تۇتۇشاتتى. چوڭ رەستە ۋە ئاۋات جايلار ھېيتكا دەرۋازىسى، گۇجان دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرى ناھايىتى قالاق، كەمبەغەل، كىچىك بىر شەھەر بولۇپ، ئۇششاق تىجارەتچى ۋە قول- سانائەتچىلەر تۆرلۈك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتى خام، چەكمەن، شايى، بەقەسەم ۋە گىلەم، يىپەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن خوتەن قىرى يولى ۋە چەرچەن- دۇخۇاڭ يولى ئارقىلىق خەنزۇ تىجارەتچىلەر، جاڭگۇيدىلەرمۇ كېلىپ تۇراتتى. بۇلار ئاساسەن گۆرۈشكەشلىك قىلاتتى. بۇلاردىن خوتەن شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە سىڭىپ

كەتكەنلەرمۇ ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارمۇ بار. مەسىلەن: ئۇلاردىن تۇرسۇنبەگ، ئابدۇللاخۇن تۇماقچى، ئارىپ ھاجىنىڭ ئانىسى قاتارلىقلار شۇ چاغدا مۇسۇلمان بولغان مەشھۇر ئادەملەر. ئۇلارنىڭ بالا- ۋاقىلىرى ھازىرمۇ بار. شۇنىڭدەك ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ھىندى سودىگەرلەر، كابوللىقلار، ئەنجانلىقلار كېلىپ خېلى چوڭ دۇكانلارنى ئېچىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان جايلارنى كابول كوچىسى، ئەنجان كوچىسى دەپ ئاتايتتى (بۇ كوچىلار ھازىرغا قەدەر ئۆز نامىنى ساقلاپ كەلمەكتە). خوتەن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار ناھايىتى گۈزەل ۋە كەڭ بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن ئاۋات ئىدى. 1859- يىلى، قاراقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەنگە بېسىپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجى (ھەزرەت ھاجىم ياكى ھاجى پاشا) خوتەن شەھىرىدىكى مانجۇلارنى يوقىتىپ، «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرغاندىن كېيىنكى ئۈچ يېرىم يىللىق ھاكىمىيەت جەريانىدا، خوتەن شەھىرىنىڭ قىياپىتى خېلى ئۆزگەردى. ئايرىم ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرى ، سېپىل ۋە مۇنارلارنى سوقتۇردى. كونا بۇتخانىلارنى چىقىپ ئورنىغا مەسچىت- جامەلەرنى بىنا قىلدى (بۇ جامە ھازىرقى جامە ئەمەس). ھازىرقى گۈجان دەرۋازىسىدا «قەلەندەرخانە» دەپ بىر ئىدارە قۇرۇپ، ئاجىز تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى شۇ يەرگە يىغىپ ئۇشرە- زاكات بىلەن باقتى. «قەلەندەرخانە» دېگەن نام ھازىرمۇ بار. شۇ ۋاقىتدىكى خوتەن شەھىرىگە چوڭ بىر سېپىل سوقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا گۈجان دەرۋازىسى، ھېيتكا دەرۋازىسى، قىزىق دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى دەپ چوڭ دەرۋازىلارنى ئورناتتى. سېپىل ۋە دەرۋازىلار ئاللىقاچان يىقىلىپ يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۆت دەرۋازىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ھازىرقى كونا شەھەرنىڭ چوگراق رەستىلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ

كەلمەكتە. 1862- يىلى ياقۇپبەگ خوتەنگە بېسىپ كېلىپ ھەزرەت ھاجىم ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن ، خوتەن شەھرىنىڭ قىياپىتىنى يەنە ئۆزگەرتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەنگە قويغان ۋالىيسى نىياز ھېكىم بەگ خەلققە زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق خوتەن شەھەر ئەتراپىدىكى مازار ۋە جامەلەرنى قايتا بىنا قىلدۇردى. ئۇنىڭ مەشھۇرراقلىرى: ئالتۇن مازار، خوجاكالان مازار، ھەزرىتى سۇلتان مازار، كونا شەھەردىكى چوڭ جامە، قۇرغان (ھەربىي گازارمە، ئىدارە) لارنى ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت. خوتەن شەھەر ئىچىدە تۆت چوڭ كۆل كولاتتى، بۇ كۆللەردىن ھازىر بىرسى مەۋجۇت.

ئالتۇن مازار: قەدىمكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار (قاراخانىيلار) دەۋرىدە ئۆلگەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇنى نىياز ھېكىم بەگ ياساتقان. بۇنىڭ ئىچىدە 12 پادىشاھ، 21 شاھزادە، يەتتە نەپەر پادىشا ئاياللىرى، خانىش ۋە ئاغىچىلارنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى.

ھەزرىتى سۇلتان مازار: سەئىدىيە خانلىرىدىن سۇلتانى قىدىرخاننىڭ قەبرىسى ئىدى.

خوجاكالان مازار: خوجا-پادىشاھلاردىن ئىسھاق غوجام ۋە ئەھلى تەرىقەتچىلەردىن مەۋلانە شەمسىددىن غوجامنىڭ خەلپىسى شارى غوجام ۋە خوجاكالانلارنىڭ قەبرىسى ئىدى.

ئەسكەر مازار: ياقۇپبەگ ھەزرىتى ھاجىمنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن 40 نەپەر كىشىنى قۇدۇققا تاشلاپ كۆمگەن جاي بولۇپ، ئۇنى ئەسكەر مازار دەپ ئاتايدۇ.

1865- يىلدىن 1885- يىلغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا داۋام قىلغان ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى مانجۇ ئەمەلدارلىرىدىن زوزۇڭتاڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن تار- مار قىلىنىپ، خوتەن شەھرىگە ئورۇمچىدىكى مانجۇ

ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن چېك دارىن ۋە كۆك دارىنلار ئەمەلدارلار بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەن شەھىرىدە بىر مەزگىل تىنچلىق ۋە ئارامچىلىق ئورنىتىلغانىدى. كېيىن شىنجاڭغا مانجۇ خانلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ياڭ زېڭشىننىڭ خوتەنگە ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىدىن ما دارىن، تەن دوتەي دېگەنلەر كەلگەن. بۇلار كېلىپ خەلق ئۈستىدىكى پارچە- پۇرات ئالۋاڭ- ياساقلارنى تولۇق توختىتىپ، خوتەن خەلقىگە تىجارەت، سانائەت، دىنىي ئېتىقاد، قاتناش ئەركىنلىكىنى ئىلان قىلغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا داۋام قىلغان 17 يىللىق ھاكىمىيىتى، جىن شۇرېننىڭ بەش يىللىق ھاكىمىيىتى جەريانىدا، خەلقلەر سىياسىي جەھەتتىن بىر مەزگىل تىنچلىق كۆرۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم- ئىستىبداتىنى دەھشەتلىك كۈچەيتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق ئەزدى. يەرلىك يۇقىرى تەبىقىلەر بىلەن ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا يول قويىدى ۋە بەلكى ياردەملەشتى. خەلققە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، قاتناش ئەركىنلىكى، مەھكىمە- شەرئەت قاتارلىق دىنىي ھوقۇق- ئىمتىيازلارنى كەڭتاشا بېرىشتەك ھىلىگەر سىياسەت قوللاندى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن دەھشەتلىك ئېزىپ، خەلققە تۆيغۇزماي ئۇلارنىڭ قان- يىلىكىنى شورىدى. مەسىلەن: ھەر بىر ۋىلايەتكە مەخسۇس پۇل چىقىرىپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ پۇلىنى ئۇ ۋىلايەتتە ئۆتمەيدىغان قىلىپ قويىدى. ھەر تەرەپكە قاتنايدىغانلار بۇ پۇلنى ئالدى بىلەن ياڭ زېڭشىڭنىڭ بانكىسىغا تاپشۇرۇپ، مەلۇم پىرسەنت تۆلەپ پۇل ئالماشتۇرىدىغان بولدى. گۇاڭشۈينىڭ 10- يىلى، يەنى 1884- يىلى شىنجاڭ رەسمىي يوسۇندا

ئۆلكە بولۇپ، مەركەزنىڭ تەۋەلىكىگە داخىل بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ 65 يىلغا قەدەر شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئالمىششى بىلەن خوتەندىمۇ ئامبال، دارىن ۋە دوتەي دېيىدىغان ئەمەلدارلار ئالمىشىپ تۇردى. ھەر بىر قېتىم ئەمەلدار ئالماشقاندا خەلقنىڭ پۇل ماللىرىنى، ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى قاپىسىپ كېتىش مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ئىدى. يۈەن داخۇا، ياڭ زىڭشىڭ، جىن شۇرىن، ليۇجىڭتاڭ، يى گۇڭتاۋ، شۇنخۇ، رۇيىڭچى قاتارلىق ئەمەلدارلار خوتەن، قەشقەردە بۇرۇن ئامبال بولسىمۇ، كېيىن دوتەيلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقلەر بۇ ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى چوڭ- كىچىك قوزغىلاڭلارنى كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلار گاھى ھەربىي كۈچ، گاھى ھىيلە- مىكىرلەر بىلەن بېسىقتۇردى. بۇ مەزگىل ئىچىدە خوتەن شەھىرىدە خېلى چوڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. مەسىلەن: چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپيۇن سوقۇشىدىن يېڭىلىپ ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق بىر نەچچە جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈپ چىققان تەڭ ھوقۇقسىزلىق شەرتنامىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە شەھەرلىرىگە، جۈملىدىن خوتەن شەھىرىگىمۇ ئەنجان، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ھىندىستان، كابول تەرەپلەردىن ئەنگلىيە ۋە چاروسىيە مۇھاجىرلىرى تىجارەتچى، ساياھەتچى ۋە باشقا كەسىپلەر نامىدا كۆپلەپ كىرىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ھاۋالىق جايلىرىغا ئۆي- ئىمارەتلەرنى سېلىپ، زاۋۇت- كارخانىلارنى قۇرۇپ، خەلقنى ئېغىر ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئىختىيارى ھالدا ئۆي، يەرلەرنى سېتىۋېلىپ دېھقانلارنى ئەزدى. مەشۇت، يۇڭ، شايى، زىلچا- گىلەم، قوي تېرىسى قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ چەت ئەلگە تارتىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇھاجىرلارنى ئەنجانلىق ۋە كابوللۇق دەپ ئاتايتتى.

ئۇلار ئۆي- قورۇلىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئەنگلىيە ۋە چاروسىيىنىڭ بايراقلىرىنى قاداپ جۇڭگو قانۇنىغا بويسۇنماي، جۇڭگو گىراژدانلىرىدىن ئارتۇقراق ھوقۇققا ئىگە بولۇۋېلىپ، خەلقنىڭ شىللىسىگە ئېغىر يۈك بولغان ئىدى. خەلقنىڭ سۇ باشقۇرۇش، زىرائەت ئىگىدارچىلىقىغىمۇ خالىغانچە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك ھوقۇقلىرىنى ئاياغ- ئاستى قىلدى. ئۇ چاغلاردا بۇ چەت ئەللىك مۇھاجىرلار شەھەر ئىچىدىمۇ ھەر خىل تىجارەت ئورۇنلىرى، چوڭ دۇكانلار ۋە سودا پىرمىلىرىنى قۇرۇپ، يەرلىكلەردىن دەللاللارنى ياللاپ، خەلقنىڭ پۈتۈن تىجارەت ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى. مەسىلەن: چاروسىيەدىن كەلگەن خۇدا بەردى ئەرمىنى، غوپۇرجان ھاجى، باباجان باي، كەلكۈن باي، ئەھمەتجان ھاجى، سادىقجان ھاجى قاتارلىقلار؛ ھىندىستاندىن كەلگەن نالىۋاي، خان سايىپخان، مىيان سايىپخان دېگەن ھىندىلار خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزى خالىغانچە زاۋۇت- فابرىكىلارنى قۇرۇپ، خەلقلەرگە ئەرزان ھەق بېرىپ ئىشلىتىپ باي بولغانىدى. بۇلار ئاساسەن مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ بيۇكرات ئەمەلدارلىرىغا يۆلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايە قىلىشى ئاستىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن، بىر مەزگىل خوتەن شەھىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارامگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە يەرلىك خەلق ئىچىدە ئېغىر كەمبەغەللىك يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئېغىر كۈچ —— دىنىي نىقاب ئاستىغا كىرىۋالغان فېئودال روھانىلار، ساختا ئۆلىمالار، ئىشان، خەلىپىلەر خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ناھايىتى كۆپ پەيدا بولۇپ، خەلقنىڭ ئازلا قالغان ئىقتىسادىنى بۇلارمۇ شوراپ تۇراتتى. بەگ، بوجاڭ، گۆرۈكەش ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلىقىمۇ يەنە بىر زۇلۇم ئىدى. بۇنداق زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئامىسى ئېسىتېخىيەلىك ھالەتتە تەرەپ- تەرەپتە

ماجىرالارنى چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنداق شارائىت كەلگۈسىدە شىنجاڭ بويىچە يامرىغان بىر ئومۇمىي قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە شەرت ھازىرلىدى. يەنە مۇشۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دىن ۋە مەدەنىيەت نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان جەدىتىزم مائارىپى شىنجاڭغىمۇ ئېقىپ كىرىپ، خوتەنگىچە يېتىپ كەلدى. مەسىلەن: 1924- يىلى قەشقەر ئاتۇشلۇق ئابدىقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار مائارىپىنى يېڭىلاش، دىنىي- ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى زامان تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. خەلقنى ئاقارتىش دېگەن نام بىلەن تۈركىيەدىن بىر نەچچە نەپەر مۇئەللىم، ئەپەندىلەرنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. بۇلار: ئەھمەت كامال، ئىسمايىل ھەققىي، قاسىم ئەپەندى، ئەھمەت ئەپەندى قاتارلىق 11 نەپەر كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقپەرۋەر ئابدۇقادىر داموللىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتۇشتىكى ئىكساقتا دەسلەپكى زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ھەر قايسى جايلاردىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارغا تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب، خەنزۇ تىلى، روس تىلى قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىتىشنىڭ سىرتىدا تەنتەربىيە، گىمناستىكىمۇ ئۆگىتىلدى. شۇ ۋاقىتتا خوتەنگە مەزكۇر ئەپەندىلەردىن قاسىم ئەپەندى ۋە ئەھمەت ئەپەندىلەر كېلىپ ئالتۇندا بىر زامانىۋى مەكتەپ ئېچىپ، يۇقىرىقى دەرسلىكلەر ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مەكتەپتە خوتەن شەھىرىنىڭ مەشھۇر زىيالىيلىرىدىن مەمتىمىن بۇغرا، ئابدۇكېرىم ھاجى، نىزامىدىن ئەپەندى، ھاجى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇدى. بۇ مەكتەپلەر بىر يىل داۋام قىلماي تۇرۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تارقىتىۋېتىلدى. بۇ ئەپەندىلەرمۇ كەلگەن جايىغا قايتىپ كېتىشتى.

لېكىن، بۇ مەكتەپنىڭ تەسىرى بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىغا ۋە زامانىۋى ئېلىم- پەنلەردىن ۋاقىپ بولۇشىغا، جەدىتىزىمنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەمما، شۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرى ئىچىدىنمۇ بىر قىسىم ياشلار چەت- ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار ھىندىستان، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتەنگە كېلىپ بىر مەزگىل ئۆز ئالدىغا مەكتەپ، مەدرىسلەرنى ئېچىپ دىنىي ۋە پەننىي مەلۇماتلاردىن تەلىم قىلىدى. مەسىلەن: ئۇلاردىن شۇ ۋاقىتتا قايتىپ كەلگەنلەردىن ھەسەن ئاخۇن مەۋلىۋى، ئابدۇللا مەۋلىۋى، مەتنىياز مەۋلىۋى، ھاپىز مەۋلىۋى، ئابدىخېۋىر ھاجى قاتارلىق مەۋلىۋىلەر؛ ئەبەيدۇللا ئەپەندى، يۇسۇپ ئەپەندى، ئىدرىس ئەپەندى، خانى ئەپەندى قاتارلىق مىسىر، تۈركىيەلەردە ئوقۇپ كەلگەن ئەپەندىلەر خوتەندە بىر مەزگىل مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن باشقا چاررۇسىيەدىن كەلگەن ئۆزبېكلەر، ھىندىستاندىن كەلگەن ئابغانلار بولۇپ، خوتەن شەھەر ئىچىدە 200 ئۆيلۈكتەك ئادەم بار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئەۋلادى ھازىرغا قەدەر خوتەن شەھىرىدە بار. شۇ ۋاقىتتا خوتەندە ئەنگلىيە پۇقرالىرى ھېسابلانغان 200 گە يېقىن ئىنگلىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەشھۇرراقلىرى: شاپىسەنخان، ئابدىراخمانخان، نۇرخان، ئاتاخان، مەمەت ئىبراھىم ئاقساقال، سەيدى ئەخمەتخان قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ھازىر خوتەن شەھىرىدە قاگشىرى ئىگىز، كۆپىنچىسى تېۋىپ ۋە دورىگەر بولۇۋالغان كىشىلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى. شۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرىدىكى ئىنگلىز پۇقرالىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەدىردىن خان ئاقساقال ئىسىملىك بىر كىشى خوتەندە ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇل دەيبەنى بولۇپ تۇرغان. ھىندىلاردىن نالىۋاي، راتامباي، گۈلداچىن، ئەنسىراج

دېگەن ھىندى سودىگەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ شەھەر ئىچىدە بىر نەچچە يەردە دۇكانلىرى بار بولۇپ، بۇلار يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن توختام تۈزۈپ، خوتەننىڭ يەرلىك ماللىرىنى، ئاق يۇڭدا ئەتكەن جايناماز، يىپەك، ئۈچەي ۋە باشقا خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ چەت ئەلگە ماڭدۇراتتى. چەت ئەلدىن كۆپىنچە دارىۋال ئەكىلىپ ساتاتتى. خوتەن شەھىرىدىكى بۇ چەت ئەللىك مۇھاجىرلار خوتەن ئەتراپىدىكى گۇجان، تامباغ، نەزەرباغ، شورۋاغ قاتارلىق جايلاردا يەر- زېمىنلارنى سېتىۋېلىپ، باغۇ- ئىمارەتلەرنى قۇرۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئەگەر، بۇ چەت ئەل مۇھاجىرلىرى جىنايەت ئۆتكۈزسە ئۇنى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ھەل قىلالمايتتى. پەقەت ئەنگلىيە كونسۇلى تەرەپتىن ھەل قىلىناتتى.

1924- يىلدىن 1930- يىلغىچە خوتەنگە گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن بولۇپ بىر بۆلەك ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى كېلىپ خوتەننىڭ ئاسارە- ئەتىقىلىرى ۋە تارىخي يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن لوپ، كېرىيە، چىرا، تەكلىماكان چۆللىرىگىچە بېرىپ ناھايىتى نۇرغۇن ئاسارە- ئەتىقە ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا يېقىندىن يار- يۆلەكتە بولغان. بۇ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ مەشھۇرراقى ئەنگلىيەلىك ئاۋرېل ستەيىن دېگەن كىشى بولۇپ، بۇنى يەرلىك خەلقلەر «ئىشتان سايىپ» دەيتتى.

خوتەن خەلقىنىڭ ئەسلىي يەرلىك تىلى، قەدىمكى مىللىي ئۆرپ ئادەتلىرىگە يۇقىرىقىدەك چەت ئەللىكلەرنىڭ تەسىرى خېلى زور بولغان. خوتەن خەلقىدە قەدىمكى شامان دىنىي، مانى دىنىي، نەستورى، بۇددا دىنىي ۋە باشقا دىنىي ئۆرپ- ئادەتلىرىدىن قالغان ئۆرپ- ئادەتلەر، ئۆلۈم- يېتىم، توي- تۆكۈن، زىيابەت، مەشرەپ ۋە باشقا ئويۇن-

تاماشىلارنىڭ ئالاھىدە ئالامەتلىرىنىڭ بەزىسى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

خوتەن شەھرىنىڭ 1885- يىلدىن 1924- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەن- مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن: ياڭ زىڭشىڭنىڭ ھىلىگەرلىك سىياستى ئاستىدا خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى پۈتۈنلەي مەھكىمە شەرئىيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرى ۋە قانۇن، دەۋا ئىشلىرى پۈتۈنلەي مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، شەھەر باشقۇرۇش، قانۇن ئىشلىرى مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى ھەق تەلەپ دەۋالىرى ۋە يەرلىك ماجىرالار يېزا ئەمەلدارلىرى، بەگ- بوجاڭلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. پەقەتلا قاتىللىق ئەنزىسىنى ئامبال ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. مەھكىمە شەرئىي ئالاھىدە بىر يەرلىك ھۆكۈمەت ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى كەڭ ئىدى. مەھكىمە شەرئىنىڭ تۈزۈمى: ھەر بىر ناھىيەدە بىردىن چوڭ قازى بولۇپ، دىنىي ھوقۇق، دىنىي ئىشلار، ۋەخپە، ئەۋقاپ مەسىلىلىرى، مۇدەررىسلەر، ئىماملار، مەسچىت، خانىقالار قازى تەرەپتىن باشقۇرۇلاتتى. قازىنىڭ ئاستىدا ئەلەم بولۇپ، دىنىي مەسىلىلەر، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا مۇپتى بولۇپ، شەرئىيەت قانۇنىغا ئاساسەن پەتىۋا، ھۆكۈمنامە ياراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قازى رەئىس بولۇپ، ئۇ ئاھالىنىڭ دەۋا- دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ھازىرقى بازار باشقۇرۇشنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر نەچچە نەپەر مۇھتەسىپ ۋە شەيخۇلئىسلاملار بولۇپ، ئۇلار ئاھالىنىڭ دىنىي- ئېتىقاد ئىشلىرىنى ۋە

شەرئىيەت ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئىش قىلغان. قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرەتتى ۋە خەلقنىڭ ئەرز- داتلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. يۇقىرىقى دىنىي ئەمەلدارلار ھەپتىدە بىر قېتىم مەھكىمە شەرئىيگە يىغىلىپ دىنىي، ئىجتىمائىي ماجىرالارنى ھەل قىلاتتى، موھتىسىپ ۋە شەيخۇلئىسلاملارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، بازار كۈنلىرى سەپ بولۇپ دەررىلىرىنى كۆتۈرۈپ خەلققە دىنىي تەشۋىق ، ئەمىر- مەرۇپ، نەھى- مۇنكەر قىلاتتى. يەنى يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەشۋىق ئېلىپ باراتتى، يول-رەستىلەردە يۈزى ئوچۇق ئاياللارنى كۆرسە تەزە بىلەن ئۇرغانىنىڭ سىرتىدا، كوشۇكلارغا سېلىپ چوڭ رەستىلەرگە ئېسىپ قوياتتى. پاھىشۋازلىق قىلغان ئەر- ئاياللارنى تاپسا يۈزىگە قارا سۇرتۇپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ بىر نەچچە كۈنگىچە شەھەر رەستىلىرىدە سازايى قىلاتتى. ھەر بىر رەستىگە بارغاندا تەزە بىلەن ئۇرۇپ تۇراتتى. ئوغرىلىق قىلغان، قىمار ئوينىغان، نەشە چەككەن، ھاراق ئىچكەنلەرنى تاپسا ئۇلارنىمۇ تەزىلەيتتى. رەستىلەردىكى ھاراق- تاماكا، نەششە دۇكانلىرىنى ۋەيران قىلاتتى. مۇھتىسىپ، شەيخۇلئىسلاملار بازار ئىچىدىكى كىچىك تىجارەتچىلەر، ناۋاي- قاسساپلارنىڭ كەسپلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالايتتى. كۆپچىلىك ماڭىدىغان رەستىلەر، كىچىك كوچىلارغا ئۆي سېلىۋالغان ياكى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلارنى قاتتىق جازالايتتى. دېمەك مەھكىمە شەرئىي شۇ چاغلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرسى ئىدى. شەھەر — ناھىيە ۋە يېزىلاردىمۇ مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن قويۇلغان نايىپ قازى (ئورۇنباسار قازى) ، نايىپ ئەلەملەر تۇراتتى. ئۇلارمۇ خەلقنىڭ يۇقىرىقىدەك دىنىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەسپلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا دىنىي ساھەدىكىلەردىن دىنىي، مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان مۇددەرىس، مۆتىۋەللى، مۇئەللىم

قاتارلىقلارمۇ ھەر مەھەللىدە بىردىن بولاتتى. ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەن موللىلارنى مەۋلىۋى، تۈركىيە ۋە مىسىردا ئوقۇپ كەلگەنلەرنى ئەپەندىم، قەشقەر ۋە بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەرنى داموللام، خەلپىتىم دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى پەقەت ۋەخپە يەرلەر تەرىپىدىن قامدىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا يېتىشىپ چىققان مەشھۇر دىنىي ئالىم، ئۆلىمالاردىن خوتەن خەلقى ھازىرغا قەدەر ئۇنۇتمىغان يولداش ئاخۇنلۇقۇم، ئىسكەندەر ئاخۇنلۇقۇم، تۇردى غوجا ئاخۇنلۇقۇم، ئىبراھىم قازى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، بۇلار پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىسلام دىنىي تەلىماتىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى، بىلىم ئىقتىدارلىرى ۋە خىزمەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھازىر خوتەن شەھىرىدە بار بولغان ناھايىتى كۆپ ساندىكى دىنىي ئۆلىمالار شۇلارنىڭ تالىپلىرىدۇر. شۇ مەزگىللەردە خوتەن شەھىرىدە مەشھۇر بولغان ئەھلى تەرىقەت، ئىشان ۋە خەلپىلەردىن ئىشان مەنسۇرخان ھاجىم، ئىشان مەمەت سىدىق ھاجىم، مەمەت كېرىم ھاجىم، خۇدۇمبەردى غوجام، ئاتچۇيىدىن نۇرمەھەممەت ئاخۇنلۇقۇم ھاجىم، دۇرۇت ئەيسىراجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، ئەھلى ـ ئەۋلادى قاتارلىقلارغا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر سوپى ئىدى، ئۇلارنىڭ مەسچىت ـ خانىقالىرىدا ھەر ھەپتە ھەلقە ـ سۆھبەتلەر بولۇپ تۇراتتى. موللا، دىنىي ئۆلىما ۋە قارىلارنىڭ ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرگەن تالىپ ۋە قارىلىرى جەمئىيەتتە بىر ھەسسە بولسا، ئىشانلارنىڭ سوپىلىرى ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. ئەزەلدىن تارتىپ دىنىي ئۆلىمالار بىلەن ئىشان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كېلىشمەسلىك مەۋجۇت بولۇپ، گايى چاغدا پەسىيىپ قالاتتى.بۇ ئىككى گورۇھنىڭ زىددىيىتىدىن ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان.

خوتەن شەھىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي پائالىيەتلىرىنى كۆزدىن

كەچۈرگەن ۋە خەلقنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى چۈشەنگەن چەت ئەللىك مۇھاجىرلار، خەلققە ياخشى كۆرۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ، ئوبدانراق پايدا-مەنپەئەت ئېلىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ كونا مەسچىت ۋە مەدرىس-مەكتەپلىرىنى يېڭىلاپ بەرگەن ياكى يېڭىباشتىن رېمونت قىلىپ، ئۇلارغا مۇنارلارنى بېكىتىپ ئۆزى باشلاپ ناماز ئوقۇشقا كىرىشكەن. مەسىلەن: ئەرمىنىستاندىن كەلگەن خۇدا بەردى ئەرمىنى ئەسلي خرىستىئان دىنىدا بولۇپ، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، بېشىدىن سەللە ئاجراتماي يۈرگەن. شەھەر ئىچىدە گۈلباغ، گۈجان دەرۋازىسىنى ۋە چايخانا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى كونا مەسچىتلەرنى يېڭىباشتىن سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھىندىستاندىن كەلگەن ھىندىلاردىن نالىۋاي، راتامباي دېگەنلەرمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. گۆرۈكەش خەنزۇلاردىن بىر نەچچەيلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ كۆپىنچىسى ئابدۇللا، مەمەتئىمىن دېگەن ئىسىملارنى قويۇۋالغان. شۇ مەزگىللەردە خوتەن خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بولۇپ، باغۋەنچىلىككە بولغان ھەۋەسكارلىقى نەتىجىسىدە ھەر بىر ئادەمنىڭ كىچىك باغلىرى بولاتتى. يۇقىرى تەبىقىدىكى بايلار شەھەر ئەتراپىدىكى جايلاردا ناھايىتى چوڭ باغلارنى ياساتقان. مەسىلەن: ھازىرقى گۈلۋاغ، ناۋاغ، تامباغ، شامالباغ، نەزەرباغ قاتارلىقلار. ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقى خوتەن شەھىرىدىكى گۈلۋاغنىڭ ئۈستى ئوڭ تەرىپى مۇلۇك يەر، سول تەرىپى ئالتۇن مازار، خانلىق مەدرىسە، خوجاكالان مازارلىرىنىڭ تېرىلغۇ ۋەخپىسى ئىدى. 1880-يىلى ئۈرۈمچىدىكى مەنچىڭ باش ئەمەلدارى لىيۇ جىنتاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھازىرقى يېڭىشەھەردىكى سېپىلنى سالدۇرغان. سېپىلنىڭ ئىچىگە پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، يامۇل، ئەسكەرخانا، ئاشلىق ساقلىرى جايلاشقان

ۋە بەزى چوڭ خەنزۇ گۆرۆكەشلەرمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى، بۇ سېپىل 15 يىلدا پۈتكەن. سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، يەركەن دەرۋازىسى، كېرىيە دەرۋازىسى، قاراقاش دەرۋازىسى، توساللا دەرۋازىسى دەپ ئاتىلاتتى، سېپىلنىڭ يەركەن دەرۋازىسىدىن تارتىپ گۈلۋاغقچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەرگە شۇ چاغدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولۇۋالغان ئۇيغۇر بەگلەردىن روزى بەگ ھاجى، يۇسۇپبەگ ھاجى، موللىبەگ، باۋۇدۇنبەگ، تۇرسۇنبەگ قاتارلىقلار ئۇردا ۋە سارايلارنى سالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى ئۆكچەك، قىمارۋاز، شوپاڭچىلار ۋە بەزى خەنزۇ جاڭگۈيدىلەر شۇ ئارىلىقلارغا قاتارلاپ ئۆي سېلىۋالغان. بۇ يەرلەر ئەسلى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ۋەخپە بولسىمۇ، ئۆي سېلىۋالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، بەگلەر، گۆرۆكەشلەر ۋە لۆكچەك مۇشتۇمزورلار بولغاچقا، پۇخرالار ئۇلارغا زادىلا گەپ قىلالمىغان. شۇ ۋاقىتتا سېپىل ئىچى بىلەن قوشۇلۇپ گۈلۋاغقچە بولغان ئارىلىقنى ئۇيغۇرلار «يېڭىشەھەر»، خەنزۇلار «خەنچېڭ» (خەنزۇ شەھرى) دەيتتى. گۈلۋاغنىڭ ئاستىنى ئۇيغۇرلار «كونا شەھەر»، خەنزۇلار «خۇيچېڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇ چاغلاردا كونا شەھەردە «دىڭزى» دەيدىغان ئىككى ئورۇن بولۇپ، بۇ ھازىرقى پەيچۇسونىڭ رولىنى ئۆتەيتتى. پەيچۇسونىڭ قارمىقىدا پاششاپ، دورغا دەيدىغانلاردىن بىر نەچچىسى بولۇپ، ئۇلار شەھەرنىڭ كېچىلىكىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى ھەم ئوغرىلارنى باشقۇراتتى. ئۇ چاغدا يېڭىشەھەردە بىر چوڭ تۈرمە بولۇپ، بۇنىڭغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن جىنايەتچىلەر قامىلاتتى. بۇ جىنايەتچىلەرگە ھۆكۈمەت ئاش- نان بەرمەيتتى. بۇلارنىڭ بوينىغا 80 جىڭ ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر تاقاقنى ئېسىپ قوياتتى. بەزىلەرنىڭ پۇتىغا تۆمۈر توپ باغلاپ قوياتتى. بۇلار ئەنە شۇلارنى يۇدۇپ ۋە غولدۇرلۇتۇپ سۆرەپ نان

تىلەيتتى. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەتكە ئەرز-داد قىلغۇچىلارمۇ بوينىغا شال ۋە بورىلارنى كېيىپ، ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا ھازىر بولاتتى. ئامباللار دەۋا سورىغان چاغدا ئۆز ئالدىغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ باش كىيىمنى ئېلىۋېتىپ، يالاڭباشتاق قىلىپ قوياتتى ھەم سوراق جەريانىدا تەن جازاسى بېرەتتى. ئەگەر دەۋاگەرلەر مەسلىسىنى شەرىئەت بويىچە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلسا، مەھكىمە شەرئىيىگە تونۇشتۇرۇپ بېرەتتى. شۇ ۋاقىتىدىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىدىن چىڭدارىن دېگەن ئامبالنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى ھەققىدە خەلق ئاغزىدا نۇرغۇن داستانلار بار. بۇ چىڭ دارىن ئوغرى، قىمارۋاز، ئىجتىمائىي جىنايەتچىلەرنى ئېغىر جازالاپ، يۇرت ئىچىنى تىنچلاندۇرغان. بۇ ئامبال خەلق ئىچىدىكى دىنىي مۆتىۋەرلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىقى، مەھكىمە- شەرئىينى ھىمايە قىلغانلىقى، ھەتتاكى ئۆزى يىراق يېزىلارغا مەسچىت سالغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. چىڭ دارىن شۇ چاغدا ئىككى مەسچىت سالغان ۋە سەيشەنبە بازاردا بىر ئورمانزارلىق بىنا قىلغان، بۇ ئامبال خوتەن شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ يەتتە مەسچىت، يەتتە بۇتخانا سالدۇرغان. ھېيتكا مەسچىتىنى سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى ھېيتكا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چوڭ ئىككى بۇتخانا سالدۇرغان. ئۇ چاغدا خوتەن شەھرىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالە ئۇيغۇرلار، ئاز ساندا خەنزۇلار بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر، ساقچىلىرى كۆپىنچە ئۇيغۇر، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. لېكىن، ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ھېچكىم ئاتىلمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتايتتى، خەنزۇلار «چەنتۇ» دەپ ئاتايتتى. خەنزۇ دېگەن گەپنى ئاتىلمىغان. شۇ ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئاساسىي تىجارىتى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە جاڭگۇيدىلەرنىڭ گۆرۈكەشلىكى بولۇپ، تەرەققىي

قىلغان تىجارىتى دورا پۇرۇشلۇق ۋە دورا دوكانلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. خوتەن تۇپرىقىدىن چىقىدىغان يەرلىك دورا ئەشيالىرى خوتەن شەھرىگە يىغىلىپ چەت ئەللىكلەرگە سېتىلاتتى. ( چەت ئەللىدىنمۇ تەختىبەندانە دېگەن دورىلارنى ئەكىلىپ ساتاتتى ). بۇ دورا ئەشيالىرى كۆپۈنچە خوتەندىن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلاتتى، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەندە مىللىي تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغان، خېلى مەشھۇر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان، مەسىلەن: ھېكىمشا ئاخۇن، مەمەتنىياز ھاجى، دۆلەتيار ھاجى، ئوسمانبەگ، ئەخمەت توختى ھاجى، ئەخمەتھاجى دېگەنلەر چەت ئەللىكلەرگىمۇ تونۇلغان چوڭ ھۆكۈما-تېۋىپلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەھلى ئەۋلادى ۋە يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللىي شىپاخانىلاردا ئاساسلىق خىزمەت قىلماقتا.

ئۇ ۋاقىتتا خوتەندە خانلىق مەدرىس، سۇخەن مەدرىس، ئەنجان مەدرىسى، چاسۇ مەدرىس، گۈلۋاغ مەدرىس ناملىق چوڭ مەدرىسلەر بولۇپ، بۇلاردا كۆپۈنچە ئەرەبچە، پارسچە تىللاردا دەرس ئۆتۈلەتتى. ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىمۇ ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلاتتى. ھىندىستان، ئەرەبستان، مىسىر، تۈركىيە تەرەپلەردە نەشىر قىلىنغان ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە تىللىرىدىكى كىتابلار خوتەنگە كۆپلەپ كېلىپ تۇراتتى. ھازىر بۇنداق كىتابلاردىن نەچچە يۈز مىڭى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ھازىر خوتەن شەھرىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى بىلىدۇ. شۇڭلىدەك شۇ دەۋرلەردە خوتەندە يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شائىرلاردىن يۇرۇڭقاشلىق مۇساھاجىم، شېئىرىيەتتە داڭقى چىققان موللا نىياز شائىر قاتارلىقلار، ناتىقلاردىن داۋۇت موللام (بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن)، تاجىك موللام،

سۇلايمان ھاجىم، ھاشىم قارى، مەمەتنۇر ھاجىلار بولۇپ، ئۇلار ھەر ھەپتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرىدا ۋەز ئېيتاتتى ھەم بۇرۇنقى ئىماملار، پەيغەمبەرلەر، پەھلىۋانلار، غازاتچىلارنىڭ ھېكايە-داستانلىرىنى سۆزلەپ، خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىغا مەدەت بېرەتتى. بۇلارنىڭ بىر نەچچە ئۇنلىغان شاگىرتلىرى بار ئىدى. داڭلىق سازەندىلەردىن ھاشىم ھاجى، مامۇتخان، توختى ھاجى، تۇرسۇننىياز ئاخۇن تەمبۇرچى قاتارلىق يەرلىك سازەندىلەر بار ئىدى.

1911- يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە يېيىلغان ئاغرىق- سىلاق ئاپىتى سەككىز يىلغىچە داۋام قىلغان چوڭ ھادىسە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلانغان، بۇنىڭ باشلىنىشى : كېرىيە بوغاز لەنگەردىن بىر تاغلىق ئادەمنىڭ كېسەل يۇققان بىر داۋغانى ئەكىلىپ سېتىشى بىلەن باشلانغان. دەسلەپتە بوغاز لەنگەردىن باشلىنىپ كېرىيەگە تارالغان. بۇ ئاغرىق — سىلاقتا كېرىيە ناھىيەسىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. ئۇ يەردىن چىرا، لوپ ناھىيەلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. خوتەن ناھىيەسىدىنمۇ 60 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى شۇ چاغدا زىكىر قىلىنغان. ناھايىتى نۇرغۇن ئۆيلەر ئىگىسىز مال-دۇنيالىرى بىلەن قالغان. نۇرغۇن ئادەملەر قېچىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن، بۇ كېسەل بىر ئائىلىدە بىر ئادەمگە يۇقسا 24 سائەت ئىچىدە بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ ھەممىسىگە يۇققان (ئادەم كېسەل يۇققان ھامانلا قىزىپ جۆيلۇلدايدىكەن، ئۇندىن كېيىن جۆيلىيدىكەن، ئۆپكىدىن قارامتۇل قان كېلىدىكەن - دە، شۇئان ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بەزىلەرنىڭ قولتۇقىغا، بوينىغا «تاۋىن» ئىسىملىك، چوڭلۇقى ئالمىدەك بىر دانە قىزىل ئۆسمە چىقىدىكەن. بۇ كېسەلنى ئادەتتە «ۋابا» ياكى «چوما» دەپ ئاتايدۇ).

شۇ ۋاقىتتا بۇ كېسەللەردىن قۇتۇلۇپ ساقايغانلارمۇ بولغان، ئۇلارغا

كۆپىنچە تاۋۇز سۈيى، ئالما، بېيە قاتارلىق مېۋىلەر داۋا بولىدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ رولى خېلى كۆرۈلگەن. بۇ ۋەقە شۇ زاماندا ياۋروپاغىچە ئاڭلانغاندا، ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە قاتارلىق جايلاردىن بىر پىروپىلاكتىكا ئەترىتى (ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى) قەشقەرگىچە كەلگەن بولسىمۇ، خوتەنگە كېلىشتىن قورقۇپ قايتىپ كەتكەن. بۇ ئاغرىق-سىلاق ۋەقەسى ھازىر خوتەندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تارىخ بەلگىسى بولۇپ كۆرسىتىلىدۇ.

1920- يىللىرى ئەتراپىدا خوتەن كونىشەھەر سۇ دەرۋازىسىدىكى ئەنجان سارىيىغا ئوت تۇتۇشۇپ كېتىپ، ئۇنى ئۆچۈرەلمەي ئون كۈن كۆيگەن، خوتەن كونى شەھەر پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەن. قېرى-چۆرى، ئۇششاق بالىلاردىن 60 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. بىر نەچچە يۈز ئائىلە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. بۇمۇ خوتەن شەھىرىنىڭ تارىخى پاجىئە ۋەقەسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى يۈرۈڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئېلچى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ سۇ دەرۋازىسى ۋە گۇجان دەرۋازىلىرىنى سۇ ئاپىتى بېسىپ، خەلقنىڭ ئۆي- ۋاقى، تېرىم يەرلىرىگە زىيان كەلتۈرۈپ تۇراتتى. خەلق ئۈستىدىن يۇقىرىقىدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تەبىئىي بالايى- قازالار داۋاملىق بېسىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خەلقلەر بۇ زۇلۇملارنىڭ كۆپىنچىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋە قارا ھۆكۈمەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى تۆت تەرەپتىن نارازىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

1880- يىلى، خوتەنگە ئىچكىرى تەرەپتىن بىر تۈركۈم خەنزۇ ياشلار پەيدا بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 25، 30 ياش، 40 ياش ئەتراپىدىكى ئادەملەر بولۇپ بېشىغا چاچ قويغان، نوچى كېيىنگەن، ياش،

چاققان يىگىتلەر ئىدى، كىچىك قوراللىرى بار ئىدى، بېلىگە خەنجەر ئېسىۋالغان. كۆپ ۋاقىتلاردا بېشىغا قارا رەختتەك بىر نەرسىنى يۆگىۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى خەلقلەر «قارا سەپەچ» دەپ ئاتىغان. بۇ ئادەملەر خوتەندە ھۆكۈمەت ئادەملىرىگە (ئەمەلدارلىرىگە) ئارىلاشماي خەلققە ئارىلىشىپ يۈرگەن. خەلق بۇلارنى دەسلەپتە «بىزنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلغىلى خان ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىكەن» دەپ ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار كېيىنچە خەلق ئۈيلىغاندەك چىقماي لۈكچەك، قىمارۋازلىقنى ئەۋج ئالدۇرغان يامان ئادەملەر بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇلارنى يامان كۆرۈپ قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مەنچىڭ خانلىقىغا قارشى قۇرۇلغان بىر خىل دىنىي تەشكىلات بولۇپ، مەنچىڭ خانلىقىدىن زۇلۇم كۆرگەن ئىشچى- دېھقانلار ئارىسىدىن چىققان سەرگەردانلارنىڭ بىرلەشمە ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەسمى نامى «گېلاۋخۇي» بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمي 1885- يىلى زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا چىققان ئەسكەرلىرىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ گاھى ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى گاھى ۋاقىتلاردا چەت ئەلدىن جۇڭگوغا كېلىپ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالغان چەت ئەللىكلەرگە، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، چارروسىيە مۇھاجىرلىرىغا قارشى تۇراتتى. گاھىدا دېھقان خەلقلەرگە ۋە سودا- سانائەتچى، تىجارەتچىلەرگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ خەلقنى بۇلاپ- تالايتتى. خەلق بەش- ئالتە يىل بۇلارنىڭ زۇلمىنى تارتتى. ئەمما، بۇ قارا سەپەچلەر خوتەن خەلقى ئۈچۈن بىر خىزمەتمۇ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ بولسا، 1912- يىلى چىرا ناھىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ ئالغان چارروسىيەلىك سودىگەرلەر دېھقانلارنى بوزەك ئېتىپ يەر، سۇلىرىنى

ئىگىلەپ ئالغان ۋاقىتلاردا، قــارا سـەپەچىلەر ئۇ يەردىكــى چەت ئەللىــك ھارامزادىلەرنىــڭ ئۆيلىرىنـــى قورشــىۋېلىپ، يامــانلىرىنى ئۆلتــۈرۈپ، دېھقانلارنى بىر مۇددەت ئۇلارنىڭ ئازاۋىدىن قۇتۇلــدۇردى. شــىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلىرىگە تارقالغان قارا ســەپەچىلەر تەشــكىلاتىنى، ياڭ زېڭشىڭ خۇيزۇلارنى ئۇلارغا قارشى قۇترىتىــپ- قوزغــاپ، خــۇيزۇ قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن بېسىقتۇردى. 1924- يىلى جۇڭخۇا مىنگونىــڭ قۇرۇلغانلىقىنى خوتەندە ئېلان قىلىپ، ئەمەلــدارلارنىڭ كونــا ناملىرىنىــڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. ئەمەل ناملىرىمۇ جاڭ جۇڭ، شىنجىنجاڭ (ۋالىي)، شەنجاڭ (ئامبال) دېگەن ناملارغا ئۆزگەردى. خوتەننىڭ ســىپىل ئىچىگە ياڭ تۇڭلۇڭ ياكى ھاجى تۇڭلۇڭ ئىسىملىك بىر خۇيزۇ ھەربىــي باشــلىق كېلىــپ ئورۇنلاشــتى، ئەمەلــدارلار ۋە بەزى ئەمەل نــاملىرى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، زۇلۇم ئاۋالقىدەكلا كېتىۋەردى. ســۇن جۇڭســەننىڭ رەسىمىنى ئىدارە- جەمئىيەتلەرگە چاپلىــدى، مەكــتەپلەردە ســەنمىنجۇيى تەلىماتى ئېلىپ بېرىلــدى. شــۇنىڭدەك بەزى بىــر يېڭىلىقلارمــۇ ئېــلان قىلىندى. مەسىلەن: يەكشەنبىنى دەم ئېلىش كۈنى قىلىش، ئاياللار يــۈزىنى ئېچىۋېتىپ يۈرۈش، جۈمە، ھېيت-بايراملارنىمۇ يەكشەنبە كــۈنى قىلىــش، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىنى خەنزۇچە شۆتاڭ (مەكتەپ) دا يىغىپ ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا ئۇرۇندى، بــۇ ئىــش خەلــق ئاممىسىنىڭ يەنە بىر قېتىم غەزىپىنى قوزغىدى. بــۇ ھەرىكەتــكە قارشــى تۇرغانلارنى قاتتىق بېسىقتۇردى، مەسىلەن: تــوختى ئاخــۇن دامــوللامنى قامــىدى. مەشــھۇر ئۆلىمــالاردىن مــىزەخمەت ئەپەنــدىمنىڭ ئوغلــى ئاتاۋۇللاخوننى نەق مەيــدانغا ئېلىــپ چىقىــپ ئاتتــى. تــوختى ئاخــۇن دامولامنى تۆمۈر قەپەزگە سېلىپ ئېچكىرىگە ماڭغۇزدى. شۇ مەزگىلــدىكى جىددىيلەشكەن ۋەزىيەتكە قــاراپ خوتەنــدىكى ئەمەلــدارلار ئۇرۇمچــى،

قەشقەرگە تېلېگراممىا يوللاپ ئەسكىرىي كۈچ تەلەپ قىلدى.

## 1933- يىلى 2- ئايدا قاراقاش ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «ئىسلامچىلار قوزغىلىڭى» نىڭ خوتەن شەھىرىگە بېسىپ كەلگەنلىكى ۋە خوتەندىكى ھەرىكەتلەر توغرىسىدا

1933- يىلى خوتەندە يۈز بەرگەن «ئىسلام قوزغىلىڭى» دېگەن ۋەقە بىر يېرىم داۋام قىلغان تارىخىي ھادىسە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشغالىيىتى ۋە تەسىرى پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنى قاپلىغانىنىڭ سىرتىدا يەركەن، يېڭىسار، قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان. بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈش جەريانى ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسى ھازىر خوتەن شەھىرىدە ياشاۋاتقان يېشى 60 تىن ئاشقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەس- خاتىرىسىدە تېخى بار. قوزغىلاڭنىڭ تەپسىلىي جەريانى بىلەن تونۇشۇش، ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي شارائىت، شۇنداقلا باشقا ئىچكى، تاشقى سەۋەبلەردىن ۋاقىپ بولۇش، شەھىرىمىز خوتەننىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇنىڭ قالدۇرغان تەسىرىنى، چۈشىنىش ئۈچۈن مۇھىم بولغان شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ كۆتۈلمىگەندە يۈز بېرىشى ۋە بىر نەچچە كۈن ياكى بىر ھەپتە ئىچىدىلا پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە كېڭىيىپ كېتىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا دېھقانلار ئاممىسى ۋە شەھەر- يېزا ئاھالىسىنىڭ كاللەك كۆتۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىپ كېتىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ ۋەقە ھەرگىز تەساددىپىي ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ھادىسە ئەمەس ئىدى. پەقەت بىر نەچچە نەپەر شەخسنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ۋەقە، ياكى مەلۇم نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ دىنىي تەسىرىدىن ۋە ياكى خەلقنىڭ دىنىي

ھېسپاتى بىلەنلا قوزغالغان ۋەقە بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ھەم خېلى ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى جەمئىيەتتە داۋام قىلىپ كەلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي زۇلۇم ۋە ئىستىبداتنىڭ ھەددىن ئېشىپ كېتىشى قاتارلىق ئامىللارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بەزىسى يۇقىرىدا سۆزلەندى، تەپسىلىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

1885- يىلى دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن خوتەن،قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، قارا شەھەر، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق بىر نەچچە ۋىلايەتلەردە 14 يىل داۋام قىلغان ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى مەنچىڭ خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى زو زۇڭتاڭ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭىباشتىن شىنجاڭ بولۇپ ۋەتەن قوينىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ خەلقى يەنە 40 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك قول چوماقلىرى بولغان ۋاڭ، گۇڭ، ئامبال، دارىنلار ۋە بەگ، دوغىلىرىنىڭ شۇنىڭدەك فېئودالللارنىڭ، چەت ئەللىك ھايانكەشلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن قۇتۇلالمىدى. شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى- كەينىدە تەۋرەپ قالغان مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قالدۇق ھۆكۈمرانلىرى يەنە داخۇ، ياڭ زىڭشىڭ، جىڭ شۇرىن دېگەنلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شىنجاڭ خەلقىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەھشىيانە ئەزدى، مىللىي كەمسىتىش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىك، ھوقۇقسىزلىق ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار «چەنتۇ»، «سىڭكۇ»، «شۇڭ نۇ» دەپ ھاقارەتلەندى، قىرغىز، قازاقلار «تۇفي» دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇق، ئىمتىيازلىرى يەر بىلەن يەكسەن قىلىندى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇقى، دۇنيا پەرەس نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ، پۈتۈن خىيالى ئالتۇن- كۈمۈش

دۇنيا توپىلاپ، تېزراق ئۆز ئائىلىلىرىگە قايتىشقا ئالدىراپ، بۇ ئىشلىرىنى... دۇنيا توپلاپ، تېزراق ئۆز ئائىلىلىرىگە قايتىشقا بىلىش بولدى. ئامبال، دارىنلارنىڭمۇ كۆڭۈلۈك مەشغۇلاتى ئەپيۇن تارتىش، ئەيش- ئىشرەت، كەيپى- ساپا بولۇپ، خەلقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز، بىخاراماندىن يېتىش بولدى. يۇرت ئىشلىرىنى ۋاڭ، گوڭ، بەگ، دوغىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كارى بولمىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە چىرىكلىشىپ، ھەربىي كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى؛ پارىخورلۇق، جازانىخورلۇق، گۆرۆكەشلىك، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى؛ زۇلۇمغا، ناھەقچىلىققا نارازى بولغانلارنىڭ ۋەھشىلەرچە بېسىقتۇرۇلۇشى؛ دىن، مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەرنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، بىر تەرەپتىن ھاشار- مەدىكار، ئەسكەر ئېلىش، باج-خىراجەت، ئالۋاڭ- ياساق ئېلىش، تاياق- توقماقلارنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشى خەلقنى تۇرمۇش ۋە ئىنسانى ھايات جەھەتتە چىدىغۇسىز بىر ئەھۋالغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ھەر قايسى تەرەپلەردىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قارشى جىدەل- ماجىرا چىقىرىش، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغىلى تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدا «بېجىندىكى خان ئاغدۇرۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا سەپەچىلەر چىقىپتۇ، قۇمۇل بۇزۇلۇپتۇ، ئىلىدا سوقۇش بارمىش» دېگەنگە ئوخشاش مىش- مىش گەپلەر خەلق ئارىسىدا قىسمەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جىددىيلىشىپ ئەسكەر تۇتۇش ۋە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىش، چېرىك ۋە ساقچىلىرىنى كۆپەيتىپ خەلقنى كونترول قىلىش، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى موللا- ئاخۇنلاردىن گۇمانلىنىپ ئۇلارنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىق ۋاسىتىلارنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ

كەسكىنلەشتى. دىنىي ساھەدىكىلەر ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. خوتەن ۋىلايىتى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە ئادەم سېزىپ، يېقىندا بىر ئىش پارتلايدىغاندەك ئالامەتلەرنى كۆرۈپ قالدى. جەمئىيەتتىكى مۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوبدانراق سەزگەن ۋە چۈشەنگەنلەر شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي زىيالىيلاردىن قاراقاش ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق مەمتىمىن داموللا ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىلىرى ئابدۇللا، نۇر ئەھمەت مەخسۇم دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار شەھەر كۆرگەن، مەملىكەتنىڭ ئىچكى- تاشقى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغان ۋە خەلق ھېسسىياتىنىڭ قانداق دەرىجىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بايقىغان ئادەملەر ئىدى. بۇلار خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پارچە- پۇرات جېدەل- ماجىرالىرىنى بىر نۇقتىغا توپلاپ، ھەممە قوزغالغان كۈچنى بايراق ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ پۇرسىتى كېلىپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سوقۇش باشلىغانلىقى سەۋەبىدىن شىنجاڭغا كۈچ چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىنىڭ قومۇللۇقلار بىلەن جىددىي سوقۇشتا بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاراشقا ئامالى يوقلۇقىنى، خوتەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۆت نەپەر يەرلىك بايغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، قوراللىق ئەسكەرلەر مىڭغا يەتمەيدىغانلىقى قاتارلىق ياخشى شارائىتنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، خەلقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقتى. زۇلۇمغا چىدىيالمىغان خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ دېھقانلار پالتا، كەتمەن، ئارا، گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. نەتىجىدە بۇ قوزغىلاڭ ئاسانلا

ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چىرىكلەشكەن خوتەن ھۆكۈمىتى شۇنىڭ بىلەن بىراقلا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدۇ. بۇ ۋەقەنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلاش مۇمكىن:

1933- يىل 2- ئاينىڭ 10- كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىدە كۆتۈرۈلگەن «ئىسلامچىلار قوزغىلىڭى» بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتەنگە بېسىپ كېلىپ، بىرىنچى قېتىملىق توقۇنۇشتا «چۇغلۇق ئاتام» دېگەن جايدا سوقۇش قىلىپ، ھۆكۈمەت كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ سېپىلنى قورشىۋالغانىدى. شۇ مەزگىلدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيەلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خوتەنگە كېلىپ خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلغان. قوزغىلاڭچىلار بىرلىشىپ سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشقان ھۆكۈمەت كۈچلىرى بىلەن بىر ئاي داۋام قىلغان جەڭ-ماجىرالاردىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى قورال تاپشۇرۇپ، ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇپ قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولغان. قوزغىلاڭچىلار سېپىل ئىچىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قاراقاش قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن داموللا باش قوماندانلىققا سايلىنىپ، كونا لەقىزىنى «دارىل ئاساكى» دەپ ئات قويۇپ، شۇ يەرگە «ئىمىر ھەزرەت» دېگەن نام قويۇپ، قاراقاشلىق مەمەت نىياز ئەلەم پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىكىگە تەيىنلىنىپ، «ملىك ھەزرەت» دېگەن نام بىلەن ئورۇنلاشقان. قاراقاش، گۇما، كېرىيە، چىرىيە ناھىيەلىرىگە قوزغىلاڭچىلاردىن ھاكىم، ئىمىرالار تەيىنلەنگەن. مەسىلەن: كېرىيە ناھىيەسىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئابدۇغوپۇر ھاجى، سوپى بەگلەر؛ چىرا ناھىيەسىدىن قۇربان نىياز ھاجى، ئابدۇقادىر داموللا؛ لوپ ناھىيەسىدىن مەمەتسىدىق ھاجى، ئابدۇقادىر ھاجىلەر بىر يۈرۈش ئەسكەر باشلىقى، ئىمىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. قاراقاشتىن غولام قادىرخان ھاجى

ئىشان، كېرىيە ناھىيەسىدىن ئەيسا خەلپەم ئىشان، خوتەن ناھىيەسىدىن مەسئۇمخان غوجا ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق سوپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئىسلامچىلارغا قوشۇلغان ۋە سوپىلىرىنى ئەسكەر قىلىپ ئۆزلىرى ئىمىر بولغان. ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى خوتەن ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇللا مەخسۇم، نۇرى ئەخمەت مەخسۇم، سابىت ھاجى داموللا (قاراقاشلىق) ۋە سوبىتوللا مەۋلىۋى باشچىلىقىدا قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، يەكەن، يېڭىسارلارنى ئىشغال قىلىپ قەشقەرگە بېسىپ كىرگەندە، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. ئابدۇللا مەخسۇم (شا مەنسۇر)، نۇرى ئەخمەت مەخسۇم (ئىمىر سايىپ)، سابىت داموللا ھاجىلارنى تۆمۈر سىجاڭ تۇتۇۋېلىپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى پاراكەندە قىلىپ، خوتەننى ئىگىلەش ئۈچۈن ھاپىز لۈيجاڭ، توختى تۇەنجاڭ دېگەنلەرنى بىر بۆلۈك ئەسكەرلەر بىلەن خوتەنگە ماڭدۇرغان. بۇلار خوتەنگە كېلىپ زاۋىغا چۈشكەندە، خوتەندىن ئىمىر ھەزرەت چىقىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۇرگەن. كېيىن خوتەن ئەسكەرلىرى توختى تۇەنجاڭلارنى قوغلاپ سۈرۈپ- توقاي قىلىپ يەكەنگىچە يېتىپ بارغان، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە ماتۇەنجاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شا مەنسۇر، ئىمىر سايىپلارمۇ نەزەربەنتلىكتىن قۇتۇلۇپ يەكەنگە قايتىپ كەلگەن. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى يەنە كۈچلىنىپ ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگىچە بارغان بولسىمۇ، خوجنىياز ھاجى قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ شا مەنسۇر، ئىمىر سايىپلار يېڭىساردا ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن، كېيىن ماجۇڭيىڭلار خوتەنگە بېسىپ كەلگەن.

ئىمىر ھەزرەت ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى زاۋا، پوپۇنا،

لاگىرۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ ئاخىرى يىغىلىپ، 1935- يىلى 8- ئايدا ئۆزىنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى ۋە بىر بۆلۈك ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا قاچقان. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، خوتەننىڭ باشقا ناھىيەلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىپ، ئۈچ يېرىم يىلغىچە قەدەر خوتەندە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇملارنى سالغان. ئىمىر ھەزرەت شۇ قاچقانچە ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا يۈرۈپ، ئۇ يەردىن گومىنداڭنىڭ مەركىزىي چۆچەككە كېلىپ، گومىنداڭ ۋەكىلى بولغان.

## ماخۇسەن خوتەندە

1932- يىلى، چىخەي ۋە سۈجۇ تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان ماجۇڭيىڭ، ئۇرۇمچىدە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى ۋە خوتەن قوشۇنلىرىنى قەشقەر ۋە يېڭىسارلاردا مەغلۇپ قىلىدۇ. كېيىن ماجۇڭيىڭ قەشقەردە قېلىپ، سىڭلىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەننى پۈتۈن ئەسكەرلىرىگە باش قوماندان (شىجاڭ) قىلىپ خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خوتەندە مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى تۇراتتى، بۇلار يەنى ماخۇسەنلەر مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ شامەنسۇر ۋە ئىمىر سايىپ دېگەن ئىككى بىر تۇغقىنىنى يېڭىساردا ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىك بىلەن خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ، ماخۇسەننىڭ مالۇيجاڭ، ئەرلۇيجاڭ دېگەن ئىككى لۈي باشلىقى زاۋادا خوتەن ئەسكەرلىرىگە بىر كېچىدىلا ھۇجۇم قىلىپ، يەتتە يۈزدىن ئارتۇق

ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت ئۆزىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ لاڭرۇ، پوپۇنا دېگەن جايلارغىچە قوغلاپ بارغان ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن بىر مەزگىل ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرى بالا- چاقىسى ۋە بىر بۆلۈك ئادەملىرى بىلەن دۇۋا يولى ئارقىلىق، سانجۇغا چىقىپ ھىندىستانغا قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ما خۇسەننىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

1934- يىلى 8- ئاي مەزگىلىدە، خوتەندە ما خۇسەن ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. ما خۇسەننىڭ شۇ چاغدىكى ئەسكەر باشلىقى مالۇيجاڭ، ئەرلۇيجاڭ دېگەنلەر8- ئاينىڭ 23- كۈنى خوتەن شەھرىگە كىرگەندە، خوتەن شەھرىنىڭ ۋالىيسى بولغان مىلىك ھەزرەت ۋە ئەلەم، مۇپتىلار خوتەن شەھرىنىڭ بىر بۆلۈك دىنىي ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ.

ما خۇسەننىڭ ۋاقتىدا (1934- يىل 8- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 1937- يىل 9- ئاينىڭ 9- كۈنىگىچە) خوتەن رايونى ما خۇسەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، شۇ چاغدا قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق توققۇز ناھىيە خوتەنگە قارايتتى (نىيە ئۇ چاغدا ناھىيە ئەمەس ئىدى). ما خۇسەننىڭ خوتۇنى ماجۇڭيىڭنىڭ سىڭلىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ما خۇسەن خوتەنگە كېلىپ ئۆزىنى ئۆتمەيلا كەينى- كەينىدىن يەتتە لۈي ئەسكىرى كېلىدۇ. ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى خوتەندە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قاغىلىقتىن چەرچەنگىچە ئۆز ئەسكىرىي قىسمىنى تۇرغۇزغان، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-سېلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن. ماخۇسەن خوتەن رايونىدا سەككىز ھەربىي باشقارما قۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىقىغا ئىشەنچىلىك، يېقىن-يورۇق كىشىلىرىنى قويىدى. خوتەننىڭ

سابىق ۋالىيسى مىلىك ھەزرەتنى خوتەن ۋىلايىتىگە شىنجىنجاڭ (ئومۇمىي ۋالىي) قىلىپ قويىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ خوتەندە قالغان تۇغقانلىرىدىن ئابدۇكېرەم ھاجىنى تۇتۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىققاندا، مۇسۇلمان بولغان خەنزۇلار (يېڭى مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەي قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن بۇ ئادەم تۈرمىدىن قېچىپ قۇتۇلدى.

ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى سەككىز باشقارمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى
2. ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى
3. ھەربىي قانۇن باشقارمىسى
4. مەھرەملەر باشقارمىسى
5. سىياسىي تەلىم-تەربىيە باشقارمىسى
6. ھەربىي ئات- ئۇلاغ باشقارمىسى
7. ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى
8. مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى

ماخۇسەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەربىي تۈزۈمنى ناھايىتى چىڭ تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھاكىمىيەتنى چىڭ تۇتقان. بۇنىڭ ئەسكىرىي قىسمى ئىچىدە پىيادە قىسىم، توپچىلار قىسمى، مىلتىقلىق قىسىم، ئاتلىق قىسىم، قىلىچ- نەيزە قىسىم قاتارلىق مۇنتىزىم بىر قانچە تۈر بويىچە ھەربىي قىسمى بولغان. شۇنداقلا خوتەن شەھرىدە ئۆزى بىلەن بىللە ئاساسلىق قىسمىنى تۇرغۇزغان. قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، لوپ ھەم كېرىيەدە بىر لۈيدىن ئىككى لۈيگىچە ئەسكەر تۇرغۇزغان. شۇ چاغدا بىر لۈي ئىككى تۈەن، ئىككى باتالىيون،

ئالتە لىيەندىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىر لىيەندە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بىلەن 150 ئەسكىرى بار ئىدى. بىر لۈيدە 1200 دەك ئەسكەر بولۇپ، ما خۇسەننىڭ خوتەن رايونىدا جەمئىي 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر تۈتۈش تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، بۇمۇ خوتەن خەلقىغە بىر بالايى- ئاپەت بولدى. ما خۇسەن ئوغلى بار بولغانلىكى ئائىلىدىن ئوغلىنى زورمۇ- زور ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن، بەرمىگەنلەرنى ئۇرغان، ئاسقان، بۇلاپ-تالاپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن: قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىدىكى جالالىدىن خان غوجىنىڭ ئوغلى 20 ياشلىق ئەبەيدۇللاخان زاۋىنىڭ چەش دېگەن يېرىدە ماخۇسەننىڭ چارلاش ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالغان. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قورقىتىپ مىلتىق چىنىگەندە، 15 چارەك ئالتۇن بەرسەم، ئۆلتۈرمىسەڭلار دەپ يالۋۇرىدۇ. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ماقۇل بولۇپ، خوتەن سىپىل ئىچىگە ئەكىرىپ قاماپ قويىدۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دادىسى جالالىدىن خان خوجا تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 14 چارەك ئالتۇننى تۆلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ما خۇسەن ئالتۇننى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولۇپلا بۇ بالىنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

ماخۇسەننىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، ئەسكەرلەرنى ئۇرۇش، ئاچ قويۇش، قاچقانلارنى ئېتىش قاتارلىق ئىشلار كۆپ ئىدى، بۇنداق تۈزۈمگە چىدىمىغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن بىر بۆلۈكى كېچىسى قوزغىلىپ ئۆزىنىڭ لەنجاڭ، پەيجاڭلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئۇخلاۋاتقاندا چېپىپ تاشلىغان. شۇڭا، ماخۇسەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن مىڭغا يېقىن ئادەمنى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1936- يىلى ما خۇسەننىڭ 20 نەپەر ئەسكىرى قېچىپ تاغ تەرەپكە ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم

چىقىپ تۇتۇپ كەلـگەن. ئۇلاردىـن ئىككىسـى قـاراڭغۇ تاغقـا قېچىـپ قۇتۇلغان، تۇتۇلغانلارنى دەھشەتلىك ئۆلتۈرگەن. ما خۇسەننىڭ خوتەنـدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئومۇمەن ئۈچ يېـرىم يىلغـا قەدەر بولـۇپ، بۇنىڭ خوتەن خەلقىدىن ئۆلتۈرگەن جەمئىي ئادىمى شـۇ چاغـدىكىلەرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا زاۋىدا 1800، خوتەندە ئۆلتۈرگىنى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق، تەۋەككۇل، قاراڭغۇ تاغدا ئۆلتۈرگىنى ئىككى يـۈزدىن ئارتـۇق ئىكەن.

ماخۇسـەن يەرلىـك ئەمەلـدارلارنى —— ھـاكىم، ۋالـىي، رايـون باشلىقلىرىنى شۇ چاغدىكى قارا قورساق بەگلەردىـن قويـۇپ، شـۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەلقنى ئەسكەرلىككە تۇتۇش، كـوچە- كوچىـدىن ئالـۋاڭ ياساق يىغىش ئىشلىرىنى قىلغان. ھەر 100 مو يەرگە بىر چوقا بېشى، 100 ئائىلىگە بىر يۈز بېشى، ئون يۈز بېشىغا بىر دوغـا بەگ، 1000 ئائىـلە بېشىغا بىر چوڭ بەگ قويغان. بۇ ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ قـول ئاسـتىدىكى پۇقرالاردىن بىرەر يېرىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ سـورىمايتتى.بـۇ يەرلىـك ئەمەلدارلار شۇ ۋاقىتتا خەلقتىن يىغىۋالغان ئالتـۇن- كۈمـۈش پـارىلار بىلەن باي بولۇپ كەتكەن. ھەر كۈنى بەگ ۋە دوغا بەگلەرنىڭ قورۇلىرىدا غەلۋە- غوغا، دادو- پەريادلار تۈگـىمەيتتى. ئەسـكەرلىككە يىغىۋالغـان بالىلارنىڭ ئاتـا- ئانىلىـرى يىغـا زارە قىلىشـىۋاتقان، ئالـۋان-سەيسـە بېرەلمىگەنلەرنى ئېسىپ كالتەكلەپ ئۇرۇپ تۇرغان. ناسرەڭ چاپان بىـلەن دەزمال شەپكە كەيگەن ئەسكەرلەر ئادەملەرنى دۇم يـاتقۇزۇپ، كـالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ تۇراتتى. مۇنداق پاجىئەلىك مەنزىرىنى ئېيتىپ تـۈگەتكىلى بولمايدۇ. ما خۇسەن ئۆز ئالدىغا ياغ تىـزا، قەغەز تىزىلارنـى كـۆپلەپ ياساپ چىقىپ، خەلقلەرنىڭ مال- مۈلكىنى مانا شۇنداق ساختا پۇللارغـا تېگىشىۋالاتتى. ما خۇسەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىـدىن

بولۇپ 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر تۇتقان، ئۇلار يېمەك- ئىچمەك، ئۇلاغلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەلقتىن ئالاتتى. ما خۇسەن ئۆزى مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلاتتى. ھەر ھەپتىدە جامەگە جۈمە ئوقۇغىلى باراتتى. ئابدۇنەبى قاراجىمنى ئۆزىگە مەخسۇس ئىمام قىلىۋالغان. بۇنىڭ ئاساسەن خەلقتىن يىغىۋالىدىغىنى ئاشلىق، خام، چەكمەن، ئوت- يىچان، گۈرۈچ، ئارپا، ئات- كالىلاردىن ئىبارەت ئىدى.

خوتەن شەھرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىدىن سەييۈك، تۆمۈرچى، جابدۇغچى قاتارلىقلارنى جىق يىغىپ، ئۇلارنى ھەقسىز ئىشلىتىپ چوڭ مەدرىس-خانىقالارنى كارخانە قىلىۋالغان. ما خۇسەنىڭ ئالۋاڭ- سەيسىلىرىنىڭ تۈرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خەلقلەردىن تەرەپ- تەرەپلەرگە، يەنى كوچا، قەشقەر ۋە باشقا ياقىلارغا ئۆي- ۋاقنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. تاغ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئۇنىڭ زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان تاغ خەلقى قاراڭغۇ تاغنى ئىستىھكام قىلىپ، قاراڭغۇ تاغ ئەتراپىدىكى كۆۋرۈكنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. خەلق ئاقتۇرسۇن موللا دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا قاراڭغۇ تاغنى بىر يىلغا قەدەر ما خۇسەنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ما خۇسەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئىشقا سېلىپ، قاراڭغۇ تاغلىقلارنى سۈلھى قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئەگەر ئۇلار تەسلىم بولسا ئاربىلاشمايمىز، دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارغا ۋەكىل ئەۋەتمىز دېگەن تەشۋىقنى تارقاتقان. بۇ ئىشقا كۆپرەك ئارىلاشقان خوتەننىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن ئېلىخان ئىشان، خىلىل ئاخۇن ھاجى، مەمەت روزى ئاخۇن ھاجى، قۇربانىياز ھاجى گۆش، لوپتىن مەمتىلاجى چوقۇر بولۇپ 20 كىشىدىن ئارتۇق بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قاراڭغۇ تاغقا ماڭدۇرىدۇ. بۇلارنى ئاشكارا

ماگدۇرغاننىڭ سىرتىدا، ما خۇسەن لوپ ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق ئەرلۈيجاڭ ئىسمىلىك بىر ئەسكەر باشلىقىنى ئىككى يۈز نەپەر قورالىق ئەسكەرلىرى بىلەن ناھايىتى مەخپىي ھالدا ۋەكىللەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىدۇ. ۋەكىللەر پىيشىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قاراقىغۇ تاغلىقلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: «بىز سۈلھى ئۈچۈن كەلدۇق، بىزگە يول بېرىڭلار، بىز قاراقىغۇ تاغقا چىقىپ سىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلماقچى» دەپ خەۋەر قىلىدۇ. قاراقىغۇ تاغلىقلار سادىدا، ئاقكۆڭۈل ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ بۇرۇنقى كۆلا كۆۋرۈكنى ئۆز جايىغا سېلىپ قويىدۇ. قاراقىغۇ تاغلىقلار: «خوتەندىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئېيتىشىچە، ماخۇسەن بىزگە قاراقىغۇ تاغنى بېرىدىكەن، تىنچ-ئامان ياشايدىكەنمىز» دېيىشىپ غەپلەتتە تۇرغاندا، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىزدىن بېسىپ كېلىپ ناماز بامداتقا مەسچىتكە توپلاشقان خەلقلەردىن 180 نەپەر ئادەمنى نەق مەيداندا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئاقتۇرسۇن موللا، مەمەتنىياز ئاقچەك، ئىدرىس ھاجى قاتارلىق 13 ئادەمنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قاراقىغۇ تاغ ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، خەلقنى قىستاپ ئالتۇن- كۈمۈش تاپشۇر، دەپ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇششاق بالىلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيلىكلەرنى قىلغان. شۇ چاغدا ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ قاراقىغۇ تاغدىن بۇلاپ كەلگەن چارۋىچىلىرى 16500 قوي، 3500 قوتاز، 680 ئات، 1500 ئېشەك قاتارلىقلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن. خەلقنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئالتۇن 500 سەر، ئاق تەڭگە، كۈمۈش ئون مىڭ سەر بولغان. بۇ پاجىئە قاراقىغۇ تاغدا 20 كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلغان. تۇتۇپ كەلگەن 13 ئادەمنى خوتەندە مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ ئاتقان. غوجا ھامۇت دېگەن

ئادەمنى قاراڭغۇ تاغقا بەگلىككە بەلگىلەپ قويغان.

تەۋەككۇل خەلقىنىڭ ماخۇسەن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى:

1935- يىلى 6- ئايلاردا ما خۇسەننىڭ خوتەن ناھىيە تەۋەككۇلدا توققۇز نەپەر، ئىسلامئاۋاتتا يەتتە نەپەر ئەسكىرى بولۇپ، بۇلار يۇرۇڭقاش دەرياسى ئايرىپ تۇرغان تەۋەككۇل بىلەن ئىسلامئاۋاتتا ما خۇسەننىڭ تۇرلۇك ئالۋاڭ، سەيسىلىرىنى ئېلىشتىن سىرت، تەۋەككۇل ئارقىلىق ئاقسۇ، كۇچا ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بارىدىغان ھەم ئۇ يەردىن كېلىدىغانلارنى تۇتۇش، بۇلاش ئىشلىرىنى قىلاتتى، يەنە ئۇ تەرەپلەردىن كېلىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇداپىيەدە تۇراتتى. ئۇلار پۇقرالارغا ئالۋاڭ قويۇپ دەن ئاشلىقى (بىردەن ئون چارەك)، ئوتۇن، سامان، پىچان قاتارلىق ھەر خىل سېلىقلارنى ۋاقتىدا بەرمىگەنلەرنى بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن سىرت ما خۇسەننىڭ ئۇ يەردىكى شىرىكلىرى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ، ھايۋان قېلىپىغا كىرىپ، پۇقرالارنىڭ خوتۇن، بالا- چاقىلىرىگە زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشلىتىپ ئۆيىدىن ھەيداپ كەتكەن. مەسىلەن: تەۋەككۇلدىكى ئازنا بازارلىق سادىر ئاخۇننىڭ قىزى ئايشىخان، سەۋىردىن ئاخۇننىڭ قىزى سوپىخانلارنى تۇتۇپ كېتىپ، تۆت كۈن ساقلاپ ھەيدىۋەتكەن، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھېلىقى ئاياللار ئېغىر زەخىملىنىپ، كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىخان دېگەن ئايالنى تۇتۇپ كېتىپ، سوپۇرخان راۋاپ دېگەننىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي ساقلىغان، يەنە سەلىمخان دېگەن ئايالنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن. يۇقىرىقىدەك زوراۋانلىقلارنى كۆرگەن تەۋەككۇل خەلقى چىداپ تۇرالماي، «ماخۇسەنلەر قاغىلىقنىڭ بۇ تەرىپىدىلا

بارمىش، بۇلار ھۆكۈمەتمۇ ئەمەس ئوخشايدۇ. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يوقىتىۋەتسەك بۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغىلى بولغىدەك»، دېگەن پىكىرگە كېلىشكەن. بۇ چاغدا، قاراقاش ناھىيەسىدىن ئەخمەت سەردار دېگەن كىشىمۇ ماخۇسەننىڭ زۇلۇمىغا چىداپ بولالماي تەۋەككۇلنىڭ ئۆزىگە قېچىپ بېرىپ تەۋەككۇلنىڭ دەرتمەنلىرىدىن ئىبلى ھاجى، مەمەت چاناق، ساۋۇر بوۋا قاتارلىق ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇلار باشچىلىقىدا جەمئىي 80 نەچچە ئادەم قوزغىلىپ چىقىدۇ. بۇلار ئىچىدىن ئەخمەت سەردار دېگەن كىشى «ئىمىن ھەزرىتىم»، شاكىر كۆك دېگەن كىشى «شا مەنسۇر» بولۇپ ئازنا كېچىسى ما خۇسەننىڭ ئازنا بازاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ئىچىدىن خەي فۇگۇەن، ما فۇگۇەن قاتارلىق ئەڭ جاللات ئەسكەرلىرىنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، قالغان ئەسكەرلىرى قېچىپ كەتكەن. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئازنا بازاردىكى ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بازىسىدا يىرىم كۈن تۇرۇپ، ئاندىن خوتەندىكى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىش ئۈچۈن خوتەن تەرەپكە يولغا چىققان. ئوتتۇرا لەنگەرگە يېتىپ چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن 1000 غا يېقىن دېھقان ئەگىشىپ چىققان. شۇ ئارىلىقتا ئىسلامئاۋاتتا تۇرۇشلۇق ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىن لۇفۇگۇەن ئاتقا مىنىپ تېزدىن خوتەنگە چىقىپ ئاخۇن لۇيجاڭغا: «تەۋەككۇلدا ئوغرى پەيدا بولدى» دەپ مەلۇم قىلغان. لۇيجاڭ تەۋەككۇل تەرەپكە خوجىنىياز ھاجى ئادەم باشلاپ چىقىپتۇ، دەپ ئەر لۇيجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن تەۋەككۇلغا ماڭدۇرغان. خوتەندىن يولغا چىقىپ باش لەنگەر (ھازىرقى تارشىلىق لەنگەر) دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، تەۋەككۇل تەرەپتىن چىققان قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئەرلۇيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقارغان. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا

مىلتىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن. بەزىلىرى يولدا ئۆلگەن، بەزىلىرى كېيىن قايتىپ كەلگەن. قوزغىلاڭچىلار تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، ما خۇسەننىڭ 1000 ـ 1200 گە قەدەر ئاتلىق ئەسكىرى كېچىسى تەۋەككۇلغا يېتىپ بېرىپ، شۇ كېچىدە كەنت ـ كەنتلەرگە تارقىلىپ يۇرت ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە نامى چىققان ئادەملەرنى تېپىپ كېلىپ ئۇلارنى ئېسىپ ئۇرغان. ئۇلار ئېغىر زۇلۇمغا چىدىماي قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى «ئوغرى» دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇ چاغدا تەۋەككۇلغا تارى بەگ دېگەن ئادەم بەگ بولۇپ، ئۇ قانداق ئادەمنى كۆرسىتىپ بەرسە شۇ ئادەملەرنى «ئوغرى» دەپ چېپىپ ئۆلتۈرگەن، ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، تۇتۇلغان ئادەملەردىن 35 كىشىنى ئېلىپ چىقىپ ئازنا بازارنىڭ شەرقىدىكى شورلۇقتا كاتەك كولاپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ئەتىسى يەنە ئادەم ئىزدەپ ھوك دېگەن يەرگە چىقىپ ئىمىن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، بىر خوجۇن ئاق تەڭگىسىنى بۇلاپ ئېلىپ ماڭغاندا قارشىلىق قىلغانلىقتىن، ئىمىن ھاجىمنى يەكشەنبە بازارغا ئېلىپ بېرىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. 34 ئادەم ئىچىدىن مەتتوختى قۇش دېگەن ئادەم چېپىلغان يەردە ئۆلمەي قېلىپ، كېيىن قوپۇپ قېچىپ كەتكەن. ھازىر بۇ كىشى ھايات بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 20 دىن ئارتۇق ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرگەن. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى تەۋەككۇلدا جەمئىي يەتتە كۈن تۇرۇپ، ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق قىلدى. قورقۇپ كەتكەن ئۇششاق باللار ۋە بەزى كىشىلەر چۆل ـ باياۋانلارغا كېتىپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەردىن 36 نەپەرنى تۇتۇپ ئوقرەكتىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە چېتىپ

خوتەنگە ئېلىپ چىقىپ بەزىلەرنىڭ كۆزىنى ئويدى، بەزىلىرىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ما خۇسەن ھۆكۈمىتىنىڭ گۇمران بولۇشى

1936- يىلى شىڭ شىسەي خوتەندىكى ما خۇسەننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتى ئاستىدا، گوما-قاغىلىقتىن تارتىپ چەرچەن- چاقىلىقچە ما خۇسەن باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئارقىمۇ- ئارقا ئالاقە ئەۋەتىدۇ. ما خۇسەن بۇنى دەسلەپتە رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېتتە تۇرۇشلۇق ما خۇسەننىڭ چوڭ باشلىقى ماجۇڭيىڭنىڭ ۋە ماخۇسەننى شىڭ شىسەينىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەملىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە مەجبۇرىي ماقۇل بولدى. شۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي لىيۇ فامىلىلىك بىر خەنزۇنى خوتەنگە شىنجىنجاڭ (ۋالىي) قىلىپ بەلگىلەپ ئەۋەتىدۇ. ما خۇسەن بۇنى قارشى ئېلىپ ئەسلىدىكى شىنجىنجاڭ مەمەتنىياز ئەلەمنى (مىلىك ھەزرەت) ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ مەزكۇرنى تىكلەيدۇ. بۇ ۋەقەدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردىكى ماھمۇت سىجاڭنىڭ قوماندانى ئابدۇنىياز سىلىڭدىن ماخۇسەنگە خەت كېلىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى: «ھازىر ماھمۇت سىجاڭ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ماڭا قويۇپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ھازىر قولۇمدا ئون مىڭدىن ئارتۇق مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكەر بار. شىڭ شىسەيگە ھازىر سوۋېت ياردەم قىلمايدىغان بولدى. چۈنكى سوۋېتنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىچكى ئىنقىلابىغا ئارىلىشىپ شىڭ شىسەيگە ھەربىي ياردەم قىلغانلىقىنى خەلقئارا دۆلەتلەر ئەيىپلىدى. سوۋېت ياردەم كۈچىنى قايتۇرۇپ كەتتى، ھازىر

شىڭ شىسەيىنىڭ بىزگە تاقابىل تۇرغىدەك كۈچى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن دەرھال بىز بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن ئەسكەرلىرىڭ بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلسەڭ، بىز بىرلىكتە شىڭ شىسەيىنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چېكىندۈرەلەيمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ما خۇسەن بۇنىڭغا قوشۇلۇپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچىنى، بولۇپمۇ خوتەندىن تۇتۇۋالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر پىيادە ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە ماڭدۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تاللانغان قوراللىق ئەسكەرلىرىنىمۇ ماڭدۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ چىققان باسمىچىلار باشلىقى يۈزەيلىخان مەخسۇم ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرىگە سەنموجاڭ بولۇپ قەشقەرگە بىللە ماڭىدۇ. ما خۇسەننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەيىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ ئاقسۇ ۋە كۈچاغىچە بارىدۇ، بۇ چاغدا ما خۇسەن ئۆزىمۇ قەشقەرگە بارىدۇ. شۇ چاغدا ئۈشتۇمتۇت نۇرغۇنلىغان ئايروپىلان ۋە تانكىلار ئۈرۈمچى تەرەپتىن پەيدا بولۇپ ماخۇسەن ۋە ئابدۇنىيازنىڭ كۈچاغىچە بارغان ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، سۈرۈپ - توقاي قىلىپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ما خۇسەن قەشقەردىن چېكىنىپ بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرى بىلەن قاغىلىققا قايتىپ ئۇ يەردىن خوتەنگىمۇ كېلەلمەي، بالا- چاقىسىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قاچىدۇ. مىلىك ھەزرەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاچىدۇ. ما خۇسەننىڭ ئۇيغۇر پىيادە قىسىملىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى قىزىل دېگەن جايدىكى تۆزلەڭلىكتە شىڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن رۇس ئەسكەرلىرى ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تار- مار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ما خۇسەننىڭ ئاساسىي كۈچى يىمىرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىسەيىنىڭ ئايروپىلانلىرى ۋە رۇس قىسىملىرى خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، ما

خوسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئۇچرىغان يەردە ئېتىپ تۈگىتىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قىسمى ئاخۇن لۇيجاڭ باشچىلىقىدا دۇڭخۇاڭ يولى بىلەن چىڭخەيگە قايتىپ كېتىدۇ.

1937- يىلى 9- ئايدا خوتەن ۋىلايىتى پۈتۈنلەي شېڭ شىسەينىڭ قارمىقىغا ئۆتىدۇ. شېڭ شىسەيگە سوۋېتتىن ياردەمگە كەلگەن قىرغىز پولكى بىلەن مەۋلانوپ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك رۇس ئەسكەرلەر بىرلىكتە، خوتەن كونا شەھەرنى (ھازىرقى ئاشلىق ئىدارىسىنى) ھەربىي رايون قىلىپ ئورۇنلاشتى ۋە دەرھال خوتەن گۇڭئەنجۈي، چىگرا بەنسچۇنى ئىگىلىدى، ئاندىن قىرغىز پولكىغا «بەنجادۇي» دېگەن ئاتنى قويۇپ، خوتەننىڭ چېگرا رايونلىرىغا باردى ۋە پۈتۈن چېگرا رايونلارنى باشقۇردى. شېڭ شىسەي تەرەپتىن پەن بەينىيەن ئىسىملىك (پەن سىلىڭ) بىر ھەربىي باشلىق ئەسكەرلەر بىلەن سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشتى. ئەمما بۇلار مەۋلانوپنىڭ ئىشىغا زادىلا ئارىلىشالمايتتى، شۇ ۋاقىتلاردا خوتەن گۇڭئەنجۈيگە سوۋېتتىن كەلگەن ئېلزادە ئىسىملىك بىر تاجىك باشلىق بولۇپ كەلدى.

1938- يىلى 4- ئايدىن باشلاپ قولغا ئېلىش ۋە كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش باشلاندى، بىرىنچى قېتىم ئىسلام ۋاقتىدا خىزمەتكە قاتناشقانلارنى قولغا ئالدى. خوتەندىن مەمەتشىرىپ مۇپتى ئاخۇنۇم، ئەمەت ئاخۇن داموللام، ئەبەيدۇللا ھاجىم، يۇسۇپبەگ ھاجىم، ئابدۇخالىق ھاجىم قاتارلىق كىشىلەرنى ۋە باشقا ناھىيەلەردىنمۇ ئاتاقلىق بولغان دىنىي زاتلارنى قولغا ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بايلارنى قولغا ئالدى. خوتەندىن ما خوسەن ۋاقتىدا خىزمەت قىلغانلاردىن قاسىم بەگ پاتاڭ، يۇسۇپبەگ شاما، بورزان نىياز ھاجىم، ئابدىكرىم ھاجىم؛ بايلاردىن موللاخۇن باي، ئابلاجان قارىي ، غوپۇرجان ھاجىم، قادىراخۇن باي، قاراقاشلىق ساقى

ئاخۇن باي قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەۋلانوپ ئالاھىدە مەخسۇس تۈرمىلەرنى ياساپ دەھشەتلىك قىيىن- قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈردى ۋە كۆپىنچىسىنى كېچىسى ماشىنا بىلەن توشۇپ، زاۋزا داۋزا قۇمغا ئاپىرىپ سىم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ پۈتۈن مال- مۈلكى، ئۆي- ۋاقىلىرى مۇسادىرە قىلىندى. ھەتتا چەتتە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە شۇ يىلى ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىلارنىمۇ قولغا ئالدى. مەسىلەن: قاسىم ئەپەندىم، ئابدېغىنى دوختۇر، بارات دوختۇر، ئابلىكىم ھاجى دوختۇر، سىدىقجان قاتارلىقلارنى سىياسىي مەھبۇس قىلىپ سىرلىق تۈرمىلاردا يوقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك گۇڭئەنجۈي ۋە باۋۋېيجۈيلەردە ئىشپىيونلۇق تورىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىن قاتتىق كونترول قىلدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئېغىز- يېرىم ئېغىز گەپ قىلىپ سالغانلار كېچىسى تۇيۇقسىز يوق بولۇپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىنىشلار ھەر كۈنى، ھەر كېچىسى بولۇپ تۇرغاچقا خەلقلەر خاتىرجەم تۇرالمايتتى. ھەممە ئادەمنى ۋەھىمە باسقان، يۈرەكلىك گەپ- سۆز قىلىشالمايدىغان، ئاتا- بالىغا، بالا- ئاتىغا ئىشىنەلمىگەن. دىنىي ساھە ۋە سودا - سانائەت ساھەسىدە ناھايىتى كۆپلىگەن ئادەملەرنى تەھدىت ۋە قورقۇتۇشلار بىلەن ئىشپىيونلۇققا ئىشلەتكەن. يالغان، راست ئىنكاسلارنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا شۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە قاراپلا قولغا ئالاتتى، جاسۇسلارغا قويۇلغان مەخپىي ئىسىملار ۋە سىرلىق بەلگىلىمىلەرمۇ بار ئىدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى خوتەنگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كېلىپ خوتەندە يەرلەشكەن ئۆزبېكلەرنى مەۋلانوپ ئارقىلىق تۇتۇپ يوقاتتى. ھىندىستاندىن كەلگەن ئېنگلىز مۇھاجىرلىرى ۋە

ئۇنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق كونسۇل دەيبەنلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. خەلقنىڭ ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. سودا- تىجارەت ئىشلىرى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خوتەندىكى تىجارەت دەيبەنى «سوۋسىنتورگ» بىلەن بولدى. خوتەندىكى بارلىق سودا- تىجارەتچى سودىگەرلەر «سوۋسىنتورگ» بىلەن دوگۋارلىشىپ يىپەك، يۇڭ، ئەلتىرە قاتارلىقلارنى شۇلار ئارقىلىق مالغا ئالماشتۇراتتى، سوۋسىنتورگنىڭ باش ئىدارىسى خوتەندىكى «دۇڭگۋاڭ كەنتورخانا» ئىدى. ئۇنىڭ تارماق شۆبىلىرى باشقا ناھىيەلەردە تۇراتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوتەندە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەسلەپتە ياخشى ئىشلىرىمۇ بولدى: بولۇپمۇ مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، ناھىيەلەردە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، زامانىۋى مەكتەپلەر ئېچىپ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلقنى ساۋاتلىق قىلىش ئىشلىرىغا كۆپ ئەھمىيەت بەردى. بارلىق يېزا- قىشلاقلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى، مۇئەللىملەر بەلگىلەندى، مۇئەللىملەر ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇردى. كىتاب، گېزىت- ژۇرناللارنى كەڭتاشا نەشر قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئەدەبىي- سەنئەت، مۇزىكا ئىشلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇردى. بىر مەزگىل مائارىپ ساھەسىدە گۈللىنىش بولسىمۇ، كېيىن شېڭ شىسەي بۇ سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مائارىپ ئىشلىرىنى چېكىندۇردى، مۇئەللىملەرنىڭ مائاشىنى قىستى. باشقا جايلاردا ئوقۇپ كەلگەنلەرنى قامىدى. شۇ ۋاقىتتا خوتەندە مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان ۋە گېزىتخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ھاجى ياقۇپ، جاپپار ئەمەت، سەدىردىن قاتارلىق زىيالىيلارنى قولغا ئالدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ تېرورلۇق سىياسىتى خوتەندە بىر نەچچە يىلغا قەدەر داۋام قىلدى.

1944-يىلى، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى سىياسىي ھەرىكەتلىرى جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ شىنجاڭدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ياكى گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ چۈشكەنگە قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ۋۇ جۇڭشىن باشلىق بولۇپ چىقتى. خوتەنگە خادۇئېباڭ ۋالىي بولۇپ كەلدى.

## 11 بېتىمدىن كېيىنكى خوتەندىكى سايلام ۋەقەسى

1946- يىل 1- ئاينىڭ 2- كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، 11 بېتىمنىڭ 1- ماددىسىدىكى: «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك خەلقتىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ» دېگەن ماددىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىگە ئۈرۈمچىدىن سايلام ھەيئىتىنى ماڭدۇرىدۇ. شۇ قاتاردا خوتەنگە مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى سايلام ھەيئىتى 1946- يىلى 11- ئايدا يېتىپ كېلىدۇ (ئىمىن ھەزرەت ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ئىكەن). بۇ سايلام ھەيئىتىنىڭ تەركىبىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئىمىن مەخسۇم، سودا- سانائەتچىلەر ۋەكىلى قاسىمجان دېگەن كىشىلەر بار ئىدى. ئىمىن ھەزرەتنىڭ خوتەندىكى كونا نوپۇزى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قارشى ئېلىش بەك داغدۇغىلىق بولدى. خوتەن، قاراقاش، لوپ ۋە باشقا ناھىيەلەردىن نۇرغۇن ئادەملەر (دىنىي ساھەلەر، دېھقانلار، سودىگەرلەر، مۇئەللىملەر) قاراقاش ۋە زاۋىغىچە ئالدىغا بېرىپ قارشى

ئالدى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ قارشى ئېلىشقا قاتناشتى. ئىمىن ھەزرەت شۇنىڭدىن 14 يىل بۇرۇن خوتەندىكى «ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى»نىڭ باشلىقى بولۇپ نام قازانغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم كۆپ داغدۇغا بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. لېكىن ئىمىن ھەزرەتنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە خۇي پەيلى بۇلارغا باشقىچە كۆرۈنۈپ قالدى. ئىمىن ھەزرەت بۇرۇن ئۇقۇل دىنىي ساھەدىكى ئادەم بولۇپ، بىر نەچچەيىل مەدرىسىدە دىن دەرسى ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى موللا قىلىپ چىقارغان، داۋاملىق بېشىدىن دەستارى چۈشمەيدىغان، تون- مەسە كىيىپ يۈرىدىغان قارا ساقال ئادەم ئىدى. ھەممە ئادەم «داموللام» دەيتتى. بۇ نۆۋەت ئالدىغا چىققان دىنىي ساھەلەردىكىلەر بولمىسۇن، خەلق ئاممىسى بولمىسۇن، كونا بەگلەر، مۇئەللىملەر خىزىر كېلىدىغاندەك قىزغىن ھېسسىيات بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىلگەن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئىمىن ھەزرەت بېشىغا چاچ قويغان، كافكازچە تۇماق، كاستيۇم- بۇرۇلكا كەيگەن، ساقال- بۇرتىنى قىرغان، ئېغىزىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان غەلىتە ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. دىندار خوتەنلىكلەر بۇ ئادەمنىڭ بۇ قىياپىتىدىن «دەھرى (دىنسىز) بولغان ئوخشايدۇ» دەپ گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دىنىي روھانى نوپۇزىغا چوقۇنىدىغان گۇرۇھلارمۇ بىر ئاز يالتايدى. ئىمىن ھەزرەت دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن ئانچە خوشى بولمىغانلىقى، كونا يەرلىك ئەمەلدارلار، بەگلەرگە قارشى تۇرۇپ، ياش زىيالىيلار، مۇئەللىملەر تەرەپتىكىلەرنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ پۇتۇن سايلام، تەشۋىقات ئىشلىرىنى شۇلارغا قاراتقانلىقى ئۈچۈن دىنىي مۇتەئەسسىپلەر، بولۇپمۇ يەرلىك بەگلەر ئۇنىڭ سايلام خىزمىتىگە قاتتىق قارشى چىقتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ياقتۇرمىغان يەرلىك دائىرىلەر، بولۇپمۇ ھەربىيلەر سايلامغا بۇزغۇنچىلىق ۋە

توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن بانا تاپالماي تۇرغان ئىدى. مۇشۇ پەيتتە يۇقىرىقى مۇتەئەسسىپ دىنىي ساھەلەردىن ئەخمەت توختى ئەلەم ۋە ئۇنىڭ قول چۇماقلىرى، بەگلىرىدىن قازى بەگ، ئىمىن بەگ، ھىدايەت بەگ، زىكرىوللا بەگ، تاركا بەگ دېگەنلەر بىرلىشىپ خادۇئىباك ۋە ھەربىيلەرگە: «ئىمىن تىگىجاك بىر مۇنچە ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىشىپ سايلام نىقابى ئاستىدا ‹شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى› قۇرماقچى» دېگەن سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى تېخمۇ بەك چۈچۈتتى. نەتىجىدە ھەربىيلەر، ساقچى دائىرىلىرى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ناھىيەلەردە سايلامغا قارشى تۇرۇش، ھەربىيلەر ۋە ساقچىلار بىرلىكتە ھەربىي ھالەتتە تۇرۇش، ئۇنىڭ ئاكتىپ ئادەملىرىنى تۇتۇش توغرۇلۇق ئالاھىدە كۈچ ئاجرىتىپ ناھىيەدىكى سايلامنى ئېلىپ بارغىلى قويمىدى. خوتەندىكى ھەربىي دائىرىلەردىن 38- پولكنىڭ تۇەنجىگى ۋاڭ تۇەنجاڭ يەكەندىكى شاڭ سىجاڭغا: «خوتەن ۋەزىيىتى جىددىي بولۇپ قالدى. ئۈچ ۋىلايەت سايلامچىلىرى خوتەندە قوزغىلاڭ چىقىرىپ ‹شەرقىي تۈركىستان› قۇرماقچى بولىۋاتىدۇ»، دەپ تېلېگراممىا يوللىدى. يەكەندىن لۈزىخۇي دېگەن بىر ھەربىي باشلىق كېلىپ، پۈتۈن ھەربىيلەرنى جىددىي ھالەتكە تەييار تۇرۇشقا، دەپ سايلام يىغىنلىرىنى قورالىق كۈچلەر بىلەن قامال قىلىشقا باشلىدى. سايلام ھەيئەتلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى — يەنى مەمتىمىن توختى، ئابدۇخالىق ساقى، ئىمىن ئىسلاملارنى قولغا ئېلىپ قىينىدى. ئىمىن ھەزرەت ئورۇنلاشقان ۋالىي مەھكىمىسىنىمۇ گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنلىرى قورشىۋالدى. ئىمىن ھەزرەت باشلىق سايلام ھەيئىتىنى تۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەيتىدە، قەشقەردىن سەيپىدىن ئەزىزى، يەكەندىن بۇرھان شەھىدىلەر كېلىپ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىيلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئابدۇخالىق ساقىنى

قۇتقۇزۇپ، ۋەزىيەتنى شۇ پېتى قويۇپ كەتتى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ساقچىلار، ھەربىي دائىرىلەر تېخىمۇ قۇتراپ، ناھىيە- ناھىيەلەردە سايلام خىزمىتىگە قاتناشقان ئادەملەرنى، بولۇپمۇ زىيالىلارنى تاپقان يەردە ئۇرۇپ- سوقۇپ، قاماپ قىلمىغان زىيانكەشلىكلىرى قالمىدى. «ئىمىن ھەزرەت كوممۇنىست بوپتۇ، دىنسىزلىقنىڭ يولىنى تۇتۇپتۇ، خوتۇنى ئامىنخان ھاجىنىڭ يۈزىنى ئاچتى. بۇلار ئۈچ ۋىلايەت كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۇرتنى بۇزماقچى، دىن، شەرىئەتنى بۇزماقچى، دىنسىز ئەپەندىلەرنى يېنىغا تارتتى، مولللا ئۆلىمالارنى، بەگزادىلەرنى چەتكە قاقتى» دەپ تەشۋىقات تارقىتىپ، «ئىمىننىڭ سايلىمىغا قوشۇلمايمىز» دەپ يۇرۇشتى. دەل شۇ پەيتتە بۇ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن مەمەت ئېلى داموللام، يۈسۈپ سەئىدىلەر ماڭدى. نەتىجىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىلار خوتەننىڭ سايلام مەسىلىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن 1947- يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن ئەيسا، مەسئوت، جالالىدىن بەگ (خەنزۇچە ئىسمى ۋاڭ زىشىڭ بولۇپ، بۇرۇن تۈركىيەدە ئوقۇغان ۋە شۇ چاغدا خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى) لەر بىللە كەلدى. بۇلار ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى قوزغىلىپ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ ھەم 11 بېتىمنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشى ۋە سايلامنىڭ دېموكراتىيە ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى، شۇنداقلا 11 بېتىمنىڭ، سايلامنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئەمەلدار، بەگلەرنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ، شەھەر ئىچى ۋە يېزىلاردىن خەلق تۈركۈم- تۈركۈملەپ كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى،

رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال ئېيتىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن گومىنداڭچىلار، خادۇئىباڭ، ئەخمەت توختى ئەلەم، قازى بەگ، ئىمىن بەگ، خاتىم ھاجى، ئوبۇلقاسىم بەگ قاتارلىقلار دەرھال 38- تۇەن (سېپىل ئىچىدىكى) ھەربىي رايونغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. نەتىجىدە گومىنداڭ ھەربىيلىرى دەرھال توپ- زەمبىرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ شەھەر تەرەپكە، خەلققە قارىتىپ تىكلەپ قويىدۇ. ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ يېزىلاردىن، باشقا ناھىيەلەردىن خوتەنگە ئادەم كىرىشىنى توسايدۇ. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنى قوغدايمىز دەپ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ھەربىيلىرى بىر تەرەپ بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. كونا شەھەر ئاھالىسى ۋە خەلق ئاممىسى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ دەردى- ئەھۋالنى سۆزلەپ تۇرغاندا، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ھەربىيلىرى ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىن سېپىل دەرۋازىسىغىچە بىر تۇتاش پۇقراچە كىيىم بىلەن تۇردى. ئەخمەت توختى ئەلەم، روزى مەمەت، تۇرسۇننىياز ھاجى، قازى بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، زىكىرۇللا بەگ، ھىدايەت بەگلەر بېشىغا سەللە ئوراپ، بىر مۇنچە لۈكچەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرايلى، ئىمىن ھەزرەتكە قارشى تۇرايلى» دەپ شۇئار توۋلىغاندا، كۆپچىلىك خەلق ئۇلارغا بىر يولى ھۇجۇم قىلدى. ئەخمەت توختى ئەلەم، خاتىپ ھاجىنىڭ سەللىلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەمەلدارلارنى قوغلاپ سېپىل دەرۋازىسىغىچە سۈرۈپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال ھەربىيلەر چىقىپ قورال تەڭلەپ، بىسىپ كەلگەن خەلقنى چېكىندۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىلەر كونا شەھەرگە كىرىپ خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ،

بەزى ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئىلھام ۋە تەسەللى بەردى. جاڭ جىجۇڭ شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەخمەت توختى ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇ يەردە مەجلىس ئاچتى. سايلام مەسىلىسىنىڭ كۆپچىلىك پىكرىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى، ئەتىسى چوڭ راۋاقتا يىغىن ئېچىپ كۆپچىلىك ئاممىنىڭ پىكرىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا ئىشلىگىلى چىققان 3000 دىن ئارتۇق ھاشارچىلارنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلارغا بىردىن كالتەك كۆتەرتىپ: «ئىمىن تىڭجاڭنىڭ سايلىمىنى سايلام قىلمايمىز، كوممۇنىستلارغا يول قويمايمىز» دەپ شۇئار توۋلاپ، نامايىش قىلىپ راۋاقتا- يىغىن مەيدانىغا چىقىدۇ. يولدا ئۇچرىغان زىيالىلارنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ماڭىدۇ. جۈملىدىن موھىدىن ھاجىم، ئابلىز خوجاڭ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى قاتتىق ئۇرۇپ زەخىملەندۈرىدۇ. 30 مىڭغا يېقىن ئادەم راۋاقتا - يىغىن مەيدانىغا كېلىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ سۆز قىلىپ: «سايلام مەسىلىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئوت ئەپەندى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ: «ئاۋۋال بۇ قېتىمقى ئىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلامنى توغرا دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار» دېگەندىن كېيىن ھەممە ئادەم بىراقلا قول كۆتۈردى. يېزىدىن كەلگەن خەلق ۋە مەجبۇرىي يىغىپ كەلگەن كالتەك كۆتۈرۈپ چىققانلارمۇ قول كۆتۈردى. «قوشۇلمايمىز دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار» دېگەندە ئەخمەت توختى ئەلەم باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە نەپەر ئادەملا قول كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلاندى. ئەمەلدارلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى. جاڭ جىجۇڭ ۋە ئەخمەتجان قاسىملارمۇ خوتەننىڭ ۋەزىيىتىنى

شۇنداق جىددىي بىر ھالەتتە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. بۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن خوتەندىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، مۇئەللىملەر، زىيالىيلار ئۈستىدىن زۇلۇم، بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بەزىلەرنى ئىشتىن بوشاتتى، بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىگە ھەيدىدى. كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن، قاراقاش، گۇما قاتارلىق ناھىيەلەرگە ئۆز قولچوقلىرىدىن ھاكىم بېكىتتى. مەسىلەن: خوتەنگە روزى مەممەت بەگنى ، لوپقا ۋاڭ جاۋجى دېگەن بىر خەنزۇنى، چىرىغا چوڭ ئاخۇننى، كېرىيەگە ئىسمايىلخاننى، قاراقاشقا مەتقۇربان پازىلنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيەلىك گوڭئەنجۈيلەرگىمۇ ئەڭ ئۇچىغا چىققان جاللاتلاردىن مىزەخمەت بەگ، نى شاۋىن، زىكىروللا بەگ قاتارلىقلارنى بېكىتتى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى بۇلارغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ تۇراتتى. خوتەننىڭ پۈتۈن ناھىيەلىرىدە مۇئەللىم، زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىنىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. 11 بېتىمنى ئىجرا قىلىش تەرەپدارلىرى دەپ گۇمان قىلغان دىنىي ساھەلەر، سودىگەرلەر ساھەسى ۋە يۇرتنىڭ دېمۇكراتچىل كىشىلىرىنىمۇ نازارەت ئاستىغا ئالدى، بەزىلىرىنى قولغا ئېلىشقا سەۋەب تاپالماي تۇرغاندا، ئۈرۈمچىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى دەپلا بىر كېچە ئىچىدە خوتەن ناھىيەسى ۋە باشقا ناھىيەلەردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. قولغا ئېلىش جەريانىدا قارشىلىق كۆرسەتتى دېگەن باھانە بىلەن خوتەندە مۇزىكىچىلىقتا شۆھرەت قازانغان ھوشۇر ئەيسا دېگەن زىيالىنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىدى. بۇ قولغا ئېلىنغانلارنى گومىنداڭنىڭ سېپىل ئىچىدىكى گازارمىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە موللا-ئۆلىمالاردىن، مۇئەللىملەردىن ۋە مۆتىۋەر كىشىلەردىن بار ئىدى. مەسىلەن: خوتەندىن ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مەمەتسالى مۇپتى،

ھاجىم، سادىر ئەلەم ئاخۇنۇم، موھەممەدىن ھاجىم، مەممەت روزى ئاخۇن ھاجىم، قۇربانىياز ھاجىم قاراقاشتىن مەممەت نىياز مەۋلىۋى، روزى مەممەت داموللام، سابىر ھاجى، ھوشۇر ئىمام قاتارلىقلاردىن باشقا مەمتىمىن توختى، رەجەپ يۈسۈپ، ئىمىن تۇرسۇن، مەمتىلى رەجەپ، مىجىت مۇسا قاتارلىق مۇئەللىملەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن سوتلاش ئۈچۈن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن بىر سوت ھەيئىتى تەشكىللەپ، سوراق قىلىشقا باشلىدى. بۇ سوت ھەيئىتى خادۇگباڭ، ھىدايەت بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، ئەخمەت توختى ئەلەم، زىكىروللا بەگ، ۋاڭ جاۋجۈي، نەن شوسەن، لۇگۋاڭرىن قاتارلىق 21 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوراق بەك دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. مەھبۇسلارنى تۆركۈملەرگە بۆلۈپ، تەھدىتلەر سېلىپ، بىردىن- بىردىن سوراقخانىغا ئېلىپ بېرىپ سوراق قىلىدۇ. سوراقنىڭ مەزمۇنى: «بىزگە قارشى ئىمىن بىلەن قۇرغان تەشكىلاتىڭنى سۆزلە، نەچچە ئادەم بىلەن تەشكىل قۇردۇڭ، قورالنى قەيەردىن تاپماقچى بولدۇڭ» دېگەندەك سۇئاللار ئىدى. بۇ سوراقتا ئىقرار قىلمىغانلار دەرھال ياغاچ ئاتقا مىندۈرۈلەتتى ياكى گاڭزىغا بېسىلاتتى ۋە ياكى بېشىنى تۆۋەن قىلىپ پۇتىدىن ئېسىپ قوياتتى. كالتەك بىلەن ئۇراتتى. ئازابقا چىدىمىغانلار، «ۋاي تەشكىلاتىمىز بار، بىزگە سوۋېت ئىتتىپاقى قورال بەرمەكچى بولغان» دېگەندەك يالغان سۆزلەرگە مەجبۇرىي ئىقرار بولاتتى، ئۇلارنى قول قويدۇرۇپ يەكەندىكى باش ھەربىي سوتقا يوللايتتى. ئۇ يەردىن يەنە سوراقچىلار كېلىپ سوت قىلىپ، ئازاپلاش ئىشلىرى تۆت ئايغا قەدەر داۋام قىلدى. گومىنداڭچىلار پۈتۈن خوتەن خەلقى نامىدىن ئۇرۇمچىدىكى سۇڭ زۇڭ سىلىڭغا يالغان شىكايەتنامە يازدۇرۇپ ئەۋەتتى. مەزمۇنى: «خوتەندە قولغا ئېلىنغان مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ بېسىقتۇرۇپ بەرمىسە، خوتەن

تىنجىمايدۇ، بىز رازى بولمايمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ يىلى 11- ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ھەربىيلەردىن خوتەندىكى ئىسيان ئەنزىسنى تەكشۈرىمىز دەپ بىر ھەيئەت كەلدى. بۇلار خوتەندە 20 كۈن تۇرۇش جەريانىدا پۈتۈن ئىشلارنىڭ يالغانلىقى ئاشكارە بولۇپ قالدى. ھەممىسى ئۇرۇپ- سوقۇش، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش بىلەن توقۇپ چىققان توقۇمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچقانداق ماددىي پاكىت بولمىغاچقا، مەھبۇسلاردىن تۆۋەنامە ئېلىپ قويۇپ بەردى. ئەمما بۇ ئەمەلدارلارغا ھېچقانداق گۇناھ ئارتمىدى. بەلكى ئۆز ۋەزىپىسىنى قىلىۋېرىشكە ئىجازەت قىلدى. بۇلار تېخىمۇ كۈرەشلەپ ئىنتىقام ئېلىشۋالدۇق، دەپ زۇلۇم- ستەم، ئەيشى- ئىشرەت، كەيپى ساپا بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە، 1949- يىلى 9- ئاينىڭ 28- كۈنى ئازادلىق خەۋىرى كېلىپ قالدى.

## ئامىنخان ھاجىنىڭ خوتەنگە كېلىشى

ئامىنخان ھاجى ئەسلى خوتەن شەھەر ئىچىلىك بولۇپ، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئايالى. بۇ ئايال 1935- يىلى 8- ئايدا، مەمتىمىن ھەزرەت پوپۇڭدىكى سوقۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن يېڭىلىپ ھىندىستانغا قاچقاندا بىللە قاچقان. 1942- يىلى مەمتىمىن ھەزرەت ھىندىستاندىن جۇڭگوغا كەلگەندە بىللە كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي چۇڭچىڭدا تۇرغان. 1945- يىلى 4- ئايدا خوتەنگە بىر نۆۋەت كېلىپ خوتەندىكى ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىر يىل تۇرۇپ گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى ئەمەلدارلىرى ۋە بەگلەر، باي، پومېشچىكلار بىلەن ئويۇن- تاماشا، نەغمە- مەشرەپ قىلىپ قايتقان. ئۇ «ئۆيۈمگە ئوغرى

كىردى» دەپ يالغاندىن ئوغرىلىق ئەنزىسىنى ياساپ چىقىپ، يالغاندىن زىيان تارتقان بولۇپ خەلقلەردىن ئىئانە توپلاپ قاقتى- سوقتى قىلىپ قايتقان. ئامىنخان ھاجى 1949- يىلى 6- ئايدا يەنە بىر قېتىم كەلگەن. بۇ قېتىم كەلگەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇڭچەنداڭ تەرەپتىن يېڭىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئانىسى، تۇغقانلىرىنى ئېلىپ چەتكە قېچىش تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. باشقىلارغىمۇ چەتكە قېچىشنى تەرغىب قىلغان ھەمدە پاسپورت ئېلىپ بېرىمەن دەپ خەلقتىن نۇرغۇن ئالتۇن- كۈمۈش ۋە پۇل يىغقاندىن تاشقىرى، خوتەندىن بىر نەچچە يۈز پارچە گىلەم، يىپەك رەخت قاتارلىقلارنى ئېلىپ قايتقان(بۇ قېتىم خوتەندە ئىككى ئايدەك تۇرغان). 1949- يىلى 9- ئايدا يەنە بىر كېلىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئانىسى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى ئېلىپ قايتقان، بۇ نۆۋەت كەلگەندە بىر نەچچە ئادەملەرگە پاسپورت ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئىگىسىگە بەرگەن. خوتەندىن چىقىپ قاغىلىقتا كۈتۈپ تۇرغان مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسالار بىلەن چەتكە قاچقان. شۇ قاچقانچە تۈركىيەگە بېرىپ 1966- يىلى ئەنقەردە ئۆلگەن.

## ئازادلىق ھارپىسىدىكى خوتەن

1949- يىلى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يېقىنلاپ كەلگەنلىك خەۋەرلىرىنىڭ خوتەنگە يېتىپ كېلىشى، خوتەندىكى گومىنداڭچىلاردا خەۋپلىك كەيپىيات پەيدا قىلدى. بەزىلەر قېچىشقا ئۇرۇندى ھەم قاچتى. ئامىنخان ھاجىنىڭ 3- قېتىم خوتەنگە ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن كېلىشى، مەمتىمىن ھەزرەت،

ئەيسالارنىڭ بىللە ھىندىستانغا قېچىشى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ئالاقىزادىلىك پەيدا قىلىپ قويدى، بۇرۇن ئىمىن ھەزرەتنى كوممۇنىست تەرەپدارى دەپ ئويلىغانلار ھەيران قالدى. خوتەندىكى گومىنداڭچىلار يەنە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي شەھەر-رەستىلەرگە پوتەي سىلىپ، ساقچى ھەربىي كۈچلىرىنى كۆچەيتىشكە ئۇرۇندى. «گۇڭچەنداڭ يېقىنلىشىپتۇ، پات ئارىدا خوتەنگە كېلىدىكەن، خوتەن ئازاد بولىدىكەن» دېگەن گەپ- سۆزلەرنى قىلغانلارنى تۇتۇپ قامىدى. قازى بەگ، ئىمىن بەگ قاتارلىق گومىنداڭچىلار چەتكە قاچقان بولسىمۇ، چېگرىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلدى. ئەخمەت توختى ئەلەملەر ئۆتۈپ كەتتى. 1949- يىلى 9- ئاينىڭ 26- كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەندىكى ۋالىي روزى مەممەت بەگ، مۇئاۋىن ۋالىي ۋاڭ جاۋجۈيلەر دەرھال ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، گۇڭچەنداڭ تەرەپدارى بولىۋالدى. قاراقاشتىن مەممەت قۇربان پازىل «گۇڭچەنداڭنى قارشى ئالىمىز» دەپ شوئار توۋلاپ چىقتى. خوتەندە بۇرۇنراق قۇرۇلغان ئىلغارلار جەمئىيىتىدىكىلەردىن ئابلىمىت موللايوپ، جاپپار ئەمەتلەر باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «يەن مۇزاكىرە قىلىش جەمئىيىتى» ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ رەسمى ئازاد بولغانلىقى ۋە ئازادلىق ئارمىيەنىڭ كىرىيە يولى بىلەن شەھەرگە يېقىنلىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭچىلار بۇلارنى بىر كېچىدىلا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە پىلان قىلغان، لېكىن ئۇلار ئاڭلاپ قېلىپ باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن. ئاخىرى ۋاڭ جاۋجى، خادۇڭباڭ، نەنشوسەن، تۇرسۇن نىياز ھاجى، قازى بەگ، ئىمىن بەگلەر تەسلىم بولماي چارە قالمىغانلىقىنى سىزىپ، «گۇڭچەنداڭنى قارشى ئالىمىز» دەپ تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئالدىغا ئادەم، تەمنات

ماڭدۇرۇش دېگەن نىقاب ئاستىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. گومىنداڭ ھەربىيلىرىمۇ قۇتراپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر تەرەپتىن خەلقنى بۇلاپ-تالاپ قېچىش ياكى تەسلىم بولۇش خىيالىدا بىئارام بولماقتا ئىدى، كېرىيە ئارقىلىق تىبەت يولى بىلەن قېچىشنىڭمۇ تەييارلىقىنى قىلىپ باقتى.

1949- يىلى 12- ئاينىڭ 21- كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى خوتەنگە يېتىپ كېلىش بىلەن، خوتەندىكى ئىشچى- دېھقانلار، زىيالىيلار قارشى ئېلىشقا چىقتى. ياشلار جەمئىيىتىدىن ئابلىمىت موللايوپ، جاپپار ئەمەتلەر باشچىلىقىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئارمىيەنى قارشى ئالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلۇغ كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە خوتەن ئاسمىنىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلىپ، خوتەن خەلقى تارىختىن بېرى تەشنا بولۇپ كەلگەن ھۆر ئازاد زامانىغا ئېرىشتى.

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»40- ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 98- يىل 3- ئاي 1- نەشرىدىن ئېلىندى

مەمتىمىن توختى

# خوتەن يېقىنقى زامان تارىخىدىن يازمىلار

## كونا جۇڭگودا چەت ئەللىكلەرنىڭ خوتەندىكى بىر قىسىم زوراۋانلىقلىرى

ئازاتلىقتىن بۇيان خوتەندە چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ ئولتۇراقلىششى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېكسپۇلاتاتسىيەسى بەك ئېغىر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېنگلىز (ئەنگلىيە) پۇقراسى دەپ ئاتىۋالغان ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق ۋە ئافغانىستانلىقلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا روسىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم ئۆزبېكلەرمۇ بار ئىدى. ھىندىستانلىقلاردىن خوتەندە ئاران يەتتە ئائىلىلىك بار بولۇپ، بۇلاردىن گاداي باي (ھىندى ئاخۇنى) دېگىنى قاراقاش ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، قالغان ئالتە ئائىلىلىكنىڭ ھەممىسى خوتەن شەھىرىدە ئۆي ـ ماكانلىق بولۇپ ئولتۇراقلاشقاندى (ئۇلار: موللىباي، تالىباي، تارىباي، راتامباي، راكسىيىم باي، نالۇچەمبايلاردىن ئىبارەت). ئۇنىڭدىن باشقا ھىندىستانلىقلار ھەر يىلى سودا ـ سېتىق ئۈچۈن خوتەنگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بەزىلىرى ساياھەت نامى بىلەن كېلىپ تارىخي ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاپ ياكى ئالداپ ئېلىپ كېتەتتى.

ئافغانىستانلىقلار (كابۇللۇقلار) خوتەندە 10چە ئائىلە بولۇپ، ئۇلار خوتەن شەھرىنىڭ قىزىق دەرۋازىسىدىكى «كابول كوچىسى»غا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ نوپۇسى كېيىنكى مەزگىلدە كۆپىيىپ 200گە يەتكەن.

ئۆزبېكلەر روسىيەنىڭ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلىرىنىڭ بۇخارا، تاشكەنت، ئەنجان، سەمەرقەنت، نامەنگەن، قوقان، مەرغىلان، ئوش، قاراقىر، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلىرىدىن سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن كېلىپ، خوتەننىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قىزىق دەرۋازىدىكى ئەنجان كوچىسىدا بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۆزبېكلەر باشقا چەت ئەللىكلەردىن كۆپ سانني تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىش ئەھۋالى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يەرلىك خەلق بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىنىپ، ئۆزئارا چىقىشىپ، ئۆزئارا سودا - سېتىق قىلىشاتتى ھەمدە ئۆي - ماكان، يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ ياكى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلاتتى. يەنە ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىن يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ، مەخسۇس قەبرىستانلىق بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا «مۇساپىر زارەتلىق» دەپ نام بەردى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ شەرق تەرىپىدە). بۇ قەبرىستانلىقتا ئەسلى ئۆزبېكلەرنىلا دەپنە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جوڭگو پۇقرالىرى بىلەن نىكاھلىنىپ تۇغقانلىق قۇيۇقلاشقاندىن كېيىن يەرلىك خەلقلەرنىڭ جەسەتلىرىنىمۇ دەپنە قىلىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەبرىستانلىق خوتەن شەھرىدىكى ئاساسلىق

قەبرىستانلىق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا غوپۇرجان ھاجىم، ئابلاجان ھاجىم قاتارلىق ئۆزبېكلەر خوتەن شەھىرىدە ئىككى مەدرىس، يەتتە مەسچىتنى ناھايىتى كۆركەم قىلىپ ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان.

خوتەندە ئولتۇراقلاشقان چەتئەل پۇقرالىرى ئىچىدە روسىيە پۇقرالىرى بىلەن ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ قەشقەر كونسۇلخانىسىغا ۋاكالىتەن ئىش باشقۇرىدىغان ئەمەلدارى بار ئىدى. ئۇنى «ئاقساقال» دەپ ئاتايتتى. يەنە شۇنداقلا خوتەندىكى 20نەچچە ئائىلىلىك ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ دىپلوماتىك ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان «خانسايىپنىڭ سارىيى» دەپ ئاتايدىغان بىر ئورگىنى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى چايخانا مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇ سارايىنىڭ مەسئۇلى ئافغانىستانلىق بەدىيدىن خان (ئېھتىمال بەدىردىن خان بولسا كېرەك) دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ساراي ياۋرۇپاچە نۇسخىدا ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم ئىدى. سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدە «چاھارباغ» دەپ ئاتالغان كاتتا بىر باغ بولۇپ، ئۇ باغ بۈك - باراقسان، كۆن چۈشمەيدىغان ھاۋالىق ھەم كۆركەم ئىدى. بۇ باغنىڭ يېرىمى ھازىرمۇ بار.

بەدىيدىن خان تۆت ئوغلى بىلەن مۇشۇ قورودا تۇراتتى. بىرىنچى ئوغلى پەيزىمەتخان دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىككىنچى ئوغلى جامالخان دادىسىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ ئەنگلىيە پۇقرالىرىنى باشقۇراتتى. ئۈچىنچى ئوغلى كامالخان چاھارباغدا ئىچىملىك، چېكىملىك بىلەن كەيىپ - ساپا قىلاتتى. تۆتىنچى ئوغلى جالدۇق خان سىرتلاردا كەيىپ - ساپا بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ سانى خوتەندە بەك ئاز بولسىمۇ، لېكىن

كونا جەمئىيەتتە ئۆز پۇقرالىرىمىز بەھرىمەن بولالمايدىغان ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن ئەركىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەركەتلىرىگىمۇ رۇخسەت قىلىناتتى. ئۇلار قايسى دۆلەت ۋە قايسى مىللەتتىن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، خوتەندە خالىغانچە ھەركەت قىلىشقا، يەر - زېمىن سېتىۋېلىشقا، نىكاھلىنىش ۋە يىپەكچىلىك كارخانىلىرىنى قۇرۇش، باشقۇرۇشقا ئەركىن ئىدى. جۇملىدىن خوتەننىڭ يىپەك، تېرە، ئۇچەي، يۇڭ قاتارلىق خام ئەشيالىرىنى خالىغانچە ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كېتەلەيتتى ھەمدە لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسى ۋە تەكلىماكانغا بېرىپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېزىش، سېتىۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە يول قويۇلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەركەتلىرى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. ئۇلارنىڭ چېگرىدىن ئېلىپ كىرگەن ۋە ئېلىپ كەتكەن ماللىرى ئۈچۈن ھەمدە خوتەندە قىلغان تىجارىتى، سېتىۋالغان يەر - زېمىن، ئۆي مۈلۈكلىرى، چارۋا ماللىرى ئۈچۈن ناھايىتى تۆۋەن مىقداردا ئاز قىسىم دۆلەت بېجى تاپشۇرغاندىن باشقا، تاپاۋەت بېجى قاتارلىق يەرلىك باجلارنى تۆلىمەيتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا، سۇ قىس چاغلاردا نۆۋەت كۈتمەيلا خالىغانچە سۇ ئىشلىتەتتى. ئۇلار جىنايەت سادىر قىلسا، قانۇن ئالدىدا جاۋاپكار بولمايتتى. ئەگەر جوڭگو پۇقرالىرى ئۇلارغا دەخلى يەتكۈزسە قاتتىق جازالىناتتى. مەسىلەن: راتامباي دىگەن ھىندىنىڭ ئىككى ئىنىسى بولۇپ، چوڭى 20 ياشتا، كىچىكى ئون نەچچە ياشلاردا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەخمەت بەگ شىجاڭ دىگەن كىشىنىڭ قوروسىغا يېقىن بولۇپ، 1931- يىلى باھار پەسلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەخمەت بەگنىڭ ئۆيىدە يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ، راتامباي ھىندىنىڭ چوڭ ئىنىسى مەزكۇر ئەخمەت بەگنىڭ ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنى گۈلسۈمخانىغا تاجاۋۇز قىلىپ،

ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىشكە ئۇرۇنغاندا، ئايال قارشىلىق كۆرسىتىپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئايالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەھەللە جامائەتلىرىدىن مەمتىمىن مەخسۇم، قادىر ئاخۇن قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ئۇ ھىندىنى ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇ قېچىپ چىقىپ ئۆز ئۆيىدە دورا ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ. ھىندىلار بۇ ۋەقەگە قاتتىق نارازى بولۇپ، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلىغا ئەرز قىلىپ، كونسۇلنى خوتەنگە ئەكەلدۈرىدۇ. كونسۇل خوتەنگە كېلىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى قىستاپ، مەمتىمىن مەخسۇم قاتارلىق 13كىشىنى قامىتىپ قويىدۇ. لېكىن ئون كىشىدىن جەرىمانە ئېلىپ قويۇپ بېرىدۇ. كېيىن مەمتىمىن مەخسۇم، قادىر ئاخۇن، روزى ئاخۇن مۇئەززىن قاتارلىق ئۈچ كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىدۇ. بۇلار 1933- يىلدىكى ئىسلام قوزغىلىڭىدا تۈرمىدىن ئازاد قىلىندى.

يوقىرىقى ۋەقە يۈز بەرگەن يىللاردا مەن 11ياشلاردا بولۇپ (1931- يىلى) ئاتا - ئانام مەزكۇر روزى ئاخۇن مۇئەززىندىن ھال سوراش ئۈچۈن ئىككى دانە چوڭ چىنە تاۋاقتا ئاش بىلەن ئىككى قاچىدا ئۈرۈك قاچىلاپ تۈرسۇن ئاخۇن خارەت، توختى ئاخۇن گۆمەن دېگەن ئىككى ئادەمگە كۆتۈرگۈزۈپ، مېنى بىرگە قوشۇپ ئامبال يامۇلىنىڭ تۈرمىسىگە چىقاردى. بىر تاۋاق ئاش بىلەن ئۈرۈكنى تۈرمە باشلىقىغا تارتۇق قىلدۇق، ئاندىن ئۇ كارۋاتتا يانپاشلاپ ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ، بىر سىقىم ئاچقۇچنى ئېلىپ بىزنى تاختا شوتا بىلەن چۈشىدىغان زىندانغا باشلاپ كىردى. يەر ئاستىدىكى بۇ زىنداننىڭ ئون نەچچە ئېغىز ئۆيلىرى بولۇپ، ئىسسىق ۋە سېسىق زەي پۇرىقى كىشىنى سەسكەندۈرەتتى. روزى ئاخۇن مۇئەززىن بىلەن بىللە «جا تەڭگە ياسىدى» دېگەن جىنايەت بىلەن قامالغان بارى ئاخۇن قارغۇ دېگەن كىشى بىر كامىردا ئىكەن. ئېسىمدە

قىلىشىچە روزى ئاخۇن مۇئەززىننىڭ: «مەن ئەسلىدە بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغانتىم. ناھەق قامىلىپ قالدىم. مېنى بالدۇرراق قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ئەگەر پۇلۇم بولغان بولسا جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتكەن بولاتتىم» دەپ، كۆز يېشى قىلغىنى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئەنگلىيە پۇقرالىرى يەنە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىپ ياشلارنى زەھەرلەش، 25%يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز پۇل تارقىتىپ جازانىخورلۇق قىلىش (بۇنداق پۇل تۆت ئايدا ئۆسۈمى بىلەن دەسمايىسى تەڭ بولۇپ قالىدۇ) بىلەن كەمبەغەل دېھقانلارنى قەرزگە بوغۇپ، ئۇلارنىڭ يەر-زېمىن، ھەتتا سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش قاتارلىق زىيانكەشلىكلەرنى قىلاتتى. مەسىلەن: خانسايىپنىڭ چاھارباغ دىگەن ئوردىسىدا نەشە، ئەپيۇن چېكىدىغان، قىمار ئويناپ ھاراق ئىچىدىغان مەيخانا بار بولۇپ ئۇرغۇن ياشلارنى زەھەرلىگەن، يەنە جەمئىيەت ئەھۋالىدىن ماتىرىيال توپلايتتى.

جازانىخورلۇقنىڭ دېھقانلارغا كەلتۈرگەن بالايى- ئاپىتى ئىنتايىن يامان ئىدى. مەسىلەن: راتامباي دىگەن ھىندى خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزا ئازنە بازاردىن بىر دېھقانغا 50سەر كۈمۈش پۇل قەرز بەرگەن بولۇپ، قەرزنىڭ ئۆسۈمى ئەسلى ئانا پۇلىدىن كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئىككى يىلغىچە بۇ قەرزنى تۆلەپ بولالمىغان. نەتىجىدە بۇ دېھقاننىڭ بىر قىزىنى قەرزگە ھېساپلاپ مەجبۇرىي ئېلىۋالغان. بۇ قىزنى ئۇ ھىندى خانسايىپنىڭ نەۋرىسى غۇلامخانغا خوتۇنلۇققا سېتىپ بەرگەن. غۇلامخان بۇ قىزنى 1938- يىلى ئافغانىستانغا ئېلىپ كەتكەن.

يەنە بىر مىسال: تاربىاي دىگەن ھىندى قاراقاشلىق بىر دېھقانغا قەرز پۇل بېرىپ، ئۇ دېھقانمۇ قەرزنى تۆلەپ بولالمىغاچقا، بىر قىزنى

قەرزگە ھېساپلاپ مەجبۇرىي تارتىۋالغان. بۇ قىزنى مەزكۇر ھىندى ئۆزىگە خوتۇن قىلغان. ئۇ ئايال بۇ ھىندىدىن ئۈچ بالا تۇققان، كېيىن بۇ ئايال بىلەن بالىلارنى ئېلىپ 1938- يىلى ھىندىستانغا كەتكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاياللار ئۆز ۋەتىنىدىن، ئاتا- ئانىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلغان. يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، مەزكۇر تاربىاي ھىندىنىڭ ھېلىقى ئايالى ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەندە(بۇ بالا ئوغۇل) خوتەندە ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ بالىنىڭ جەسىتىنى ھىندى ئۆز ئادىتى بويىچە كۆيدۈرمەكچى بولغان. ئايال قاتتىق نارازى بولۇپ كۆيدۈرۈشكە ئۇنىمىغاندا، ھەممە ھىندىلار يىغىلىپ: «بىز ھىندىلارنىڭ جەسىتىنى يەر قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز كۆمۈپ باقايلى» دەپ ساندۇققا سېلىپ، ئۆي خىزمەتچىسى نىياز ئاكامغا كۆتۈرگۈزۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرەپتىكى تامباغ يېزىسىنىڭ دوڭغاق شاتۇت دىگەن يېرىدىكى قەبرىستانلىققا كۆمۈپ قويغان. لېكىن ھىيلە ئىشلىتىپ، كېچىدە چىقىپ ساندۇقنى ئېچىپ، جەسەتنى سىرتقا ئېلىپ قويغان. ئەتىسى ئايالنى باشلاپ چىقىپ: «مانا كۆرۈڭ، جەسەتنى يەر قوبۇل قىلماپتۇ» دەپ ھىندىلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بويىچە ئىشەندۈرۈپ، قايىل قىلىپ ئۆز ئادىتىچە كۆيدۈرۋەتكەن. ئۇ ئايال يىغا- زارە قىلىپ، ئىلاجىسىز تەسەللى تاپقان.

ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە ئىمتىيازى، جوڭگو پۇقرالىرىنى خالىغانچە ئۆز پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلالايتتى. مەسىلەن: خوتەننىڭ يەرلىك سودىگەرلىرىدىن ئىمىن ھاجىم تەنزىچى، ئىمىن ئاخۇن داكىچى، ئابلاجان قاتارلىق بىر نەچچە كىشىلەرنى ئەنگلىيە پۇقرالىقىغا

قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى 1938- يىلى ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇلاردىن ئابلاجان بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە «مەن ئەزەلدىن جوڭگو پۇقراسى ئىدىم، مەن ئالداندىم، مەن چەت ئەلگە پۇقرا بولمايمەن» دەپ خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز پۇقرالىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەنگىلىيە پۇقرالىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كىشىلەر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى قىلىپ، تاشقى كىيىمىنىڭ سول بېلىكىگە ئەنگىلىيەنىڭ دۆلەت بەلگىسىنى تاقىۋالاتتى ھەمدە ئۆز ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە ئەنگىلىيەنىڭ دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ قوياتتى. بۇنداق ئەنگىلىيە بەلگىسىنى تاقىغان ئادەملەر قەيەرگە بارسا ۋە قانداق جىنايەت ئۆتكۈزسە، ھېچقانداق دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرىمايتتى. ھەتتا جوڭگو پۇقرالىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ۋە ياكى قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مەزكۇر ئەنگىلىيە بايرىقى ئېسىلغان قورۇغا كىرىۋالسا، ئۇنى مەيلى ھۆكۈمەت خادىمى بولسۇن ياكى شەخس بولسۇن، ھېچكىم بۇ ھويلىدىن جىنايەتچىنى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

مەسىلەن: ئۆتەڭ باغدىكى مۇزدوز ئابدۇغېنى ئاخۇن ئوغلى ھۈسىين ئاخۇنلار مەتئۆمەر دىگەننى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار نوپۇزلۇق ئادەم بولغاچقا ئابدۇغېنى ئۇنىڭ قىساس تەلەپ قىلىشىدىن قورقۇپ، ئافغان مىرسايىپخانىنىڭ ئۆيىگە پانا تىلەپ قىلىپ كىرىۋېلىپ، 20نەچچە كۈندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كېيىن يەنە تۇرالماي چەت ۋىلايەتلەرگە قېچىپ كەتكەن.

دىمەك، ئەنگىلىيە پۇقرالىرى ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەر ئۇلارغا ئالدىنىپ جوڭگو پۇقرالىقىدىن ۋاز كېچىپ، ئەنگىلىيە پۇقراسى بولۇشنى ئىختىيار قىلغان.

ئەنگىلىيە پۇقرالىرىنىڭ خوتەندىكى زوراۋانلىقىغا 1937- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ، خوتەندە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلدى.

## خوتەننىڭ يېقىنقى زامان مائارىپى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

خوتەن تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىپلا قالماي مىللىي مەدەنىيەت، ھۈنەر- سەنئەت، تىبابەتچىلىك جەھەتلەردىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلغان جاي. بولۇپمۇ، قەدىمىي يىپەك يولى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەر بىلەن باردى- كەلدى قىلىپ، قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، سودا يوللىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا ھەر جەھەتتىن يۈكسىلىپ گۈللەنگەن. لېكىن، يېقىنقى زامان تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ھەر قايسى ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەر ۋە يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە توسقۇنلىقى تۈپەيلىدىن ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات سەنئەتتە قالاق ھالەتتە قالغان.

1913- يىلدىن 1915- يىلغىچە تۈركىيەلىك ئىسمايىل ھەققى دىگەن

كىشى، خوتەن ئالتۇن مازاردىكى مەدرىستە قۇربان ھاجىم قايماق دېگەن سودىگەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى سىنىپلىق بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، شەھەر ئىچىدىكى يېقىلىقلارنى قوللايدىغان ياشلاردىن 66نەپەر ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان. بۇ مەكتەپنى ئەينى زاماندىكى خوتەننىڭ دىنىي مەھكىمە باشلىقى سۇلايمان ئەلەم: «بۇ مەكتەپ دىنغا قارشى پىتنە- پاسات پەيدا قىلىدىغان جەدىتلار مەكتىپىدۇر، بۇ مەكتەپ كېيىنچە تەرەققى قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ھەركەت قىلىدۇ» دەپ، خوتەننىڭ ھاكىمى شىيې ئامبالغا (1912- يىلدىن 1916- يىلغىچە ھاكىم بولغان) دوكلات قىلىپ مەكتەپنى تارقىتىۋەتكەن ۋە ئوقۇتقۇچى ئىسمايىل ھەقىقنى قوغلىۋەتكەن. ئۇلار خۇراپىلىقنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرنى ئىشقا سېلىپ، جان بېقىشنى كۆزدە تۇتۇپ «خەت يېزىش گۇناھ» دەيتتى. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەيتتى. ياكى ئۆگىنىپ خەت يازغانلارنى كۆرسە ئۇلارنىڭ قولىغا قاتتىق ئۇراتتى. يوقىرىقىدەك خۇراپىي كۆزقاراش ۋە ئادەتلەرگە خوتەندە ئەڭ دەسلەپ مەرىپەتپەرۋەر ئەممەت ھاجىم خاتىمە بەرگەن ئىدى. ئەممەت ھاجىم 1920- يىلى قۇربان ھاجىم قايماقنىڭ ياردىمى بىلەن غوجامكۆلبېشىدا بىر دىنىي مەكتەپ ئاچقان بولۇپ، چوڭ بىر ھويلىنى ئوتتۇرىدىن توسۇپ ئىككىگە بۆلۈپ بىر تەرەپتە ئوغۇل بالىلارنى، بىر تەرەپتە قىز بالىلارنى ئوقۇتقان. بۇ مەكتەپ دىنىي دەرس ئۆتۈش بىلەن ئەرەب يېزىقىدا ئۇيغۇرچە خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ، خوتەندە تۇنجى قېتىم خەت يېزىپ ساۋات چىقىرىشنى يولغا قويغان. لېكىن، ئەخمەت توختى ئەلەم باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپلەر «خەت يېزىش گۇناھ» دەپ ئەممەت ھاجىمغا بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەممەت ھاجىم ئۇلار بىلەن قاتتىق تىركىشىپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. 1933- يىللىرىدىن كېيىن ماخوسەن،

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئوقۇپ ساۋاتلىق بولۇشقا يول قويغاچقا، يېڭى مەزمۇندىكى يەڭنىي مەكتەپلەر ئېچىلدى. مەن ئەنە شۇ پۇرسەت بىلەن ساۋاتلىق بولغانلارنىڭ بىرسىدۇرمەن. 1938- يىلىدىن باشلاپ، خوتەندە ئېچىلغان 1- ، 2- قارار دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇنداقلاردۇر. قىسقىسى، خوتەندە 1938- يىلىدىن بۇرۇن (1935- يىلى ماخوسەن ئاچقان ئىككى سىنىپلىق خەنزۇچە مەكتەپتىن باشقا) ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا بىرمۇ يەڭنى مەكتەپ يوق ئىدى. مەدەنىيەت جەھەتتە گېزىت- ژورنال، كىنو- تىياتىر دېگەنلەردىن ئېغىز ئېچىشقا تېخىمۇ ئورۇن يوق ئىدى.

1933- يىلىدىن بۇرۇن مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇ زاماندىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ۋە تەشكىلىي ئورۇنلار: دوتەي يامۇلى (ۋالى مەھكىمە)، ئامبال يامۇلى (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت)، تۇڭلۇڭ يامۇلى (ھەربى گازارما -- باتالىيون دەرىجىلىك)، باجخانا، پوچتىخانىدىن ئىبارەت ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئىككى سىنىپلىق بىر شۆتاڭ (خەنزۇچە ساۋات چىقىرىش مەكتىپى)دىن باشقا ئىدارە جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرى يوق ئىدى. بولۇپمۇ ماخوسەن خوتەنگە بېسىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتلىق 12 مىڭ ئەسكىرى، سەككىز مىڭ پىيادە ئەسكىرى ۋە ئالۋان-سەيسە ئۈچۈن كارخانىغا يىغىۋالغان 10مىڭدىن ئارتۇق تۈرلۈك ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ جەمئىي 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋە ئاتلارنى بېقىش ئۈچۈن سالغان ئاشلىق، ئالتۇندىن تارتىپ كەپتەر تۇخۇمى، ھەتتا پىتقىچە بولغان 40 نەچچە تۈرلۈك سېلىق ۋە خەلق ئۈستىگە يۈكلەنگەن كۈندىلىك ۋەزىپە خوتەن خەلقىنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن ئىدى (ماخوسەن ھەربى ئاتلىرىنى

داۋالاپ سەمرىتىش ئۈچۈن يۇرتقا پىت ئالۋاڭ قويغان ۋە ئۇنى سەرلەپ، مىسقاللاپ، جىڭلاپ ئالغان). ماخوسەن زەرگەردىن تارتىپ قەغەزچىگە قەدەر بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى يىل بويى سىرتقا چىقارماي ھەقسىز ئىشقا سالاتتى. ئۇلاردىن تۈرلۈك باھانە-سەۋەپلەر بىلەن قۇسۇر تېپىپ قاتتىق ئۇرۇپ، ھەتتا تەتۈر ئېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرۋېتەتتى. ئۇ 14ياشتىن يوقىرى ئوغۇل باللارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەچكە قىزىلار يەر تېرىسا، ئاياللار ھەم تېرىلغۇ قىلىپ ھەم چارۋا بېقىپ، ئوتۇن-سامان ۋە ئاشلىق توشۇپ قەددىنى رۇسلىيالمىغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بەزىلىرى ئۆي- ماكانلىرىنى تاشلاپ تىلەمچىلىك قىلسا، يەنە بەزىلىرى چەت يۇرتلارغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. خەلقنىڭ يەيدىغانغا ئاش-نېنى بولمىغاندىكىن كېپەك، كۆنجۈرە قاتارلىقلارنى يىگەن. ھەتتا ماخوسەن قوشۇنلىرى «پىشمىغان نانكەن» دەپ تاشلىۋەتكەن نانلارنى زاپخوزلار يىغىپ تاغارغا سولاپ سىرتقا ئاچىقىپ خەلقلەرگە ساتقان ئىدى. بىزمۇ ئەنە شۇنداق ناندىن ئېلىپ يىگەن. ئومۇمەن قىلغاندا خەلق ماغدۇرسىزلىنىپ ھالىدىن كەتكەن ۋە تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز زۇلۇم-كۈلپەت ئىچىدە قالغان ئىدى.

1937- يىلى 10- ئاينىڭ باشلىرىدا، شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى ماخوسەن قوشۇنلىرىنى بېسىقتۇرۇپ خوتەن رايۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تازىلاش ئېلىپ بېرىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. 1938- يىلدىن باشلاپ تۈرلۈك ئىدارە- جەمئىيەتلەرنى پەيدىنپەي تەسىس قىلىپ، تەشكىلى ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ ئىش باشلىۋەتتى.

شىڭ شىسەينىڭ ماخوسەن قوشۇنلىرىنى تازىلاشقا قاتناشقان ئەسكەرلىرى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن روس، قىرغىز ئاتلىق

ئەسكەرلەر ۋە تانكا قوشۇنلىرى بولۇپ، 1937- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ قايتىپ كەتتى. مەۋلانوف باشچىلىقىدىكى بىر پولك قىرغىز ئەسكەر ھازىرقى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئورنىدىكى خۇدا بەردى ئەرمىنىنىڭ قوروسىغا ئورۇنلاشتى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلەر سەيزىدا باشچىلىقىدىكى دۆلىتبىيلىك ئەسكەرلەر سېپىل ئىچىدە، يەنى ھازىرقى ھەربىي رايون ئورنىدىكى قوروغا ئورۇنلاشتى. بۇرۇن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن سوۋېت ۋەكىلى بولۇپ كەلگەن جىڭ تېپەيىۋەن (ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم) ھازىرقى ئىقتىسادىي كومىتېت (كونا ۋالىي مەھكىمىسى ئورنىدا) ئورنىدا ۋاقىتلىق مۇۋەققەت ۋالىي بولدى. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئابلاجان قارى ۋالىي بولۇپ ئاران 11كۈن ھوقۇق تۇتالىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، لى فامىلىلىك بىرسى ۋاقىتلىق ۋالىي بولدى. 1938- يىلى 3- ئايدا سىلىڭيۈەن فەن بۇنەن (ئەسلى ئىسمى فەن تۇڭ) قوشۇمچە ۋالىي بولۇپ خىزمەت باشلىۋەتتى.

شەنجاڭلار: دەسلەپتە يۈ فامىلىلىك بىرسى شەنجاڭ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ ئامبال، ئۇنىڭدىن كېيىن غۇلام قادىرخان ھاجىم شەنجاڭ بولدى. ئۇلار بىر- بىرلەپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەسئەت تاھىرۇپ (تاتار) شەنجاڭ بولۇپ ھازىرقى كونا ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى ئورنىدا ئىشقا كىرىشتى.

شىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھىيلىگەرلىك قىلىپ، ئۆز قىياپىتىنى يوشۇرغان ھالدا ئۇستىلىق بىلەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى دەستەك قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيە بىلەن ئىتتىپاق بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان

بولسىمۇ، لېكىن، كېيىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى- بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئىككى قولىنى شىنجاڭدىكى 120مىڭدىن ئارتۇق ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويىدى.

1938- يىلىنىڭ بېشىدا، ئەڭ ئالدى بىلەن خوتەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسىنىڭ ئورنىدىكى سىدىق ھاجىمنىڭ قورۇسىدا ۋىلايەتلىك جىڭساجۇي (ساقچى ئىدارىسى) قۇرۇلدى. ھازىرقى ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا بىيەنۇچۇ (چىگرا خىزمەت باشقارمىسى) قۇرۇلدى. بۇنىڭ باشلىقى تاشكەنتتە ئوقۇغان ئابدۇراخمان ھىدايوف ئىدى. بۇ ئىدارىلار بەكمۇ قورقۇنچلۇق، سىرلىق ئىدى. بىيەنۇچۇ مەخسۇس جاسۇس تەربىيەلەپ چەت مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىپ ماتېرىيال ئىگەللەيدىغان ئورۇن بولۇپ، خوتەندىن نەچچە ئونلىغان ئادەملەرنى چەتكە مەخپىي چىقارغان. ئۇلاردىن ئابدۇقادىر مۇھەممەت (50- يىللاردىن كېيىن ۋىلايەتلىك گوڭئەنچۇغا مۇئاۋىن جۇجاڭ بولغان)، ھاجى توختى، تۇردى روزى قاتارلىق تۆت-بەش كىشى ساق- سالامەت قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىكى چەت ئەلدە تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىنىپ تۈگەشكەن. مەسىلەن: 1941- يىلىنىڭ بېشىدا قاراقاش ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدىكى ئات باققۇچى ھىدايەت ئاخۇن بىلەن ئاشلىق ئامبار كاتىپولى مىرزا ئەخمەت ھاجى دېگەن كىشىلەر بىر كېچىدە غايىپ بولۇپ 1943- يىلى پەيدا بولغاندا، ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇلارنى بىيەنۇچۇغا مەخپىي تۇتۇپ كەلگەن. مىرزا ئەخمەت ھاجى چەت ئەلگە چىقىدىغان 30دىن ئارتۇق ئادەمگە چەتئەل تىلى ئۆگەتكەن. ھىدايەت ئاخۇن بولسا بۇرۇن ئات ھەيدەپ ھىندىستانغا كۆپ بارغاچقا يول بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىستان تەرەپكە بارىدىغانلارغا چېگرادىن مەخپىي ئۆتىدىغان يوللار بىلەن يول باشلىغان ئىكەن. يۇقىرىدىكى ئىككى ئورۇندىن باشقا يەنە بىر خەتەرلىك ئورۇن

—— مەۋلانوف تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بېيەنچادۇي بولۇپ، جىڭساجۇي بىلەن بېيەنچادۇيدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئورۇن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مىڭلىغان خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان دەھشەتلىك قانخورلار ماكانى ئىدى. بۇ ئورۇنلار كىشىلەرنى دائىم كېچىدە مەخپىي تۇتۇپ كېتەتتى ۋە ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ تىرىك چىقمايتتى. ئۇلارنى ۋەھشىيانە قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى كۆرسەتمەي يوق قىلىۋېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق مەۋلانوف تۆەنجاڭ ۋە ساقچىنىڭ سوراقچىلىرىدىن ئېزىز كوجاڭ، ئېلىزادە، ئەيىۇڭ كوجاڭ قاتارلىقلارنى جان ئالغۇچى ئەزرائىلدەك كۆرەتتى. ئۇلار بازار، كوچا-رەستىلەرگە چىقسا ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇرۇپ، دوكانچىلار سۇپىدىن چۈشۈپ تازىم قىلىشىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇلارغا تونۇشلۇق بىرەرسى تازىم قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم شۇ كېچىسى يوقاپ كېتەتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىدى ئائىلىسىگە بېرىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مال- مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ ئائىلىسى ۋەيران بولاتتى. 1946-يىلى 11- ئايدا، 11ماددىلىق بېتىمگە ئاساسەن ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈش ھەركىتى جەريانىدا، ئوبۇلقاسىم بەگ قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەركىپ تاپقان «مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى» تەشكىل قىلىندى. ئېنىقلاشتىن قارىغاندا، شىڭ دەۋرىدە تۈرمىگە تاشلىنىپ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بايلاردىن ۋە دىنىي زاتلاردىن يۈسۈپ بەگ ھاجىم، غوپۇرجان ھاجىم، قۇناجىم قايماق، توختاخۇن باي، ئابلاجان قارى، مىزىكېرىم ھاجى، مەتئابلا ھاجى، تۇرسۇننىياز ھاجى (ئاتچى)، ئىسمايىل ھاجى توڭكاي، قادىر ھاجى، كېرىم بەگ پورپا، مەممەت شېرىپ مۇپتى، ئەممەت مۇپتى، ئىسراپىل داموللا، مەگسۇر دامولا (بۇكىشى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن تىرىك چىقىپ، كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن)، ئابدۇراخمان خەلپە ھاجى، ئابدۇلمجىتخان ھاجى، پاياندى بەگ، شائىر

مەتتۇردى قاسىم قاتارلىقلار بولۇپ 360گە يېتىدۇ. ئىنقىلابىي مۇلۇكلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغىچە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلغان بولۇپ، ئىنقىلابىي ماتېرىياللار ئوبۇلقاسىم بەگنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان.

مەدەنىي- مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا

خوتەننىڭ مەدەنىي- مائارىپى ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئىككى خىل تۈزۈمدىكى ئىككى خىل سىياسەت ۋە ئىككى خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، كونكرېت ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

خوتەنگە 1938- يىلى 3- ئايدىن باشلاپ، بىر بۆلۈك جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى كېلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي تارماقلىرىدا مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، 1943- يىلى 3- ئايغىچە جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىپ ئىشلىدى. ئۇلار ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر- ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە خوتەننىڭ قىياپىتىنى ھەرجەھەتتىن يېڭىلىدى. ئۇلار: ھەربىي رايون سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە ۋالىي فەن بونەن (فەن تۇڭ)، مائارىپ مۇپەتتىشى ماجاۋسۇڭ (مارۇي)، «خوتەن گېزىتى» باش تەھرىرى گۇڭزۇجۇ (ماجۇ)، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن قاراقاش ناھىيەسىگە شەنجاڭ بولغان چىڭ جىشۆي (چىڭ گۋاڭجۇ) ۋە ئۇنىڭ ئايالى ۋاڭ شۇجىن، گوجى يۈەن (گوشەننەن)، تەن گۆي بياۋ (تەن جېگرۇڭ)، شۆي نىڭلەن (شۆي فەندىڭ)، خۇاڭ رۇڭچىڭ (بۇ ئىسىملىكلەر «پارتىيە تۇرمۇشى» ژورنىلى 1986- يىلى 1- سان 56- بەتتە كۆرسىتىلگەن) قاتارلىق يولداشلار بولۇپ، بۇلاردىن ماجاۋسۇڭ 60- يىللاردا خوتەنگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان ئىدى. چىڭ جىشۆي بولسا ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ قاتناش نازارىتىگە

نازىر بولۇپ، 1956- يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك 1938- يىلدىن بۇرۇن خوتەن پەن- مەدەنىيەت جەھەتتە بەكمۇ ئارقىدا قالغان جاي ئىدى. شۇ يىلى قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قول سېلىپ ئىش باشلاپ، ھەرمىللەت مەدەنىي- مائارىپىنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇيۇشما قارمىقىدا باشلانغۇچ پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئوقۇش يېشىدىكى ياش- ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپكە يىغىپ، كۈنىگە ئالتە سائەت، بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. جۈملىدىن «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ 〈ئۇيغۇر ئۇيۇشما〉 دېيىلىدۇ)، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلدى. دەسلەپتە خەنزۇ ئۇيۇشما رەئىسى كاخۇا دوڭ بولۇپ. ئورنى خەلق بانكىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىنادا ئىدى. خۇيزۇ ئۇيۇشما رەئىسى مافوتو بولۇپ، ئورنى ئەلچى مېھمانخانىسىنىڭ غەربىدىكى ئابلاجان ھاجىم قورۇسىدا ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ دەسلەپكى ئورنى چوڭ جامەنىڭ جەنۇبىدىكى كوچا — دوللۇق باينىڭ سارىيىدا بولۇپ، كېيىن ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورنىدىكى قوروغا كۆچكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدىكى يېڭى بىناغا كۆچكەن. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مۇئاۋىن رەئىسى ياقۇپجان (ئۆزبېك) بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەئىسى ئەمەت ھاجىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇراخمان قادىر بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئازاتلىققا قەدەر بولغان رەئىسى تۇرسۇننىياز ھاجى گۆش، مۇئاۋىن رەئىسى قۇربانجان ئابدۇۋېلى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرقايسى ناھىيەلەردە تارماق ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان

بولۇپ، خوتەندىلا ناھىيەلىك ئويۇشما قۇرۇلمىغان. ناھىيەنىڭ مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرىنى ۋىلايەتلىك ئويۇشما بىجىرەتتى. ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتلىرى: كاتىبات بۆلۈم، تەشكىلات بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم، مەدەنىيەت بۆلۈم، مالىيە بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ دەسلەپكى مەسئۇللىرى: كاتىبات بۆلۈمگە نىزامىدىن ئەپەندى، تەشكىلات بۆلۈمگە ياقۇپجان، مەدەنىيەت بۆلۈمگە مەمتىمىن ھېلىموف، تەشۋىقات بۆلۈمگە ئوسمان نىياز ھاجى، ئۇنىڭ بۆلۈمچىسى سانايىنەپىسگە ئوبۇلقاسىم ئابىت، مالىيە بۆلۈمگە خالىق ئاخۇن، ئۇنىڭ تارمىقىدىكى ئاۋقاپ بۆلۈمچىسىگە ئەمەت ھاجىم قاتارلىقلار بۆلۈم باشلىقى بولغان. باش بوغالتىرى خالىق ئاخۇن ئىدى. ئۇيغۇر ئويۇشما ئازاتلىقتىن كېيىن «خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىلىپ 1953- يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان.

## ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم مەنبىئى ھەم چىقىم قىلىش ئوبيېكتى

ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ كىرىم مەنبىئى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ بەلگۈلىمىسىگە ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ يەردىن ئالغان مەھسۇلاتىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرە ئېلىش، چارۋا- ماللارنىڭ 40 تىن بىرىنى زاكات ئېلىش، تىجارەتچىلەرنىڭ سەرمايە ۋە پايدىسىنىڭ 40 تىن بىرىنى زاكات ئېلىش، بۇنى قائىدە بويىچە يىلدا بىر قېتىم تەشكىللىك ۋە تەرتىپلىك يىغىۋېلىش ھەمدە ۋەخپە يەرلەر، ۋەخپە دوكان، دەڭ- ساراي، تۈگمەن، كارخانا، يايلاق- باغ قاتارلىقلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى يىغىۋېلىش، قۇربانلىق ماللارنىڭ تېرە- ئۈچەيلىرىنى يىغىۋېلىپ كىرىم قىلىش قاتارلىق يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاشتىن ئىبارەت ئىدى. يۇقىرىقى مەنبەلەردىن كىرىم بولغان ئىقتىساد بىلەن مەكتەپ سېلىش، كىنو- تىياتىرخانا سېلىش ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچى خادىملار ۋە

سەنئەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش، دەرسلىك قوللانما نەشر قىلىش ۋە سېتىۋېلىش، نامراتلارنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىش، دارىلئاجىز تەسىس قىلىپ تەربىيەلىمەكچى بولغان نامراتلار، يېتىملار، ئىگە- چاقىسى يوق، قېرى، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنىڭ ئوقۇش، داۋالىنىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئوقۇش يېشىدىكى يېتىم باللارنىڭ دەپتەر- قەلەملىرىدىن تارتىپ يوتقان- كۆرپىلىرىگىچە كېتىدىغان چىقىمنىڭ ھەممىسىگە سەرپ قىلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا گېزىت- ژورنال چىقىرىش قاتارلىق ھەرخىل مەدەنىي مەشغۇلاتلارغا چىقىم قىلىناتتى.

خوتەندە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

1938- يىلى 3- ئايدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن 6- ئايدا ئاتا- بوۋىسىدىن تارتىپ دىنىي مەكتەپ ئېچىپ ئۆتكەن، ئاتاغلىق دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەت ھاجىم غوجامكۆل مەكتەپتە ئۆزى ئوقۇتىۋاتقان 200دىن ئارتۇق قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ- چۈشەنچە بېرىپ، ھەم بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچتىن سەپ قىلىپ ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتىشىمىز لازىمكى، ئەمەت ھاجىمنىڭ ئاتىسى زىكرۇللاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسمايىل ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا يولداش ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا قۇندۇز ئاخۇنۇملاردىن تارتىپ ھەممىسى دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن — ئەمەت ھاجىمنىڭ ئاتىسى زىكرۇللاخۇنۇم ئاقتاشتا، ئۇنىڭ چوڭ ئىنىسى سەيدۇللا ھاجىم كوچادا، ئۇنىڭ كىچىكى ئابدۇۋېلى ئاخۇنۇم ئۈرۈمچىدە دىنىي مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئابلىز سەيدۇللا قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئومۇمەن بۇ

بىر ئەۋلات كىشلەرنىڭ ھەممىسى مائارىپچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن خەلقى ئەممەت ھاجىمنى خوتەن ئۇيغۇر مەدەنىي- مائارىپى ئۈچۈن تۇنجى ئاساس يارىتىپ، ئۇرۇغ سالغۇچى زات دەپ مەدھىيەلەيدۇ.

ئەممەت ھاجىم ئۇيغۇر ئوقۇشىدا ئۆزگىرىش ياسىغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇتۇن تەمىناتى، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا قەدەر ئۇيغۇر ئوقۇشىغا مەسئۇل بولۇپ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يېڭى مەكتەپ خوتەندە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغاچقا، كۆپ ساندىكى كىشلەر، بولۇپمۇ ھاللىق كىشلەر بۇ مەكتەپنىڭ ئاقىۋىتىدىن گۇمانلىنىپ ۋاقتىنچە قاراپ بېقىش پوزىتسىيەسىنى تۇتتى. كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى ئانچە ئىككىلەنمەيلا ئوقۇشقا كىردى. قوبۇل قىلىنغان 300دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى ئوغۇللار مەكتەپ ۋە قىزلار مەكتەپكە ئايرىپ ئوقۇتۇشقا باشلىدى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ئوقۇشىغا تەرىپىدىن قۇرۇلغان دارىلتام مەكتەپتىكى ئوغۇللارنى ئوغۇللار مەكتەپكە، قىزلارنى قىزلار مەكتەپكە قوشۇپ سىنىپلارغا بۆلۈپ ئوقۇتتى. ئوغۇللار مەكتەپنىڭ ئورنى دەسلەپتە غوجامكۆل مەھەللىسىدىكى مىلىك ھەزرەتنىڭ مەدرىسىدە بولغان. 1940- يىلى 6- ئايدا ھازىرقى چايخانا مەكتەپكە يۆتكەلگەن. قىزلار مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى ئەلچى مېھمانخانىسىنىڭ غەربىدىكى ئابلاجان ھاجىمنىڭ مەدرىسىدە بولغان. ئوغۇللار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى دەسلەپتە ئوسمان نىياز ھاجى بولغان. ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھۇسەيىن ئەپەندى، ئابدۇرېھىم لېتىپ، ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئىسھاق نۇرى، سەيدىۋاققاس نۇرى قاتارلىقلار بار ئىدى. چايخانا مەكتەپكە كۆچكەندىن كېيىن بولسا ئابابەكرى تۇرسۇن مەكتەپ مۇدىرى بولدى. مەن (مەمتىمىن توختى) ئىلمى مۇدىر بولغان. ئوقۇتقۇچىلاردىن ئابدۇۋېلى قۇربان، نادىرخان، يۈسۈپ رەخمەت، ئانايەت ماخمۇت، ئوسمان توختى،

مەتتۇرسۇن يۇسۇپ قاتارلىقلار كۆپەيگەن. ئوغۇللار مەكتەپ چايخانا مەكتەپكە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا قىزلار مەكتەپ يۆتكۈلۈپ كەلدى، قىزلار مەكتەپ مۇدىرلىقىنى تۇنجى قېتىم ھاجى خانىم ئۇستىگە ئالدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن زەيتۇنە خانىم قاتارلىقلار بار ئىدى. قىزلار مەكتەپ ئىككىنچى قېتىم يېڭىشەھەر جامەگە (ھازىرقى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنى) يۆتكەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پوچتىخانىدىكى يېڭى بىناغا يۆتكۈلۈپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى 2- باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىغا كۆچكەن. ئۇنىڭدىن باشقا 1935- يىلى ماخوسەن ھازىرقى خوتەن ناھىيەلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدىكى كونا بۇتخانىدا بەش يىللىق تۇزۇمدىكى ئىككى سىنىپلىق خەنزۇچە مەكتەپ تەسىس قىلغان. بۇ مەكتەپتە خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت 80گە يېقىن ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. 1937- يىلى بۇ مەكتەپنى شىڭ شىسەي ئۆتكۈزىۋالغان. 1940- يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنى چايخانا مەكتەپكە ئەكىلىپ بەرگەن. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ 1- باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. بۇ 1- باشلانغۇچ مەكتەپ ھازىرغىچە يەنە شۇ نام بىلەن داۋاملاشماقتا.

ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تەرەققىياتى

خوتەن ناھىيەسىدە 1939- يىلىغا قەدەر يەنى 1- قارارلاردا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققانغا قەدەر باشلانغۇچ مەكتەپ سانى ئۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى شىيەنلى مەكتەپ (ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ) ئىدى. ئومۇمەن بۇ ئۈچ مەكتەپتە 19سىنىپ 33ئوقۇتقۇچى، 730دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1943- يىلىغا كەلگەندە، 1- قارارلاردىن 5- قارارغىچە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە 16سىنىپتا 640 ئوقۇغۇچى تەربىيەلىنىپ چىقىپ،

مائارىپ تايانچ كۈچىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى سىنىپ قىزلار بولۇپ 90گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. خوتەن ناھىيەسىگە 120گە يېقىن ئوقۇتقۇچىنى تەقسىم قىلدى، قالغانلىرى يەنە ھەرقايسى جايلارغا تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەن بىر تۈرلۈك ئوقۇتقۇچىلار خوتەنگە تەقسىم بولۇپ كەلدى. يەنە بىرىنچى قارارىدىن ئۈچىنچى قارارغىچە ئېچىلغان مۇزاكىرە كۇرسىغا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدىن بىر بۆلۈك ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ قاتناشتۇردى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگۈلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خېلى زورىيىپ مەكتەپ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. 1943- يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە مەكتەپ 60گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىيەنلى مەكتەپ سەككىز بولۇپ ئومۇمى سىنىپ 150گە، ئوقۇتقۇچى 186گە، ئوقۇغۇچى سانى 4955گە يەتتى. لېكىن، يەنىلا ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇپ، بەزى مەكتەپلەردە بىر ئوقۇتقۇچى ئىككى سىنىپنى باشقۇرۇپ دەرس ئۆتەتتى. ئۇ چاغلاردا جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر دەپ سانىلاتتى. بولۇپمۇ يېزىلاردا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، يېزا كادىرلىرى بىرەر يېڭى ئاچسا ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ يىغىنغا قاتناشتۇراتتى ۋە ئۇلارنى سۆزگە تەكلىپ قىلاتتى. يۇرت-مەھەللىنىڭ ھەرقانداق چوڭ ئىشلىرى ھەتتا، توي- تۆكۈن، مەرىكىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەزىز مېھمانلىرى يەنىلا ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەرگە ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ سىنىپلار توشۇپ كېتەتتى. يېزا- كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنى خەلق ئۆزى ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ۋە باشقا ئەمگەك كۈچلىرىنى چىقىرىپ بەس- بەستە سالاتتى. سىنىپنىڭ دوسكا، جوزا، ئورۇندۇقلىرىنى ياسىغاندىن سىرت ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ياتاق سېلىپ بەرگەن. قىش كۈنلىرى ئوتۇن بىلەن

تەمىنلىگەن. بۇ خىل ئەھۋاللار باشقا ناھىيىلەردىمۇ بولغان ئىدى.

1943- يىلى شىنجاڭدا، جۈملىدىن خوتەندە گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپلەردە ماركسىزىم نەزەرىيەسى ئاساس قىلىنغان مەزمۇندىكى دەرسلىكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «سەنمىنجۇيى» مەزمۇن قىلىنغان دەرسلىكلەرگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە شۇ يىلىنىڭ 7- ، 8- ئايلىرىدا، يەنى كانىكول ۋاقتىدا ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى ئايلىق كۇرس ئاچتى. بۇ كۇرستا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لۇزىفاڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى «سەنمىنجۇيى» بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تەسىرىنى تازىلاش توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپلەر پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پەن- مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى تەدرىجى ئارقىغا چېكىنىشكە باشلاپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ- ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ، مەكتەپكە كېلىدىغان ئوقۇغۇچى سانى كۈندىن- كۈنگە ئازلاپ كەتتى.

1943- يىلىدىن كېيىن يېزىلاردىكى مەكتەپلەر خاراپلىشىپ ئوقۇغۇچىلار كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ھەر كۈنى ئائىلىمۇ- ئائىلە يۈرۈپ ئوقۇغۇچى يىغىدىغان، شۇنچە تەربىيە قىلسىمۇ ئاتا- ئانىلار باللىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، بىر سىنىپتا بىر نەچچىدىن ئوقۇغۇچى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى كۈنسايىن ئۆرلەپ بۇرغانلىقتىن مۇئاش، ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇشنى قامداش قىيىن بولۇپ قالغانلىقتىن، تۇرمۇشنى دەپ ئىشلەيدىغان ئەھۋال ئومۇملىشىپ كەتتى. ھەتتا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مەكتەپتىن قېچىپ، ئوقۇشتىن ۋاز كېچىدىغان بولۇپ قالدى.

مۇزاكىرە كۇرسى توغرىسىدا

1938- يىلى 7- ، 8- ئايلاردا يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايـدىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ۋىلايەتتە تـۇنجى قېتىم ئوقۇتقۇچىلار مۇزاكىرە كۇرسى ئېچىلدى. ئورنى كونا شەھەر چـوڭ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ بېغىدا بولدى. 2- قـارارلىق كـۇرس 1940- يىلـى چايخانا مەكتەپـتە ئېچىلـدى. ئۇنىڭـدىن كېيىنكىلـرى ئازاتلىققـا قەدەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بىناسىدا ئېچىلدى. بـۇ بىـر نەچـچە قارارلىق كۇرسـتا ئۆتـۈلگەن دەرسـلەر ئاساسـەن ئوقۇتـۇش مىتـودى توغرىسىدا بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە پايدىسى چوڭ بولغان. بۇ كۇرستا تەربىيەلىنىپ چىققانلاردىن ھازىرغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلار بار. بۇ مۇزاكىرە كۇرسـى ئازاتلىقـتىن كېـيىن، ۋىلايەتلـىك ئوقۇتقـۇچىلار بىلىـم ئاشـۇرۇش ئىنسـتىتوتى قۇرۇلغانـدىن كېـيىن توختۇتۇلدى.

ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى

خوتەنـدە باشـلانغۇچ مەكتەپلەرنـىڭ مەيـدانغا كېلىشـى بىـلەن ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياج جىددىيلەشـتى. شـۇنىڭ ئۈچـۈن 1938- يىلىنىڭ ئاخىرى 1- قارار دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىلىپ، يەتتە ناھىيەدىن 80ئوقۇغـۇچى (ئەر) قوبـۇل قىلىنغـان ۋە ھـازىرقى ۋىلايەتلـىك سـۇ ئىدارىسىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بوۋاجان باي قوروسىدا ئىككـى سـىنىپقا بۆلۈپ 1939- يىلى 8- ئايغىچە ئوقۇتۇلدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىـڭ كـۆپ قىسـمى خـوتەن ناھىيەسـىدىن بولـۇپ ئاساسـەن، ئەمەت ھاجىمىنـىڭ غوجامكۆلبېشى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان ۋە 5- ، 6- سىنىپ سەۋىيىسىدىكى زىيالىيلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قاغىلىق، كېـرىيە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىـدى (2- ، 3- قـاراردىمۇ

شۇنداق ئىدى). مەكتەپ مۇدىرلىقنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۈي جاۋتەي ئۆتىگەن ھەم دەرس بەرگەن. ئوقۇتقۇچىلىرى: تاشكەنت دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەردىن ئابدۇراخمان ھىدايوف، ياسىنوپ ۋە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەردىن مۇسا تۇردى، ھەسەن تۇردى ھەمدە سىلىڭيۈەن قەن بونەن، مائارىپ مۇپەتتىشى ماجاۋسۇڭ قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە دەرس ئۆتكەن ئىدى. تەرجىمان ئېلىياس ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر خوتەندە ھايات بارلار: ئابدۇخالىق نۇرى، ئابدۇمجىت ئەپەندى، ساۋۇت توختى قاتارلىقلار.

2ـ قارار دارىلمۇئەللىمىن 1939ـ يىلى 9ـ ئايدىن 1940ـ يىلى 8ـ ئايغا قەدەر بىر يىللىق بولۇپ، يەنە ئىككى سىنىپ 80نەپەر ئەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئورنى: ھازىرقى ناھىيەلىك 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىدىكى قەدىمكى بۇتخانىنىڭ بىناسىدا بولغان (بۇ يەردىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى يېڭىشەھەر جامەگە يۆتكىگەن). مەكتەپ مۇدىرلىقنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ 2ـ قېتىملىق باشلىقى جاڭ جۈيجاڭ ئۆتىگەن. ئوقۇتقۇچىلىرى: تاشكەنتتە ئوقۇغانلاردىن ئابدۇغۇپۇر، ئابدۇراخمان ھىدايوف. ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەنلەردىن: ئابدۇراخمان قادىر، ياسىن روزى ھاجى، مۇسا تۇردى، ھەسەن تۇردىلار ئىدى. قەن سىلىڭيۈەن سىياسى پەلسەپەدىن دەرس بەرگەن. تەرجىمانلار: ئېلىياس، جاڭ قەن يىلار ئىدى. ئوقۇلغان دەرسلەر: سىياسى پەلسەپە، دۇنيا تارىخى، سىياسەت، بوتانىكا، زوئولوگىيە، دۇنيا جۇغراپىيەسى، ماتېماتىكا، گىراماتىكا قاتارلىقلار ئىدى. (1ـ 2ـ 3ـ قارارنىڭ دەرسلىرى ئوخشاش) بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر خوتەندە ھايات بارلىرى: مەن (مەمتىمىن توختى)، نادىرخان، ئابابەكرى تۇرسۇن، مەمتىمىن نىياز، يۈسۈپ رەھمەت،

ئابدۇللا قادىر قاتارلىقلار. 1-، 2- قارار ئوقۇغۇچىلىرىغا مەكتەپتىن ئۈچ ۋاق تاماق بېرىلگەندىن سىرت، ئالىي دەرىجىلىك سارجىدا كىيىم بەرگەن. ھەممە ھەر ئايدا 6يۈەندىن 10يۈەنگە قەدەر تۇرمۇش پۇلى بەرگەن.

3- قارار 1940- يىلى 9- ئايدىن 1941- يىلى 8- ئايغا قەدەر بولۇپ، يەنە بىر يىللىق ئىككى سىنىپ 80ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 12قىز ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئورنى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە بولۇپ، بۇ مەكتەپ بىناسىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمى 1940- يىلى يازدا پۈتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇشۇ بىنادا ئوقۇغان. مەكتەپ مۇدىرى جاڭ جۇيجاڭ، تەرجىمانى ئىلياس ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار سەدىردىن، ئابلا باقى، ئىبراھىم ئېلى، نۇرى رozى، ھەسەن تۇردى، گۈلسۇم خانىم (تاتار) قاتارلىقلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر خوتەندە بارلىرى: نۇرمەت قۇربان، روزىمەمەت تۇردى، ئابدۇراخمان سايىت، سۇلايمان ئىسلام، مەتنۇرى سىدىق، يۇلتۇزخان(ئۆزبېك)، پاتەمخان ئەمەت، رابىيە غوپۇر، ھاۋا ھەمتېلى، مۇنەۋەرخان(ئۆزبېك) قاتارلىقلار.

4- قارار 1941- يىلى 9- ئايدىن، 1942- يىلى 8- ئايغا قەدەر بىر يىللىق بەش سىنىپ (بىر سىنىپ قىزلار) 200ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپ مۇدىرى جاڭ جۇيجاڭ، تەرجىمان ئىلياس بولغان. ئوقۇتقۇچىلىرى: سەدىردىن، ئابلا باقى، ھەسەن تۇردى، ئىبراھىم ئېلى، ئابدۇراخمان ئانار يۈز، ياقۇپ بەگ، گۈلسۇم خانىم، يۇلتۇز خانىملار ئىدى. ئابابەكرى تۇرسۇن تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن خوتەندە ھايات بارلىرى: ئابلىمىت قادىر ھاجى، روزى ئەيسا، ئەخمەتتوختى نىياز، ئىمىن توختى، تۇرسۇننىياز يۈسۈپ، ئابلا ھېيت، روزى يۈسۈپ، ئابدۇللا ئىسمايىل، جاپپار ئەمەت، رابىيە

ئىسمايىل، سانىخان (تۇخان)، ھەبىبە ھەسەن، بۇنىياز قۇربان قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلۈپ كەتكەن ھاۋا ساقى (سەنەم رولىنى ئېلىپ داڭ چىقارغان)، ھەبىبە ئىمىن (سابىق ۋالىي نۇزىيۇپنىڭ ئايالى)، ئەتتەر خانىم، بېلىقىزخانلارمۇ بار ئىدى. چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلەردىن ئۆزبېك ئىبادەت قوچقار، راشىخان، مۇقەددەسخان، پەيزىنساخانلار بار. بۇ نۆۋەتلىك قارارىدا بىر سىنىپتىكى 20نەپەر ئوقۇغۇچى مۇزىكا كۇرسىدا تەربىيەلەندى. ئۇستازلىرى نادىرخان، دىمىن ئىمىن، ھوشۇر ئەيسا قاتارلىقلار ئىدى.

5- قارار 1942- يىلى 9- ئايدىن 1943- يىلى 8- ئايغا قەدەر بىر يىللىق بولۇپ، يەنە بەش سىنىپ (بىر سىنىپ قىزلار) 200ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. لېكىن 1943- يىلى 1- ئايدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا بىر مەزگىل سەنمىنجۇيى تەربىيەسى بەردى ۋە شۇ يىلى 3- ئايدا ئوقۇشنى توختۇتۇپ مەكتەپنى تاقىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلارنى بولسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر بۆلۈكنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا، بىر بۆلۈكنى مەمۇرىي خىزمەتلەرگە بەلگۈلەپ، بىر بۆلۈكنى قالدۇرۇۋەتتى. مەكتەپ مۇدىرى لوزىفاڭ، ئىلمى مۇدىرى خۇۋا خوگرىن، تەرجىمانى ئېلياس ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار: ياقۇپ بەكرى، ئابدۇراخمان ئانار يۈز، ھەسەن تۇردى، سەدىردىن، ئابلا باقى، ئىبراھىم ئېلى، نۇرى روزى، ئېزىز ئىمىن، ئابدۇرازاق، گۈلسۇم خانىم، يۇلتۇز خانىملار ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن ھازىر ھايات بارلار: ئابدۇۋېلى ئىسمايىل، ئوبۇلقاسىم غوجى، مەتقاسىم روزى ھاجى، ھۆرنىسا تۇرسۇن، ھەۋزىنىياز قۇربان قاتارلىقلار.

5- قاراردىن باشلاپ دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ دۇنيا تارىخى ئورنىدا جوڭگو تارىخى، دۇنيا جۇغراپىيەسى ئورنىدا جوڭگو

جۇغراپىيەسى، سىياسى- پەلسەپە ئورنىغا سەنمىنجۇيى ئۆتىدىغان بولۇپ قالغان.

6- قارار دارىلمۇئەللىمىن 1943- يىلى 9- ئايدىن 1944- يىلى 8- ئايغىچە بىر يىللىق 5سىنىپ (بىر سىنىپ قىزلار) 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپ مۇدىرى لوزىفاڭ، ئىلمىي مۇدىرى خۋاخۇڭرېن، تەرجىمانى يەنىلا ئىلياس بولغان. ئوقۇتقۇچىلار: ئابدۇراخمان ئانار يۈز، ئابلا باقى، ئىبراھىم ئېلى، ياقۇپ بەكرى، ھەسەن تۇردى، ئابدۇراززاق، ئىبزىز ئىمىن، نۇرى رۇزى، مەتتۇرسۇن رۇزى، گۈلسۇم خانىملار ئىدى.

ھازىر ھايات بارلىرى: مەسۇم نۇرى، تۇردى رۇزى، ھوشۇر تۇردى، ئاتاۋۇللا ھاپىز، مەتقاسىم ئىمىن، مۇھەممەت پازىل، ناسىر جالالىدىن، ھۆرنىسا خانىم قاتارلىقلار.

1944- يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدى. مەدەنىي- مائارىپ خىزمىتى قورچاق ۋالىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىي- مائارىپ خىزمىتى ئارقىغا چېكىنىپ ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. لۈزىفاڭ بولسا خوتەن ناھىيەسىگە ھاكىم ھەم شەنداڭبۇنىڭ باشلىقى (1944- 1948) قاتارلىق ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەتتى. مائارىپ ئىدارىسى تاقالغاندىن كېيىن 1944- يىلىدىن باشلاپ بىر يىللىق قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئۈچ يىللىق «جىيەنيى سىفەن» گە ئۆزگەرتىلدى.

ئۈچ يىللىق جىيەنيى دارىلمۇئەللىمىن

1944- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ ئۈچ يىللىق جىيەنيى سىفەن (ئاددى دارىلمۇئەللىمىن) ئېچىلدى. دەسلەپكى يىلى ئۈچ سىنىپ 120ئوقۇغۇچى (بىر سىنىپ قىزلار) قوبۇل قىلىندى. 1945- يىلى ئۇلارنىڭ

ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر سىنىپ قىلىپ ئوقۇتتى. مەكتەپ مۇدىرى گولاۋچىلىك، ئىلمى مۇدىر خۇا خۇگۇىرىن ئىدى. ئىلياس تەرجىمانلىق قىلدى. 1946- يىلدىن 1949- يىلغىچە ھەر يىلى بىر سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئورنىغا يېڭىدىن بىر سىنىپ قوبۇل قىلىپ تۇردى. 1944- يىلى قوبۇل قىلىنغان ئۈچ سىنىپنىڭ بىر سىنىپىنى يەنى — 40ئوقۇغۇچىنى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن 1946- يىلى بىر يىل بۇرۇن خىزمەتكە چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تەكرارلىنىشقا باشلىدى. ئومۇمەن جىيەنيى سىفەن 1950- يىلى 6- ئايغا قەدەر ئالتە سىنىپ 240نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەپ بەردى.

1944- يىلىدىن باشلاپ جىيەنيى سىفەنگە مەكتەپ مۇدىرى بولغانلار: تۇنجى قېتىم گولاۋچىلىك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمىن ئىسلام، ئۇندىن كېيىن يوەنگو، ئۇنىڭدىن كېيىن پەخىردىن، ئۇندىن كېيىن 1950- يىلى نەسرىدىن سىدىق، ئۇندىن كېيىن ئەسمەتۇللا، ئۇندىن كېيىن ئابدۇرېھىم سۇلتان، ئۇندىن كېيىن ئىمىنىياز تۆمۈر قاتارلىقلار.

ئوقۇتقۇچىلار: ھوشۇر نىياز، نۇرۇم، داۋۇت ھەسەن، ئابلا باقى، ئىبراھىم ئېلى، ياقۇپ بەكرى، سەدىردىن، ئابدۇرازاق، سەيدىۋاققاس، ھەسەن تۇردى، بالەن شىلىك، شۈي جەنشىلىك، گۈلسۇم خانىم، ھاۋا خانىم قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى زىيالىلارنى سىرتتىن تەكلىپ قىلىپ قوشۇمچە دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. مەسىلەن: ئەيسا ياسىن، مەن(مەمتىمىن توختى) قاتارلىقلار 1948- ، 1949- يىللىرى دەرس ئۆتكەن.

جىيەنيى سىفەندە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردىن ھازىر خوتەندە بارلىرى ھىدايەت تۇردى، كېبىرجان، دۇخەيتىلىك، (مەتقۇربان توختى) روزىمەمەت توختى، رەجەپ قۇربان، ئابابەكرى ئىمىن، ئەخمەت تۇردى،

ئەمەر ئابدۇللا، ئىسلام تۇردى، رەجەپ تۇرسۇن، تۇرسۇنىياز ھوشۇر قاتارلىقلار.

1944- يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ماركسىزم- لېنىنىزم نەزەرىيە ئاساس قىلىنغان مەدەنىي- مائارىپنىڭ ئىشلىرى تاقالدى. بىر يىللىق دارىلمۇئەللىمىن، ئۈچ يىللىق جىيەنىيى سىفەنگە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، بۇ بىر شەكىللا بولۇپ قېلىپ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ ساپاسى يوق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناچار بولغاچقا مەكتەپتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، دەرس بېرىش لاياقىتى يوق چىقتى. مەسىلەن: بىر يىللىق دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار جىيەنىيى سىفەنگە ئوقۇتقۇچى بولدى. لېكىن جىيەنىيى سىفەندە ئۈچ يىل ئوقۇغانلار تاللاشقا دۇچار بولدى.

يەنە مەسىلەن: 1950- يىلى يازلىق تەتىلدە ۋىلايەت بويىچە مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى يىغىپ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى ئايلىق كۇرستا تەربىيەلىدى ۋە كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىمتىھان ئېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇش سالاھىتى يوقلاردىن 36نەپەرنى شاللىۋەتتى. ئىمتىھان نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى، بولۇپمۇ بىر يىللىق دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغانلارنى داۋاملىق جىيەنىيى سىفەنگە ئوقۇتقۇچى قىلدى. بۇلاردىن يۈسۈپ رەھمەت، ئابلا قۇربان، مەتتۇرسۇن يۈسۈپ، نۇرمەمەت قۇربان، تۇردى توختى قاتارلىقلار تاكى 1958- يىلغا قەدەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇلار سول لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن بىر مەزگىل خىزمەتتىن قېلىپ، 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە

سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلدى.

## «ھەزرىتى سۇلتان مازىرى»

خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان «ھەزرىتى سۇلتان مازار» (خەلق ئارىسىدا «ھەز سۇلتان»، «سۇلتانىم» دەپ ئاتىلىدۇ) خوتەندىكى مەشھۇر مازارلارنىڭ بىرى. مازارنىڭ بىنا بولغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولسىمۇ، مازارنىڭ تارىخىنى شۇ مازارغا شېيىخ بولغان ئاتا-بوۋامدىن ئاڭلىغانلىرىم ھەم شۇ مازارنىڭ ئاخىرقى شېيىخى بولغانلىقىم ئۈچۈن مەزكۇر مازار توغرىسىدىكى بەزى مەلۇماتلارنى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: ئىسمىم مەمتىمىن توختى، ئۇيغۇر، 66ياش، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىدىن پېنسىيىگە چىقتىم.

مېنىڭ 4- بوۋامدىن تارتىپ ئاتا- بوۋام مۇشۇ مازارنىڭ شېيىخى بولۇپ، دادام توختى مەمەت شېيىخ 1940- يىلى 93يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شېيىخ دادام 60ياش ۋاقتىدا يەنى 1877- يىلى 88يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇبارەكشاھ مۇپتى 105يېشىدا ئىبراھىم شېيىخ 40نەچچە ياشلارغا كىرگەن مەزگىللەردە، يەنى تەخمىنەن 1770- يىللار ئەتراپىدا ۋاپات بولغان. دېمەك، مەزكۇر ھەزرەت سۇلتان مازار ھەققىدە ھېجرىيەنىڭ 700نەچچىنچى يىللىرى يەنى بۇنىڭدىن 700يىللارچە بۇرۇن يېزىلغان بىر پارچە قولىيازما- تەزكىرە كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب 1949- يىلى ئازاتلىق ئارىپىسىگىچە قولىدىن- قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەزكۇر مازارنىڭ شېيىخلىقىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئەخمەت توختى ئەلەم (1949- يىلى چەتكە قېچىپ كەتكەن) بۇ تەزكىرەنى ئۆزەم ساقلايمەن

دەپ ئېلىنىۋالغان ئىدى. كېيىن ئەرەبىستانغا قېچىپ كەتكەندە بىرگە ئېلىپ كەتكەن. يۇقىرقى تەزكىرە كىتابىنى بۇنىڭدىن 50يىل بۇرۇن يەنى ئۇن نەچچە ياش ۋاقتىمدا ئوقۇپ چىققان ئىدىم. ئېسىمدە قالغانلىرىنى ئەسلەپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

ھەزرىتى سۇلتانىمنىڭ ئىسمى سۇلتان ئەبۇ سەئىد قوچقار ئاتا بولۇپ، ئۆز ئىسمى ئەبۇ سەئىد، لەقىمى قوچقار ئاتا ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ يۇرتى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگەن شەھىرى بولۇپ، تارىخىي ھېجرىيەنىڭ 600ـ يىللىرى خوتەنگە كەلگەن. ئەينى دەۋرلەردە بۇ كىشى مەشھۇر دىندار بولۇپ، خوتەندە ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقىتىش، دىنى ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كەلگەن ۋە شۇ مەقسەتتە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ كىشى بىلەن بىللە يەنە 7نەپەر خەلىپە بىللە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار: مۇقىم ئاتام، لىچىن ئاتام، چوغلۇق ئاتام، ھېلىم ئاتام، ناسىر ئاتام، قارا ساقال ئاتام، مىجىت ئاتام دىگەنلەردىن ئىبارەت. ئۇلار ئەبۇ سەئىد قوچقار ئاتامنىڭ تەلىمى بىلەن دىنىي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ دىنى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئەبۇ سەئىد قوچقار ئاتامنىڭ ئايالى ۋە بىر قىزى بار بولۇپ بۇلار خوتەندە بىللە ياشىغان. بۇلار ۋاپات بولغاندا ئۈچ كىشىنى بىر يەرگە دەپنە قىلغان بولۇپ، بۇ مازار شۇ كىشىنىڭ نامى بويىچە ئاتىلىپ، ھازىرغىچە «ھەزرەت سۇلتان مازار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ھەزرەت سۇلتانىم خوتەنگە كېلىپ ھاۋاسى سالقىن، مەنزىرىلىك جاينى تاللاپ چاھارباغ دىگەن ئورۇندا ماكانلىشىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان. چاھارباغ دىگەن جاي مەزكۇر تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە، شەھەرنىڭ شەرق تەرىپى — خوتەن دەرياسى (يورۇڭقاش دەرياسى) نىڭ بويىدا بولۇپ ناھايىتى ھاۋالىق بىر باغ بولغان. جەنۇپ تەرىپىدە چىمەنزارلىق،

گۈلزارلىق بىر باغ بولغان، شىمالىي تەرىپىدە ئانارلىق بىر باغ بولغان، غەرب تەرىپىدىمۇ ئەنە شۇنداق كاتتا باغلار بولغان. ھەزرەت ئەبۇ سەئىد قوچقار ئاتام ئېرىقلىرىدا سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق خۇش ھاۋالىق گۈزەل جايدا ماكانلىشىپ سۇبھى ۋە شامدا داۋاملىق تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، دەپ يېزىلغان.

## شۈتاڭدىكى غەۋغا

جىلىڭ شۈرىن تەختكە چىققاندىن كېيىن 1930- يىلى باش باھار مەزگىلىدە (3- ئاينىڭ باشلىرى بولۇشى مۇمكىن) خوتەندىكى دوتەي(ۋالىي)، ئامبال(ھاكىم)لار خوتەن سېپىل ئىچىدىكى شۈتاڭدا (كۆۋزى تەلىماتىنى ئاساسى مەزمۇن قىلىدىغان كونا قائىدىدىكى خەنزۇچە مەكتەپ) بىر نەچچە يۈز دىنىي ئاخۇنۇملارنى يىغىپ، داغدۇغىلىق مەجلىس ئاچتى. مېنىڭ دادام ھەم دىنىي مەھكىمىنىڭ ئاخۇنلىرىدىن بولغاچقا مەجلىسكە قاتنىشىش ئۈچۈن باردى. ئۇ چاغلاردا مەن ئون ياشقا كىرگەن چاغلىرىم بولۇپ، دادامغا ئەگىشىپ بىللە شۈتاڭغا باردىم ۋە بۇ مەجلىسكە باشتىن ئاخىر قاتناشتىم. مەن دادام بىلەن بىللە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇردۇم. مەجلىس شۈتاڭنىڭ چوڭ ھويلا مەيدانىدا ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەيدان ئۈزۈنچاق ئىدى. مەجلىسنى ئامبال باشقۇردى. ئامبالنىڭ قېشىدا تەرجىمانلار تۇردى. شۇ كۈندىكى تەرجىمانلار: باھاۋۇدۇن بەگ، يۈسۈپ بەگ ھاجى، موللا بەگ، ئابابەكرى بەگ قاتارلىقلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مىكروفۇن بولمىغاچقا تەرجىمانلار مەلۇم ئارىلىق قويۇپ تارقىلىپ تۇرۇپ، بىرسىنىڭ تەرجىمە قىلغان سۆزىنى يەنە بىرسىگە يەتكۈزەتتى. يىغىن سەھنىسىگە گومىنداڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇدۇلغا سۈن

جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ رەسمىنى ئېسىپ قويغانتى. بۇنداق رەسىم ۋە بايراق ئېسىپ يىغىن ئېچىش خوتەندە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. يىغىن چۈشتىن كېيىن باشلاندى. دەسلەپتە يىغىن كۈن تەرتىپى بويىچە ھەممە كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ئاندىن بىر قانچە خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن شۆتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىكتە شېئىر ئوقۇدى (بۇ شېئىر گومىنداڭنىڭ دۆلەت شېئىرى ئىكەن). ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە ئادەم يالاڭباشتاق بولسۇن دەپ، ئاخۇنۇملارنىڭمۇ سەللىسىنى ئالغۇزۇپ جوزا ئۈستىگە قويدۇردى. ئاندىن «ھەممە كىشى رەسىمگە باش ئېگىپ تازىم قىلسۇن» دەپ ئېلان قىلدى. ئاخۇنۇملار بۇ سۆزنى دەرھال رەت قىلىپ، سەللىسىنى بېشىغا كىيىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دوتەي، ئامباللار رەسىمگە تازىم قىلىشنى قايتا- قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخۇنۇملارنىڭ غۇلغۇلا قىلىشى ۋە «بىز ھەرگىز بۇتقا باش ئۇرمايمىز» دەپ غەزەپلىك ۋارقىراشلىرىغا قاراپ كەيپىياتنىڭ يامانلىشىپ، پاتپاراق يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، مەجلىسنىڭ كېيىنكى كۈن تەرتىپىگە ئۆتتى ۋە دوتەي سۆزگە چىقتى. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ: «بىز ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان، جۈمە كۈنىدە شىنچى(دەم ئېلىش) قىلىپ ئادەتلەنگەنتۇق. بۇندىن كېيىن يەكشەنبە كۈنىدە شىنچى قىلىمىز، ھەممە پۇقرالارمۇ ئوخشاشلا بۇندىن كېيىنكى دەم ئېلىشنى يەكشەنبىگە ئۆزگەرتىشى لازىم»، دېدى. لېكىن بۇ سۆزلەر تەرجىمانلار تەرىپىدىن مۇجمەل چۈشەندۈرۈلۈپ، «بۇندىن كېيىن جۈمە يەكشەنبىگە ئۆزگەرتىلدى. ھەممە پۇقرالار جۈمە نامىزىنى يەكشەنبىگە ئۆزگەرتىشى لازىم» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىندى. ئىسلام دىنىدا مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان جۈمە نامىزىنىڭ يەكشەنبە كۈنىگە ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ بىرنەچچە ئاخۇنلار قاتتىق چوقان سېلىپ، مەجلىستىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

دەرۋازا توسـسـدىغان قۇراللىـق چېرىكلەرمـۇ كـۆپچىلىكنى توسـۇپ بولالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەرھال چـوڭ دەرۋازىنـى تاقـاپ قۇلـۇپ سېلىۋالدى. يەنە نەچچە ئونلىغان قوراللىق چېرىكلەر ئۆگزىلەرگە چىقىـپ ئەتراپنى قورشىدى. لېكىن، غەزەپلەنگەن ئاخۇنۇملار ئۇنداق تەھـدىتلەرگە پىسەنت قىلماي، قۇلۇپنى چېقىپ بۆسـۇپ چىقىـپ كەتمەكچـى بولـدى. تەرجىمانلار ھەرقانچە ۋارقىرىشىپ نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇلارنىـڭ سـۆزىگە ھېچكىم قـۇلاق سـالمىدى. مۇشـۇ قالايمىقانچىلىقتـا نۇرغـۇن جـوزا-ئورۇندۇقلار سۇنۇپ پاراكەندە بولدى. بۇ پاتپاراقچىلىق تەخمىـنەن بىـر سائەتتىن كۆپرەك داۋام قىلغاچقا، ئاخىرى ئۇلار دەرۋازىنـى ئېچىۋېتىشـكە مەجبۇر بولدى.

يوقىرىقى ۋەقەدىن بىر نەچـچە كـۈن كېـيىن، خوتەنـدىكى داڭلىـق ئاخۇنۇملار ۋە بايلاردىن بولۇپ 60،50 كىشى بىزنىـڭ بـاغ ھويلىمىزغـا يىغىلدى (بىزنىڭ 〈باغ ھەزرەت سۇلتان مازىرى〉 نىڭ يېنىـدىلا بولـۇپ، خوتەن بويىچە داڭلىق باغ ئىدى. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ باغنىڭ تەرىپىنـى قىلىشىدۇ)، ئۇلار شـۆتاڭدا ئىچىلغـان يىغىـن ۋە يالاڭباشـتاق بولـۇپ رەسىمگە (بۇتقا) بـاش ئۇرۇشـقا مەجبـۇرلاش، جـۈمەنى يەكشـەنبىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىسلام دىنىغا زىـت ئىشـلار توغرىسـىدا قـاتتىق غەزەپلىنىپ پىكىر قىلىشـتى. ئىبـىمدە قېلىشـىچە، ئۇلارنىـڭ قىلىشـقان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: يېڭـى جـاڭجۇڭ (جىـڭ شـۆرىننى دېمەكچى) تەختكە چىققاندىن كېـيىن، بىزنىـڭ دىنىمىزنـى يوقىتىشـنى قەستلەپتۇ. بۇ كاپىرلار بىزنى بۇتقا باش ئۇرۇشـقا مەجبـۇرلاپ، ئۇلـۇغ جۈمە نامىزىنى يەكشەنبە كۈنى ئوقۇشقا ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇق قىلدى. بىز قەتئىي تۇردە ئۇلارنىڭ بۇ خىل رەزىللىكلىرىگە قارشـى تـۇرۇپ، دىنىـي شەرىئىتىمىزنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە،

بۇندىن كېيىن دىنىي مەھكىمىنىڭ شەرىئەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ھەر بازار كۈنىدە (ئۇ چاغلاردا ھەر پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى يېڭىشەھەر، كونا شەھەردە ئايرىم- ئايرىم بازار بولاتتى) مەھكىمە ئاخۇنلىرى، شەيخۇل ئىسلاملارنى كۆپرەك قاتناشتۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە 30- 40 تەك شەيخۇل ئىسلام ئىككى سەپ بولۇپ ئالدىدا ماڭاتتى)، چوڭ رەستىلەرنى ئايلىنىپ تەشۋىق قىلىپ، ئېھتىزاپقا چىقىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم (ئېھتىزاپ: دىنىي شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنى چەكلەش؛ جىڭ-تۇرۇزلارنى، ئۆلچەملەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش؛ يۈزى ئوچۇق، ھاياسىز ئاياللارنى چەكلەش ۋە زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىكلەرنى، مەسلەرنى، ئوغرى، قىمارۋازلارنى چەكلەشتىن ئىبارەت). بۇ ئىشقا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى ئىش: بۇندىن كېيىن ئاتاقلىق ئاخۇنۇملاردىن 40 كىشى يىغىلىپ، ھەر چارشەنبە كۈنى مەزكۇر باغدا قۇرئاننى، سەھىھۇل بۇخارىنى تامام قىلىپ دۇئا تەلەپ قىلىشنى يولغا قويۇشىمىز، دىنىي ئىسلامنىڭ تېخىمۇ كۈچ - قۇدرەت تېپىشىنى، يۇرتنىڭ تىنىچ- ئامان بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ھايالىق، دىيانەتلىك بولۇشىنى، ھوكۇمەتنىڭ ئادىل، ئىنساپلىق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىمىز لازىم، —— دېگەنلەردىن ئىبارەت. دۇئا تەلەپ كۈنىدىكى ئاش- تاماق، چىقىملارنى شەھەر، يېزىلاردىكى چوڭ بايلار (لوپ، قاراقاشتىكى بەزى چوڭ بايلارمۇ قاتناشقان ) ئۆزلىكىدىن ئۈستىگە ئېلىپ، شۇكۈنىدىن باشلاپلا نەق پۇل، ئاشلىق، قوي، كالا، قاتارلىقلارنى ياردەم قىلىشتى. بۇ ئىقتىسادىي ئىشلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇشقا مۇھەممەت شېرىپ مۇپتى قاتارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولدى. زاپخوزلۇققا سەيدى بەگ مەسئۇل بولدى. ئاشپەزلىككە رېھىمجان تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ باغ ھويلىدا ھەر چارشەنبە كۈنى دۇئا- تەلەپ قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ دۇئا-

تەلەپكە قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە: مەتشېرىپ مۇپتى، ئەمەت خاتىپ، ئىسراپىل داموللام، مەنسۇر دامۇللام، مەمتىلى دامولللام، سەبۇتىلللامەۋلىۋى، توختى ئاخۇن دامولللام، ئەخمەت توختى ئەلەم، مەمتىمىن مۇپتى، نىياز قازىم (چۈيۈن)، نىياز قازىم (خارەت)، مەتسالى مۇپتى، ھۇشۇرنىياز مۇپتى، جاپپار مۇپتى، غۇپۇر رەئىس، مەمەتئېلى ئاخۇنۇم (گۇما)، داۋۇت دامولللام، ئەلا دامولللام، سەمەندەر ھاجىم، غاپپار ھاجىم، ئەمەت ھاجىم، ئەمەر قارىم، ئىنايەت قارىم، مەمەتشا قارىم، نۇراخۇنۇم (مەكتەپخۇن)، ئىسمايىل قارىم، نۇراخۇنۇم(ئىمام)، نىزامىدىن ئاخۇنۇم، قاسىم ئاخۇنۇم، ھۈسىيىن ھاجىم، قاسىم ئەپەندىم، ئەبەيدۇللا ئەپەندىم ۋە مېنىڭ دادام توختى مەمەت شېيخ قاتارلىق 40تىن ئارتۇق كىشى ئىدى.

بۇ دۇئا- تەلەپ قىش- ياز توختىماي ئىككى يىل داۋام قىلدى. بەزىدە ناھىيەلەردىنمۇ بايلار ۋە ئاخۇنۇملار كېلىپ قاتناشتى.

1931- يىلى باھار مەزگىلىدە قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر قوزغىلاڭنى قوللاش يۈزىسىدىن بىر پارچە تەبرىكنامە يېزىپ ئەۋەتمەكچى بولدى. مەمەت شېرىپ مۇپتى بىلەن ئىسراپىل دامولللام مەسئۇل بولۇپ بىر پارچە تەبرىك خەت يېزىپ چىقتى. خەت پۈتكەندىن كېيىن، ئىسراپىل دامولللام كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى. ئاندىن كېيىن ھەممە كىشى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ قول قويدى. مەھكىمە ئاخۇنلىرى مۆھۈر باستى. خەتنىڭ مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ئاساسلىق مەزمۇنى: غوجانىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئىسلام قوزغىلىڭىنى قوللاپ قارشى ئالىمىز. خوتەنگە تېزرەك يېتىپ كېلىشلىرىنى ئارزۇ قىلىپ تىلەيمىز. سىلەر بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كەلگەندە بىزلەرمۇ بۇ تەرەپتىن قوزغىلىپ سىلەرگە مەدەت بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتلىرىدە

بولمىز. جاناپلىرى بىلەن شەھەر تالاشمايمىز، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خەتنى مەخسۇس كىشى ئارقىلىق ئەۋەتىش كېرەكمۇ ياكى سودىگەرلەر ئارقىلىق ئەۋەتىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى غۇلغۇلا قىلىشقانلىرىنى ئاڭلىغاندىم، كىم ئارقىلىق ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. دۇئا. تەلەپ يەنىلا داۋاملىشىۋەردى.

1933- يىلى 2- ئاينىڭ 17- كۈنى (سەيشەنبە) قاراقاش ناھىيەسىدە مۇھەممەتئىمىن داموللام باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ بولغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى چارشەنبە كۈنى دۇئا- تەلەپكە يىغىلىدىغانلار يىغىلمىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى، يەنى سەبۇتىللا مەۋلىۋى قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ كەتتى. خوتەندىكى ئاخۇنۇملارنىڭ دۇئا- تەلەپ پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. «ئىسلام قوزغىلىڭى» غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دوتەينىڭ سۆزىنى خاتا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان باھاۋۇدۇن بەگ ئىسلامچىلار تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلدى.

## خوتەندە پەيدا بولغان بىر قىسىم يېڭى شەيئىلەر

ئالدى بىلەن شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتىمەنكى، ھازىرقى كۈندە خوتەن رايونىدىكى ئاممىنىڭ ھېسياتىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم شەيئىلەر خوتەن رايونىدا يېڭىلىق بولۇپ، پەيدا بولغىنىغا يېرىم ئەسىر بولغان. جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ بىر قىسىم يېڭى شەيئىلەرنىڭ خوتەندە پەيدا بولغانلىقىغا قارىتا كىشىلەر ھەرخىل ھېسياتلاردا بولماقتا. مەسىلەن: 50ياشتىن تۆۋەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر خوتەن رايونىدىكى بۇ خىل شەيئىلەرنى «بۇلار ئەزەلدىن تارتىپ

مەۋجۇت» دەپ قاراشسا، بەزى پېشقەدەم كىشىلەر بۇلارنىڭ تارىخىنى بەك يېقىن ياكى بەك يىراق مۆلچەرلىمەكتە، مۇشۇ سەۋەپلەر بىلەن بەزى ئورۇنلاردا ئەمەلىي تارىخ بىلەن كونكرېت ھېسابلاشمايلا «50يىللىق خاتىرىلەش» ئۆتكۈزمەكتە. يەنە بەزى ژورناللارمۇ ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنى يەتكۈش ئوتتۇرىغا قويۇپ ماقالە ئېلان قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋالنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىمەن:

ۋەلىسىپىت: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1932- يىلى سىدىقخان دېگەن كىشى (ئەنگىلىيە پۇقراسى) ئەنگىلىيەدە ئىشلەنگەن بىر دانە ۋېلىسىپتنى ئۆزى شەخسى ئېلىپ كېلىپ ئىشلەتكەن.

ئاپتوموبىل: خوتەنگە تۇنجى قېتىم 1935- يىلى ياز مەزگىلىدە ماخوسەننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن تۆت نەپەر ئىنژېنېر (رۇس) شەنبە كۈنلۈكتە (خوتەن كونا شەھەردە شەنبە كۈنىدە بازار بولاتتى) «ئورال» ماركىلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن كەلگەن. بۇ ئاپتوموبىل كېرىيە، نىيىلەرگىچە بارغان.

كىنو: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1935- يىلى خوتەنگە كەلگەن تۆت نەپەر رۇس ئىنژېنېر «چاپايوف»، «گىران شىتات» دېگەن ئىككى كىنو فىلىمنى ئېلىپ كېلىپ، خوتەن، كېرىيە، نىيىلاردا بىلەتسىز قويۇپ بەرگەن.

سىمسىز تېلېگىراف: 1935- يىلى يۇقىرىقى سوۋېت ئىنژېنېرلىرى خوتەندە تۇنجى قېتىم سىمسىز تېلېگراف ئۆگىنىش سىنىپى ئېچىپ، بىر مەزگىل دەرس ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقارمايلا قايتىپ كەتكەن.

ئايرۇپىلان: خوتەنگە تۇنجى قېتىم 1936- يىلى 8- ئايلاردا گېرمانىيەنىڭ ئۈچ ماتورلۇق بىر ئايرۇپىلانى كەلگەن بولۇپ، بۇ ئايرۇپىلان خوتەن ھاۋا بوشلۇقىغا غەرپ تەرەپتىن پەيدا بولۇپ كىرىپ، شەرق تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن ۋە

لوپ ناھىيەسىنىڭ غەربىدىكى كەڭشۋە دېگەن جايغا قونغاندىن كېيىن، ماخوسەن قوشۇنلىرى قورشاپ تۇتۇۋېلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن.

تانكا: خوتەنگە 1937- يىلى 10- ئاينىڭ باشلىرىدا ماخوسەن قوشۇنلىرىنى خوتەن رايونىدىن يوقىتىش ئۈچۈن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن روس ۋە قىرغىز قوشۇنلار 20دانە تانكا، 40دانە زەرەھلىك ئاپتوموبىل (بىرونىۋىك ئاپتوموبىل) ئېلىپ كەلگەن، (ئاپتوموبىل ۋە ئاتلىق قوشۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا). يەنە ئۈچ ئايرۇپىلانمۇ كەلگەن بولۇپ، ھاۋا قاتناش ئىشلىرى شۇ كۈندىن تارتىپ باشلانغان.

خوتەن ۋىلايىتى: خوتەن رايونى 1924- يىلى ۋىلايەت بولغان. خوتەن 1924- يىلدىن بۇرۇن قەشقەر ئامبىلىغا قاراشلىق ئايماق ئىدى. قاراقاش ناھىيەسىمۇ 1920- يىلغا قەدەر خوتەن ناھىيەسىگە قاراشلىق بەگلىك رايون بولۇپ، 1920- يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان. خوتەننىڭ ۋىلايەت بولۇش جەريانى مۇنداق: قەشقەرگە ئون نەچچە يىل ھەربىي، مەمۇرىي باشلىق بولغان ماتىتەي (ماخۇشىڭ- خۇيزۇ) جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا مۇستەقىل بولىۋېلىپ ئۆلكە رەھبەرلىكىگە بويسۇنمىغاچقا، ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىڭ ئۈچتۇرپان ئامبىلى (ھاكىمى) ماشۇۋۇنىڭ ماتىتەي بىلەن بولغان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى قوشۇن تولاپ ماتىتەينى يوقىتىشقا بۇيرۇيدۇ. 1924- يىلى 5- ئايلاردا ماشۇۋۇ قەشقەرگە كېلىپ ماتىتەينى يوقىتىدۇ. ياڭ زېڭشىڭ ئۆز ۋەدىسى بويىچە ماشۇۋۇنىڭ بۇ ئالاھىدە خىزمىتى ئۈچۈن دوتەي (ۋالىيلىق) لىك مەنسەپ بېرىپ، خوتەن رايونىنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئايرىپ ئايرىم ۋىلايەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماشۇۋۇ خوتەننىڭ تۇنجى ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ

(1932ـ يىلدىن بۇرۇن) خوتەن رايۇنىدا دوتەي (ۋالىي)، ئامبال (ھاكىم)، تۇڭلۇڭ (تۇەن دەرىجىلىك ھەربىي)، باجخانا، پوچتىخانا قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بارلىققا كېلىدۇ (ئۇلاردىن باشقا ئىدارە- جەمئىيەتلەر يوق ئىدى). 1932ـ يىلى 2ـ ئايدىن 1937ـ يىلى 10ـ ئايغا قەدەر ئالتە يىل جەريانىدىكى «ئىسلام قوزغىلىڭى» ۋە ماخوسەن قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت يەرلىك توپىلاڭچىلىقتىن كېيىن، خوتەن رايۇنىنى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىشغال قىلىپ شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلىدى. 1938ـ يىلى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى ئورگان، يېڭى شەيئىلەر پەيدىن- پەي مەيدانغا كەلدى.

ساقچى ئىدارىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئورنى ھازىرقى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى ئورنىدىكى مەمەتسىدىق ھاجى، ئەمەت ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوروسىدا بولغان. دەسلەپكى باشلىقى ما X X جۇيجاڭ (خەنزۇ) ئىدى.

سوت مەھكىمىسى (فايۈەن): 1938ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا خوتەندە تۇنجى قېتىم ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغان. ئورنى يۈسۈپ بەگ ھاجىنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، ھازىرقى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپكى باشلىقى: چىڭ زۇڭجى يۈەنجاڭ (خەنزۇ) ئىدى.

مائارىپ ئىدارىسى: 1938ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۇنجى قېتىم ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى گۇجان دەرۋازىسىدىكى ساۋۇر ئاخۇن شاگىزۇڭنىڭ قوروسىدا ئىدى. باشلىقى سۈي جاۋتەي (خەنزۇ) ئىدى. 1939ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ماجاۋسۇڭ (ئازادلىقتىن كېيىن خوتەنگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان) مائارىپ مۇپەتتىش (دۇشۇ) بولۇپ كەلگەن.

بانكا: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسى قۇرۇلـدى. دەسـلەپكى جىڭلىسـى ليۇرۇڭتەن ئىدى. ئورنى: ھازىرقى ناھىيەلىك يېزا- بـازار كارخـانىلىرى ماگىزىنى بولغان ئورۇن ئىدى. 1939- يىلى خەلقتىن پاي تـوپلاپ (بىـر پاي 50يۈەن ئىدى. پۇلىنىڭ قىممىتى — بىر نان بەش فـۇڭ ئىـدى)، «خوتەن سودا- تىجارەت بانكىسـى»غـا ئۆزگەرتىلـگەن. 1943- يىلـى كېرىيەدە، 1944- يىلى گۇما ناھىيەسىدە قۇرۇلغان بولـۇپ، 1950- يىلـى باشقا ناھىيەلەردە قۇرۇلغان.

يەرلىك ماللار شىركىتى (تۇسەن گۇڭسى): 1938- يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم يەرلىك ماللار شىركىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ شەرق تەرىپـىدە ئىـدى. دەسـلەپكى باشـلىقى: يـۈي X X جىڭلى (خەنزۇ) ئىدى.

سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (گۇڭشاڭخۈي): 1938- يىلى تـۇنجى قېتىم خوتەندە ناھىيەلىك سـودا- سـانائەتچىلەر بىرلەشمىسـى قۇرۇلغـان بولۇپ، دەسلەپكى باشلىقى ھەسەن ئاخۇن خۇيجـاڭ (خـۇيزۇ) ئـىدى. ئورنـى ھـازىرقى جـىڭ مېھمانخانىسـىنىڭ غەرب تەرىپـىدىكى ھەسـەن خۇيجاڭنىڭ قورۇسىدا ئىدى.

تەمىرات ئىدارىسى (جەنشېجۈي): خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلـى ۋىلايەتلىك تەمىرات ئىدارىسى (جەنشېجۈي) قۇرۇلدى. ئورنى يورۇڭقـاش ئابلاجان قارىنىڭ ھويلىلىرىدا بولۇپ، دەسـلەپكى باشـلىقى جـاڭجۇنمىن (خەنـزۇ) ئـىدى. باشـقۇرىدىغان كەسـپى دېھقـانچىلىق، چـارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلە- ئۈجمىچىلىك قاتارلىقلار ئىدى.

ھاۋارايى ئىستانسىسى: خوتەندە تۇنجى قېـتىم 1939- يىلـى ھـاۋارايى ئىستانسىسـى قۇرۇلـدى. ئورنـى شـورباغدىكى ئايرودورۇمـدا ئـىدى.

تېخنىكلىرى: ۋاڭجىڭفۇ (خەنزۇ)، ئابلىھەتلەر ئىدى.

دوختۇرخانا: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇلغان. ئورنى ئالتۇندىكى مەدرىسىدە (ھازىرقى سىياسىي مەكتەپ ئورنىدا) بولۇپ، دەسلەپكى باشلىقى لى X X يۈەنجاڭ، كېيىن جاڭ شىڭليا (ھەر ئىككىلىسى خەنزۇ) ئىدى. 1940- يىلى ھازىرقى بىناغا كۆچكەن. دەسلەپكى دوختۇرلىرى: سوۋېتلىك كالانوۋىچ، سوفىيە (ئايال) ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى يېتىشتۈرۈلگەن دوختۇرلار: ئابدۇقادىر ئاخۇن، قاسىم ئاخۇنلار ئىدى.

مال دوختۇرخانىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىسى قۇرۇلغان. ئورنى خەلپىلىك ھويلىدىكى مەمتىمىن مۇپتى (ۋالىي ھەزرىتىم)نىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، ھازىرقى دىيەنچاڭنىڭ ئورنىدا. دەسلەپكى باشلىقى ھوشۇر ئەپەندىم، دوختۇرلار: ئىمىنجان، ئايۇپ قۇربان، سەمەت پەيزۇللا قاتارلىقلار ئىدى. 1941- يىلى كونا شەھەردىكى سىدىقخاننىڭ ھويلىسىغا يۆتكەلگەن.

«خوتەن گېزىتى»: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى كۈزدە ھەپتىدە بىر «خوتەن خەۋىرى گېزىتى» شاپىگرافتا بېسىپ چىقىرىلغان. ئورنى كونا شەھەر قاراڭغۇ كوچىدىكى قۇربانىياز ھاجىمنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، باشلىقى ئۇشەندا (خەنزۇ) ئىدى. دەسلەپكى باسمىخانىدا ئىشلىگۈچىلەر: ئىمىن ئاخۇن بۇلبۇل، جۇسىڭگۈي (خەنزۇ) قاتارلىقلار ئىدى. 1940- يىلى ھاجى ياقۇپ منخ مەتبە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەپتىدە ئىككى قېتىم چىقىرىلىدىغان بولغان. 1940- يىلدىكى ئورنى چوڭ جامەنىڭ يان ئىشكى تەرىپىدىكى غوپۇرجان ھاجىمنىڭ ھويلىسىدا ئىدى. باشلىقى (شېجاڭ) ھاجى ياقۇپ بولۇپ، نابورچىكلار ئوسمانجان قاتارلىقلار ئىدى. 1940- يىلى كۈزدە ئالتۇندىكى دوختۇرخانا قىلىنغان جايغا كۆچكەن.

ئۇيغۇر ئويۇشما: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى 3- ئايدا (باشقا ناھىيەلەردە 4- ئايدا) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى (قىسقارتىپ 〈ئۇيغۇر ئويۇشما〉 دېيىلىدۇ) تەشكىل قىلىندى. ئورنى دوللۇق بايلارنىڭ سارىيىدا بولغان (كېيىن خەنزۇ، خۇيزۇ ئويۇشمىلار قۇرۇلدى). دەسلەپتە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما رەئىسى ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مۇئاۋىن رەئىسى ياقۇپجان (ئۆزبېك) ئىدى. باش كاتىپى نىزامىدىن ئەپەندىم (قايماق) ئىدى. ئويۇشما تەشكىلى تەشكىلات، مالىيە، تەشۋىقات، مەدەنىيەت بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مالىيە بۆلۈم قارمىقىدا ئاۋقاپ بۆلۈم بار ئىدى. ئۇنىڭ باشلىقى پېشقەدەم دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەت ھاجىم ئىدى (ئەمەت ھاجىم 1940- يىلى 10- ئايدا رەئىس بولۇپ، 1944- يىلىغا قەدەر ئىشلىگەن). تەشۋىقات بۆلۈم قارمىقىدا سانايىنەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) بولۇپ، دەسلەپتە ئوبۇلقاسىم ئابىت باشلىق بولغان. مەدەنىيەت بۆلۈمگە مەمتىمىن ھېلىموف باشلىق بولغان.

خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ): خوتەندە تۇنجى قېتىملىق زامانىۋىي يېڭى پەن مەزمۇن قىلىنغان خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى 1935- يىلى ماخوسەن ھۆكۈمىتى ئاچقان. ئورنى ھازىرقى 2- ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان ئورۇندىكى قەدىمكى بۇتخانىنىڭ بىناسىدا ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى: چىلىڭ X X (خەنزۇ)، مايۇندى (خۇيزۇ)، مۇسا داموللا (ئاتۇشلۇق، چەت ئەلدە ئوقۇغان كىشى)لار بولۇپ، جەمئىي ئىككى سىنىپ بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان. سان جەھەتتە 80دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 40ئەتراپىدا، خۇيزۇلار 15ئەتراپىدا ئىدى. ئوقۇش تۈزۈمى بەش يىللىق بولۇپ، كۈندىلىك دەرس ۋاقتى ئالتە سائەت ئىدى. ئاساسىي ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر: خەنزۇ تىلى، ھېساپ، تەبىئەت، ھۈسنىخەت، رەسىم، شېئىر،

تەنتەربىيە، دىن دەرسىدىن ئىبارەت. بۇ مەكتەپنى 1937- يىلى شىڭ شىسەي ئۆتكۈزىۋېلىپ، 1938- يىلى 9- ئايدا بىر ئۇيغۇر سىنىپ كۆپەيتتى. 1940- يىلى 1- ئايدا ئۇيغۇر سىنىپنى چايخانا مەكتەپكە قوشۇپ بېرىپ، خەنزۇ سىنىپنى تەرەققىي قىلدۇردى. ھازىرقى خەنزۇ بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەنە شۇ مەكتەپتۇر.

ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن خەلق ئىچىدىن ۋەكىل بولۇپ تۇنجى قېتىم ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، خوتەندىن ئۈرۈمچىگە سەپەر قىلىش: 1938- يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «سەنچۈەن داخۇي» (بىرىنچى قارار خەلق ۋەكىللىرى، ئوقۇغۇچىلار ئويۇشما ۋەكىللىرى ۋە 4- قېتىملىق تەنھەركەت مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت)گە قاتنىشىش ئۈچۈن خوتەندىن ئۇيغۇر ئويۇشما رەئىسى ھوشۇر نىياز مۇپتى باشلىق ھەر ناھىيەدىن بىردىن كىشى بولۇپ جەمئى سەككىز ۋەكىل، تەنھەركەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغانلاردىن مەن (مەمتىمىن توختى)، ئابابەكرى تۇرسۇن قاتارلىق بەش ئوقۇغۇچى ئالتە نەپەر ھەربىينىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارە باشلىقى سۇي جاۋتەينىڭ يېتەكچىلىكىدە 1938- يىلى 8- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىككى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق ۋە 18كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇق. ئۇ چاغلاردا تاش يوللار بولمىغاچقا، قۇملۇق، بوزاڭ يوللاردا ماڭدۇق. دەريالاردا كۆۋرۈك يوق، ماشىنىنى كېمىلەردە ئۆتكۈزگەنتۇق.

خوتەندە تۇنجى قېتىم يېڭى ئەدەبىي- سەنئەت ئەسەرلىرىنى سەھنىدە رەسمىي ئورۇنلىشى: 1938- يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدا سانايىنەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلۇپ، تېخى سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىپ باقمىغانىدى. مەن ۋە ئابابەكرى تۇرسۇن ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندىن كۆچۈرۈپ

يېزىۋالغان «مۇنەكۋاي» دېگەن نەشكەشلەرنى تەنقىتلەيدىغان كومېدىيىنى 1938- يىلى 1- ئايدا خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە رېپتىتسىيە قىلىپ تەييارلاپ، دەسلەپ خوتەندە، ئاندىن كېيىن قاراقاش، لوپ ناھىيەلىرىدە جەمئىي ئۈچ ئاخشام سەھنىدە كۆرسىتىپ، ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئويۇشما قاتارلىق ئورۇنلار ۋە شەخسىيلەر ياردەم قىلغان 5000يۈەن پۇلنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن بەردۇق. يەنە شۇ يىلى 12- ئايدا مەن، ئابابەكرى تۇرسۇن، مەھەممەت رەجەپ قاتارلىق ئالتە كىشى سانايىنەپىسگە ئەزا بولۇپ قوشۇلدۇق. يەنە سانايىنەپىسگە ئاتاقلىق پىشقەدەم سەنئەتچىلەردىن ھاجى خانىم، قاھارجان، قوچقار باي قاتارلىقلار قاتنىشىپ، ناخشا، ئۇسسۇل، كومېدىيە ۋە دراممىلار سەھنىدە قويۇلۇشقا باشلىدى. 1939- يىلى داڭلىق قىزىقچى، پىشقەدەم سەنئەتچى ئەمەت ئۆمەر ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، شەنلى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن سانايىنەپىسگە قاتنىشىپ، خوتەننىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى.

زامانىۋى بىلىم ئوقۇتىلىدىغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى:

خوتەندە تۇنجى قېتىم 1938- يىلى يازدا زامانىۋى پەننىي بىلىم ئوقۇتۇلىدىغان ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. 1938- يىلى 3- ئايدا ئۇيغۇر ئويۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، 6- ئايلاردا پېشقەدەم مائارىپچى، باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەمەت ھاجىم ئۆزى تەربىيەلەۋاتقان غوجامكۆل مەكتىپىدىكى 200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى ئۆزلۈكىدىن باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇيغۇر ئويۇشما مەدەنىيەت بۆلۈمى بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى روزى بەگ ھاجىمنىڭ سارىيىدا (ھازىرقى ئىلچى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دوختۇرخانىسى ئورنىدا) ياتاقلاشتۇرۇپ تەشكىللىدى. بۇنىڭ

ئىچىدىكى كەمبەغەل، يېتىم- يېسىر بالىلاردىن 100دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى دارىلئىتام ئوقۇغۇچىسى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياتاق- تاماق، كىيىم-كېچەك، ئوقۇش قورالى قاتارلىق بارلىق لازىملىق نەرسىلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۈستىگە ئالدى. ئوغۇللار بىلەن قىزلارنى ئايرىپ، ئوغۇللار مەكتىپىنى غوجامكۆل مەھەللىسىدىكى مىلىك ھەزرەتنىڭ مەدرىسىدە قىلدى. قىزلار مەكتەپىنى ئابلاجان ھاجىنىڭ مەدرىسىدە (ھازىرقى جىلك مېھمانخانىنىڭ غەربىي تەرىپىدە) ئورۇنلاشتۇرۇپ، 1938- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ رەسمىي دەرس باشلىدى. ئوغۇللار مەكتىپىگە ئوسمانىنىياز ھاجى مۇدىر بولدى (دارىلئىتامغا قوشۇمچە باشلىق بولدى). بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرى ھۆسىيىن ئەپەندى، ئىسھاق نۇرى، سەيدئۇاققاس نۇرى قاتارلىقلار. قىزلار مەكتەپكە ھاجى خانىم مەكتەپ مۇدىرى بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرى زەيتۈنە خانىم قاتارلىقلار.

1939- يىلى خانسايىپ (ئەسلى ئىسمى بەدردىنخان)نىڭ قوروسىنى ھۆكۈمەتكە سېتىۋېلىپ (بۇ جاي ئەسلى ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ بولۇپ، 1938- يىلى مەملىكىتىگە قايتۇرغان) مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاپ 1940- يىلى 6- ئايدا يېڭى بىناغا كۆچتۈق (ھازىرقى چايخانا مەكتەپ). بۇ چاغدىكى مۇدىر ئابابەكرى تۇرسۇن بولۇپ، مەن ئىلمىي مۇدىر ئىدىم. بۇ مەكتەپنىڭ چايخانا مەكتەپ دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ: 1938- يىلى كۈزدىن باشلاپ ھازىرقى خوتەن ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيەسى بولغان ئورۇندا ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن بىر چايخانا ئاچقان. ئۇ چايخانىغا جورىباي، قوچقار باي، زىياۋۇدۇن دېگەن كىشىلەر مەسئۇل بولۇپ، بۇ چايخانا ئىنتايىن بازار تاپقان. ئاخشاملىرى گازۋاي لامپا يېقىپ كېچىلىرىمۇ ئاچقان. ئابدۇرېھىم لىتىپ

قاتارلىق كىشىلەر مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ياڭرىتىپ، ئۇسسۇل قىزىتاتتى. تامىقى مانتۇ، پولودىن باشقا جەركوپ، مەستاۋا قاتارلىق ئۆزبېكچە تاماقلار ئىدى. بۇ چايخانىنىڭ داڭقى ھەممە جايغا تارقىلىپ كەتكەچكە، 1940- يىلى 6- ئايدا مەكتەپ مۇشۇ چايخانا بىلەن قوشنا بولۇپ كۆچۈپ چىقىش بىلەن كىشىلەر «چايخانىدىكى مەكتەپ» دەپ ئاتىدى. ھازىرغا قەدەر بۇ ئاتالغۇ داۋام قىلماقتا.

دارىلمۇئەللىمىن: خوتەندە تۇنجى قېتىملىق ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 1939- يىلى 1- ئايدىن 6- ئايغىچە ئېچىلغان. ئىككىنچى قارارى 1939- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ بىر يىللىق ئېچىلغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئىككى سىنىپ (80ئوقۇغۇچى) قوبۇل قىلىپ تەربىيەلەنگەن. ئورنى دەسلەپتە ھازىرقى سۇ ئىدارىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىدى. كېيىن ھېيتكار مەھەللىسىدىكى بۇتخانا بىناسىغا كۆچتى. ئۈچىنچى قارارنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن بىناسىدا (بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشى 1939- يىلى باشلىنىپ 1940- يىلى 9- ئايدىن بۇرۇن پۈتۈپ كۆچۈپ چىققان) ئاچقان. بىرىنچى، ئىككىنچى قارار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىلىرى سوۋېتتە (تاشكەنتتە) ئوقۇغانلاردىن ئابدۇراخمان ھىدايوف، ياسىنوپ، ئابدۇغوپۇرلار ئىدى. ئۈلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەردىن ياسىن روزى ھاجى، مۇسا تۇردى، ھەسەن تۇردىلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پەن سىلىكيوەن قاتارلىق بىر نەچچە باشلىقلارمۇ دەرس بېرەتتى. كىيىم- كېچەك، تاماق، ئوقۇش قوراللىرى بىلەن ھۆكۈمەت ناھايىتى ياخشى تەمىنلەيتتى. مەن ھەم ئاشۇ تۇنجى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان.

مۇزاكىرە كۇرسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1939- يىلى 7- 8- ئايدا (يازلىق كانىكول ۋاقتىدا) ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ ئىككى ئايلىق مۇزاكىرە كۇرسى (بىلىم ئاشۇرۇش

كۇرسى) ئاچقان. ئۇرنى كونا شەھەردىكى چوڭ ھېيتكارنىڭ باغ ھويلىسىدا بولغان. شۇندىن تارتىپ ھەر يىلى يازلىق كانىكول ۋاقتىدا مۇزاكىرە كۇرسى (بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى) ئېچىشنى يولغا قويۇپ كەلگەن.

مۇزىكا كۇرسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1940- يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدا ئالتە ئايلىق مۇزىكا كۇرسى ئاچقان. مۇزىكا ئۇستازى ھاجى مەمەت (تاشكەنتتە ئوقۇغان) ئىدى. شاگىرتلار ئالتە نەپەر بولۇپ، بۇلاردىن نادىرخان، ھوشۇر ئەيسالار ئىسكىرىپكا، دىمەن ئىمىن نەي، ماموتجان چاڭ، تۇرسۇنتوختى تەمبۇر، ئابدۇقادىر غوجى داپنى ئۆگىنىپ، مۇكەممەل مۇزىكانتلاردىن بولۇپ يېتىشكەن. بۇ كىشىلەر ھازىرمۇ داڭلىق مۇزىكانتلاردۇر. بۇ كۇرسقا دەسلەپتە مەن مەسئۇل بولغانىدىم. كېيىن قاراقاش ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكىنىمدىن كېيىن، ئوبۇلقاسىم ئابىت مەسئۇل بولغان.

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى: خوتەندە تۇنجى قېتىم 1939- يىلى 9- ئايدا ۋىلايەت بويىچە 300دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ھەربىيلەر قاتناشقان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى (يۈندۈخۇي) ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە 16تۈر بويىچە بولۇپ، بىر ئادەم تۆت تۈرگە قاتنىشىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. مەن شۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ 1500مېتىر، 800مېتىر،400مېتىرگە يۈگرەش ۋە چۆيلۈن توپ ئېتىش تۈرىگە قاتنىشىپ، بىرىنچىلىككە ئېرىشتىم. ئابابەكرى تۇرسۇن 200مېتىر، 100مېتىر قىسقا ئارلىققا يۈگۈرۈش ۋە ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش تۈرىگە قاتنىشىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. 1940- يىلى ئۆتكۈزگەن ئىككىنچى قېتىملىق يۈندۈخۇيدا مەرھۇم ھوشۇر نىياز ئەيسا 5000مېتىر، 10000مېتىر يىراققا يۈگۈرۈشتە بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشكەن. نادىرخان قىسقا ئارلىققا يۈگۈرۈش، تاغارنى پۈتى

تەرەپتىن كىيىپ يۈگۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

تاشيول ۋە دەريا كۆۋرۈكى: خوتەندە تۇنجى قېتىم خوتەندىن زاۋىغىچە بولغان تاشيول 1939- يىلى ياسالدى. يورۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكى بىلەن قاراقاش دەريا كۆۋرۈكى 1939- يىلى ياسالغان. 1940- يىلى زاۋىدىن گۇمىغىچە بولغان تاشيولنى ياساپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاتناش راۋانلاشقان.

دارىلئاجىز (فۇلىيۇەن): 1939- يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئويۇشما تەرىپىدىن دارىلئاجىز تەشكىل قىلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى ئىگە-چاقىسىز، مېيىپ، تىلەمچى، ئەمگەك كۈچىدىن قالغان، باققۇچىسى يوق قېرىلاردىن-ئاجىزلاردىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن. ئورنى «ھەزرەت سۇلتان مازار»دىكى مەدرىسىدە بولۇپ، باشلىقى ئەمەتجان مەخسۇم، زاپخوزى مەمەتنىياز خەلپەت ئىدى.

خۇسۇسىيلار شىركىتى: خوتەندە تۇنجى قېتىم خۇسۇسىيلار بىرلەشكەن سودا شىركەتلىرى 1939- يىلى تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ شىركەتلەر «ئىتتىپاق»، «بىرلىك»، «پىلە-پاختا» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان شىركەتلەردىن ئىبارەت ئىدى.

تىراكتور: خوتەنگە تۇنجى قېتىم 1959- يىلىنىڭ ئاخىرى دۆلەت ئىگىلىگىدىكى يېڭىئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا سوۋېتتە ئىشلەنگەن ئىككى زەنجىر تاپان تىراكتور كەلگەن.

كۇلۇب: خوتەندە كىنو- تىياتىر كۇلۇبى تۇنجى قېتىم 1940- يىلى پۈتكۈزۈلۈپ، خەلق كۇلۇبى دەپ ئاتىلىپ ئويۇن قويۇش باشلانغان. كېيىن «قىزىلىيۇلتۇز كۇلۇبى» دەپ ئاتالغان. 1973- يىلى قىشتا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن.

(ئەسكەرتىش: خوتەننىڭ پوچتا قاتناش ئىشى 1955- يىلدىن

بۇرۇن ئات- ئۇلاغ بىلەن قاتنايتتى. 1955-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ ماشىنا بىلەن قاتنايدىغان بولدى)

## ئىلىم-مەرىپەت ئورۇقىنى چاچقۇچى ئەمەت ھاجىم

«مەكتەپخون ئەمەت ھاجىم» دېيىشە ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئىلىم-مەرىپەت ئورۇقىنى چاچقۇچى تەرەققىيپەرۋەر ئۇستاز» دەپ مەدھىيەلىشىدۇ.

ئەمەت ھاجىم 1895- يىلى خوتەن شەھرىنىڭ ئاقتاش دىگەن يېرىدە دىنىي كەسىپ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى زىكرۇللاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسمايىل ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا قۇربان سوپى، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا يولداش ئاخۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا قۇندۇز ئاخۇن بولۇپ، بوۋىسى ئىسمايىل ئاخۇنۇمدىن تارتىپ ھەممە ئەۋلاتلىرى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپ ئېچىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە بالا ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتكەن. مەسىلەن: ئەمەت ھاجىمنىڭ دادىسى ئۈچ بىر تۇغقان بولۇپ چوڭى زىكرۇللاخۇنۇم ئاقتاش كەنتىدە، ئىككىنچىسى سەيدۇللاھاجىم ئىلى- چۆچەك، كورلا، كۇچار ناھىيەلىرىدە. ئۈچىنچىسى ئابدۇۋېلى ئاخۇنۇم ئۇرۇمچىدە دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان.

زىكرۇللاخۇنۇمنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ چوڭى ئەمەت ھاجىم خوتەن شەھرىدە دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ كىچىكى ئابدىجېلىل ئەپەندى قاراقاش ۋە خوتەن ناھىيەسىدە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ 1992- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ كىچىكى ئابدىخېلىل ئەپەندى 1938- يىلدىن باشلاپ پەننىي

مەكتەپلەردە ئوقۇپ 1942- يىلى ئۈرۈمچى سىفەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۇرپان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە 1947- يىلى تۇرپاندا خەلق قوزغىلىڭىدا قازا تاپقان. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ هازىرغىچە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئابلىز سەيدۇللانىڭ ئۈچ ئوغلى ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا. ئابدىۋېلى ئاخۇنۇمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قۇربانجان ئابدىۋېلى، ھېسامىدىن ئابدىۋېلىلارمۇ مائارىپ خىزمىتى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەمەت ھاجىم كىچىكىدىن تارتىپ زېرەك، تىرىشچان بالا بولۇپ، دادىسىدىن كۆپ تەلىم ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى بىلەن باشقا باللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش قىلاتتى.

ئەمەت ھاجىم ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاق يۈز، ئاق چىراي، ئارا ساقىلى بار، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان خۇشخۇي كىشى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق جايدا ۋە ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا كىشىلەرگە بالدۇر سالام قىلىپ كەمتەر، سەممىي پوزىتسىيەسى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇ 1920- يىلىدىن باشلاپ خوتەن شەھەر غوجامكۆلبېشىدىكى قۇربان ھاجىم قايماق دېگەن كىشى قۇرغان ئىككى سىنىپلىق دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە بالا ئوقۇتقان. قۇربان ھاجىم بۇ مەكتەپكە يانداش قىلىپ كۆركەم بىر مەسچىتمۇ سالدۇرغان. مەكتەپ ئىككى سىنىپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرسى ئوغۇللار سىنىپى بىرسى قىزلار سىنىپى ئىدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئۈسكۈنلىرى ئىنتايىن ئاددى بولۇپ، ئىككى بېشىغا كالتە پاچاق بىكىتكەن ئۇزۇن ياغاچلار جوزا ئورنىدا قويۇلغان. ئوقۇغۇچىلار كىتاب- دەپتەرلىرىنى مۇشۇ ئاددى جوزا ئۈستىدە قويۇپ ئوقۇيتتى ۋە دەپتەرلەرگە خەت كۆچۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بىلىم سەۋىيەسى بويىچە تۈركۈمگە ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قىستىلىشىپ زىچ ئولتۇرغاچقا

ئوغۇللار سىنىپىغا ئۈچ ـ تۆت يۈزدەك، قىزلار سىنىپىغا 200دىن ئارتۇق بالا سىغاتتى. ياز كۈنلىرى 150ئەتراپىدا، قىش كۈنلىرى 200ئەتراپىدا بالا ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يەنە ئۇيغۇر باللاردىن باشقا ئۆزبېك، خۇيزۇ، ئافغان (كابۇللۇق) ۋە پاكىستانلىقلارنىڭ باللىرىمۇ بار ئىدى. قىش كۈنلىرى سىنىپلارغا سىغمىغان باللارنىڭ بىر قىسمى مەسچىتنىڭ تاشقى سەھنىسىدە ھەمدە سىنىپ سىرتىدىكى يول بويىدا بىر قانچە يەرگە ئوت قالاپ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلىم- سەۋىيەسىگە قاراپ ئۈششاق كەلىمىلەرنى يادلاپ ئوقۇيدىغانلار، قۇرئان ئوقۇيدىغانلار، ھەرخىل كىتابلار يەنى «موھۇمماتىل مۇسلىم»، «موبەييان»، «سوپىئەليار»، «نەۋايى، «نەۋبەتى»، «ھۆۋەيدا»، «خوجا ھاپىز»، «ئاقائىت جەۋھەرى»، «ئاقائىت زەرۆرى» قاتارلىق كىتاپلارنى ئوقۇيدىغانلار بويىچە ئايرىم گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ئىدى.

ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە: دىن دەرسىدىن يوقىرقى دەرسلىك مەزمۇنى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ يەنە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈرئىتىگە قاراپ بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، كىچىك گۇرۇپپىلارنى ئاساس قىلىپ ساۋاق بىرەتتى. دىن دەرسىدىن باشقا يەنە ھىساپتىن 4ئەمەلنى (قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش) ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆسنخەت، شېئىر، تەنھەرىكەت قاتارلىقلار كۈندۈلۈك دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلەتتى. كۈندە سەككىز، 10سائەت ئۆگىنىش بولاتتى.

ئۆگىتىش ئۇسۇلى جەھەتتە: ھىساپ بىلەن ھۆسنخەتنى كىتاپ ئوقۇش سەۋىيىسىدىكىلەرگە مەخسۇس دەپتەر تۇتۇپ ئۆگىنەتتى. تەنھەرىكەتنى چوڭ گۇرۇپپا بويىچە ھەر كۈنى بىر سائەت خەلپەتلەر مەسئۇل بولۇپ مەكتەپ سىرتىدا ئۆگىتەتتى. تەنھەرىكەت مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە:

ئىككىدىن ۋە تۆتتىن سەپ تۈزەش، ئوڭ، سول، ئالدى- ئارقىغا بۇرۇلۇش، رەتلىك مېڭىش، ئاستا يۈگرەش ۋە قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرەش، گىمناستىكا قاتارلىقلار پىششىق ئۆگىتىلەتتى. شېئىر دەرسى ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار قايتىدىغان چاغدا ئۆتۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئالدىدا سەپكە تىزىلاتتى، ئاندىن ئەمەت ھاجىم ئۆزى يېرىم سائەت ئۆگىتەتتى. 1929- يىلىدىن بۇرۇن، يەنى -- ئەمەت ھاجىم ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆگەتكەن شېئىرلاردىن قەشقەردە سۇيىقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان شېئىر بولۇپ، بۇ شېئىرنى ئەمەت ھاجىم مۇڭلۇق ئاھاڭغا سېلىپ ئۆگەتكەن ئىدى. بۇ شېئىردىن ئېسىمدە قالغىنى تۆۋەندىكىچە:

*مەرھۇمى داموللام ئابدۇلقادىرىم ناھەق كەتتىلەر،*
*ئۆگەتكەن بىزلەرگە ھەق كالامنى شۇنداق ئالىملەر.*
*قەشقەردە يېتىملەر ھامىمام ئىچىدە كۆلدە ياتۇرلەر،*
*ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملەر.*
*ئوقۇيمىز، بىلمەيمىز، «رىسالى ئەرەب» مۇشكۇلدۇر بىزگە،*
*بىلمەيمىز، بىلدۇرمەس ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملەر.*
*ئۇ ئالىملەر بىلگەننى يولغا ساتۇرلەر شۇنداق زالىملەر،*
*قولىدا تەسۋى، بېشىدا داستار، ھارام يىگەنلەر شۇنداق ئالىملەر*

بۇ شېئىرنى ئوقۇش تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولىشى مۇمكىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئوقۇش مەنئىي قىلىنغان ئىدى.

ئەمەت ھاجىم 1931- يىلى ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئالغان تەسىراتىنى تۆۋەندىكى

شېئىرلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بىزگە ئۆگەتكەن:

*باشقا مىللەتلەر ھاۋادا ئۇچار،*
*زېمىندا ماشىنا، ئوتلەر يۈرگۈزەر.*
*دېۋە، جىن ئەمەس ئىلىم ۋە ھۈنەر،*
*قىلىنى شۇ ھېكمەت ئېزىز ۋەتەنگە.*

ئەمەت ھاجىم يوقىرقى شېئىرلارنى مەيلى باشقا جايدىن ئۆگەنگەن بولسۇن ياكى ئۆزى ئىجاد قىلغان بولسۇن ۋە ياكى تېكىستىنى ئۆزى يېزىپ باشقىلاردىن ئۆگەنگەن ئاھاڭلارغا سېلىپ ئۆگەنگەن بولسۇن، بۇ شېئىرلاردا يېڭىلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىلىم- مەرىپەتكە ئىنتىلىش، شۇ چاغدىكى زالىملارنى قامچىلاش ھېسسىياتى خېلى كۈچلۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەت ھاجىم ئوقۇغۇچىلارغا شېئىر ئۆگەتكەندە ئالاھىدە ھېسسىياتلىق ۋە مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن-قىزغىن، روھلۇق كەيپىيات ئىچىدە ئۆگىتەتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ناھايىتى جانلىق، روھلۇق ئۆگىنەتتى. ھساپ، ھۆسنىخەت ۋە دىن دەرسلىرىنى ئەمەت ھاجىم ئۆزى كۈنبويى دەم ئالماي (تاماق ۋاقتى ۋە نامازدىن باشقا ۋاقىتلاردا) ساۋاق بېرىپ ئۆگىتەتتى. خەلپەتلەر (سىنىپ باشلىقى) ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ ئۆگىتىپ قويۇش بىلەن ئىنتىزام ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. تۇردى ئاخۇنۇم باش خەلپەت بولۇپ ئۇ كىچىك خەلپەتلەرنى باشقۇرۇش بىلەن، ئەمەت ھاجىم يوق چاغلاردا دەرس ئۆتەتتى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ۋە ئىنتىزامىغا نازارەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك يوقىرى بولۇپ بىر ۋارقىرىسا ئوقۇغۇچىلار جىمجىت بولاتتى. 1933- يىلى ئەمەت ھاجىم تۇردى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆز ئالدىغا

مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇنۇم گۇجان دەرۋازىسىدىكى مەمەت سىدىق ھاجىم ياساتقان ئىككى قەۋەتلىك دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئازاتلىققا قەدەر بالا ئوقۇتقان. ئۇنىڭ «تۇردى ئاخۇن خەلپەت» دېگەن نامى ھازىرغىچە خەلقنىڭ ئېغىزىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. تۇردى ئاخۇنۇمدىن كېيىن ئەمەت ھاجىم مەكتىپىگە زاكىر ئاخۇن خەلپەت بولغان. ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىگە قەدەر «خەلپەت» نامى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەمەت ھاجىمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى: كونا دىنىي مەكتەپلەردە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن يەنى- مەدىنىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇن بولغان خۇراپىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يورەكلىك بۇزۇپ تاشلاپ، ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئاجايىپ يېڭىلىق ياراتقان. يەنى — كونا دىنىي مەكتەپلەردە:«خەت يېزىش زىيانلىق» دەپ قارالغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەيتتى. ئەگەر ئۆزلۈكىدىن خەت يېزىشنى ئۆگەنگەنلەر بولسا، خەت يازغان قولىغا قاتتىق ئۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئاخۇنۇملار ئوقۇشنى بىلىپ، يېزىشنى بىلمەيتتى. ھازىرمۇ بەزى پىشقەدەم ئاخۇنۇملاردىن خەت يازالمايدىغانلىرى بار. بەزىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خېتىنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمايدۇ.

ئەمەت ھاجىم مۇشۇنداق قالاق ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىشنى ھەمدە ھۆسنخەت يېزىشنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغان. بولۇپمۇ ھۆسنخەت بىلەن ھېساپ ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. خەت يېزىشنى ھەم ھېساپ چىقىرىشنى ئۆگىتىشتە، مەكتەپنىڭ شارائىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپىلار بويىچە

ھەركۈنى نۆۋەت بىلەن مەكتەپ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ سەھنىسىدە يەرگە جىجاپ يېزىپ ئۆگىنىشكە سالاتتى. مەيلى خەت يېزىش بولسۇن، مەيلى ھىساپ ئىشلەش بولسۇن مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تەكرار ئۆگىنىش بىلەن، دەپتەرگە يېزىپ ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرەتتى. دىن دەرسى ئوقۇتۇش جەھەتتىمۇ، ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئايەتلىرىنى پىششىق ئۆگۈتۈپلا قالماي، ئۆگەنگەننى نۆۋەتلىشىپ مەسچىتكە چىقىپ ئەمەلى ناماز ئوقۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىمتىھان ئالاتتى.

ئەخلاقىي جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق تەربىيەنى كۈچەيتىپ ھەركۈنى مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغدا ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تىزىپ، يېرىم سائەت ئەدەپ- ئەخلاق قائىدىلىرىنى سۆزلەيتتى. يەنى -- يول يۈرگەندە يولنىڭ ياقىسى بىلەن مېڭىش، ياشتا چوڭلارغا، ئاتا- ئانىلارغا سالام بېرىش، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىگە زىيان سالماسلىق، ئەدەپسىزلىك قىلماسلىق، ئائىلە ئىشلىرىغا ئاكتىپ ياردەملىشىش قاتارلىق قائىدىلەرنى دائىم تەكىتلەپ، بۇ ئەدەپ- ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتە قىلاتتى ۋە ياخشىلارنى تەقدىرلەپ، ناچارلارنى تەنقىت قىلاتتى.

ئەمەت ھاجىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ خاتالىقلىرىنى تەنقىتلەش ۋە جازالاش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە تاكتىكا قوللىناتتى. مەسىلەن: رۇخسەتسىز دەرستىن قالغان، باشقا يەڭگىل ئىنتىزامسىزلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى يەڭگىل تەنقىتلەپ؛ تەكرار كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى بولسا «سىزنى شەيتان قورشىۋاپتۇ، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز تەستەكلەپ شەيتاننى قاچۇرۇڭ»، دەپ ئۆز- ئۆزىنى بىر نەچچە كاچات ئۇرغىلى سالاتتى. ئۆز- ئۆزىنى ئۇرغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالغانلارنى «سىزنى مەن ئۇرمۇدۇم ھەم ئۇرمايمەن، ئۆزىڭىز شەيتاننى

ئۇرۇپ قاچۇردىكەنمىز» دەپ، تەسەللى قىلىپ تەنقىت- تەربىيە بېرەتتى. ئەگەر مەكتەپتىن قاچىدىغان ياكى باشقا ئېغىرراق ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلار بولسا، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئاندىن ئىككى - ئۈچ ئوقۇغۇچىغا بىر نەچچە تال تاياق كەستۈرۈپ كېلىپ بۇ ئوقۇغۇچىنى باشقىلارغا يۆتكۈزەتتى ياكى ئىككى قولىنى كېرىپ تۇتقۇزۇپ ئۇرماقچى بولاتتى. مانا مۇشۇ جىددى پەيتتە، ئالدىن پىلانلاپ قويغىنى دەرھال بىرسى سىرتتىن كىرىپ بۇ بالىنى «تىلىۋالغان» بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر تاياق ئۇرمايلا قاتتىق تەھدىت بىلەن تەربىيە بېرەتتى. بۇ خىل جازادىن بىر قېتىم قۇتۇلغان ئوقۇغۇچى ئادەتتە يەنە تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەھمەت ھاجىم ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئادەتلەندۈرەتتى. مەسىلەن: ھەريىلى باھار مەزگىلىدە دەل- دەرەخلەر ئەمدىلا يوپۇرماق چىقارغان چاغلاردا، يەنى 3- ئاينىڭ 20- كۈنلىرىدىن كېيىن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ قۇربان ھاجىم قايماقىنىڭ گۈجاندىكى باغ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ «نورۇز بايرام» پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتى. بۇ پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى شېئىر ئوقۇش، چېلىشىش، توپ تۇتۇپ ئويناش، قىسقا ئارىلىققا يۈگرەش، كۆز تېڭىپ ئادەم تۇتۇش، بوۋا ئويۇنى قاتارلىقلار ئىدى. قىزلارنىڭ پائالىيىتى جىكەش ئويناش، يەرلىك توپ ئويۇنى، ناخشا- ئۇسۇل قاتارلىقلار ئىدى.

ئەھمەت ھاجىم 1929- يىلى ئەرەبىستانغا چىقىپ ھەج قىلىپ، 1931- يىلى قايتىپ كەلگۈچە مەكتەپنى قۇدرەتۇللاخۇنۇم، سەيدۇللا ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر باشقۇرۇپ تۇرغان. مۇشۇ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئەھمەت ھاجىم ئەرەبىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىنى ھەمدە مىسىر، تۈركىيە، ئىراق، ھىندىستان، پاكىستان، قازان شەھىرى قاتارلىق دۆلەت ۋە شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى بەزى

يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، سىنىپلارغا جوزا ۋە دوسكا ياساپ ئوقۇتۇشىنى يولغا قويغان. دېمەك، ئەمەت ھاجىمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى نىسبەتەن ئىلغار بولغاچقا ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سەۋىيەسى ھازىرقى 5- ، 6- سىنىپنىڭ سەۋىيەسىگە تەڭ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ چاغدا خوتەندە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان 1- قارار ھەم 2- ،3- قارار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە خوتەن شەھىرىدىن ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ئەمەت ھاجىمدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغانلار ئىدى. مەنمۇ شۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدىم. ئەمەت ھاجىمنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ھەر ساھە بىلىملىك كىشىلىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن: بىلال ئەزىزى (ل.مۇتەللىپ بىلەن ئاقسۇدا بىللە قۇربان بولغان)، ئابدۇقادىر مۇھەممىدى، مەتئابلا بەگ ھاجىم قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار؛ نۇرىمەت قۇربان، زۇنۇن رۇستەم، مەمتىمىن نىياز (قارامايدا مائارىپ مەسئۇلى) ئابلىز سەيدۇللا قاتارلىق ئاز بولمىغان كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچىلار؛ نادىرخان قاتارلىق داڭلىق مۇزىكانتلار ۋە سەنئەتچىلەر، شۇنىڭدەك ئاياللاردىنمۇ تۇنجى ئارتىستكا ھاۋا ساقى (1943- يىلى غېرىپ- سەنەم ئوپېراسىدا سەنەم رولىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئېلىپ چىققان)، رابىيخان غوپۇر (قىزلار مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولغان)، ئەتتەر خانىم (ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە سودا ئورۇنلىرىدا مەسئۇللۇق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن) قاتارلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەمەت ھاجىمنىڭ تەربىيەسىدە بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن. يۇقىرقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەت ھاجىمدا ئوقۇپ كېيىنكى چاغلاردا جەمئىيەت خىزمىتىگە قاتناشقان ياكى قىسقا كۇرسلاردا تەربىيەلىنىپلا خىزمەتكە چىققان ۋە ياكى يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. دىنىي ئۆلىمالاردىن مەمەت ئىمىن داموللا ھاجىم (ناۋاي داموللام) قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئەمەت ھاجىمدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خوتەندە تۇنجى قېتىم يېڭى مەكتەپ ئېچىلغاندا ئەمەت ھاجىمدا ئوقۇغان

كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەننىي مەكتەپنىڭ يوقىرى سىنىپلىرىدا ئاز ۋاقىتلا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: نۇرمەت قۇربان، زۇنۇن رۇستەم، مەمتىمىن نىياز، رابىيخان غوپۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. يەنە بەزىلەر پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇمايلا شۇ بىلىم سەۋىيەسى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن ئاتاقلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ قالغان. مەسىلەن: ئابلىمىت يۈسۈپ ھاجىم، غوپۇر ھاجىم، غوجى باھاۋۇدۇن ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر شۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. يەنە بەزىلەر جەمئىيەتتە مۇھىم خىزمەتلەرگە قاتناشقان. مەسىلەن: مىزەخمەت خۇيجاڭ (ئاپتونوم رايونلۇق سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)، ھاجى توختى، ئەتىنەر خانىم قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ۋەكىلى.

يەنە ئالاھىدە ئاپىرىن ئېيتىشقا تېگىشلىكى شۇكى، 1938- يىلى 3- ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇيۇشما قارمىقىدا باشقۇرۇلىدىغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىشنى پىلانلاپ تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە (شۇ يىلى 6- ئايلاردا) ئەمەت ھاجىم غوجامكۆل مەكتىپىدە ئۆزى ئوقۇتىۋاتقان 200دىن ئارتۇق قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى شېئىر ئوقۇپ كوچا ئارىلاپ تەشۋىق قىلىپ، ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ 100دىن ئارتۇق بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن. نەتىجىدە 9- ئايدا بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ (چايخانا مەكتەپ)، قىزلار مەكتەپ (ھازىرقى شەھەرلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپ) ۋە دارىلتام قاتارلىق مەكتەپلەرنى تەشكىل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەت ھاجىم ئۇيغۇر ئۇيۇشما خىزمىتىگە قاتنىشىپ 1938- يىلدىن 1940- يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەۋقاپ(مالىيە) مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەدەنىي- مائارىپ خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ

توپلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1940- يىلى ئۆكتەبىردىن 1944- يىلىغىچە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ مەزگىللەردە خوتەننىڭ مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، كىشىنى خوشال قىلىدىغان نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن. پەقەت خوتەن ناھىيەسىدىلا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى ئاۋۋالقى يەتتىدىن 68گە كۆپەيگەن. ئەمەت ھاجىم يەنە يېزىلاردا يېڭى مەكتەپ بەرپا قىلىش ھەققىدە تەشۋىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىگەن. 1944- يىلدىن 1950- يىلغىچە ئۇيغۇر ئويۇشما تەپتىش ھەيئەت مۇدىرلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ناھىيەلىك سىياسى كېڭەشتە ۋە سىياسى مەكتەپتە خىزمەت قىلىپ 1967- يىلى 9- ئاينىڭ 19- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

خوتەنگە ئىلىم- مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى خەلقپەرۋەر، تونۇلغان مائارىپچى ئۇستاز ئەمەت ھاجىمنى خوتەن خەلقى داۋاملىق ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

(رەتلەپ تەييارلىغۇچى: ئامىنە نىياز)



ئامىنەم نىياز، ئايال، ئۇيغۇر، 1950- يىلى قۇمۇل شەھرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇمۇلدا ئوقۇپ 1965- يىلى شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات فاكولتېتىغا كىرگەن ۋە 1984- يىلىغىچە خوتەن «شەرق شامىلى سودا سارىيى»دا ئىشلىگەن. 1984- يىلى خوتەن شەھرى قۇرۇلغاندا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشكە يۆتكىلىپ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، خوتەن تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، يېزىش، رەتلەش، تەھرىرلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شۇنداقلا، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كورىكتورلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ سۈپەتلىك، توغرا ۋە چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان.

ئابدۇللا سۇلايمان

# خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادەتلىرى

## 1. تېرىقچىلىققا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي ئۇچۇرلار

«قەدىمكى تارىم ۋادىسى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن جايى[1]» بولۇپ، «بۇ رايوننىڭ ئىقلىم شارائىتى ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل تۈردىكى ئەجدادلىرىنىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلىشىغا تولىمۇ باب كېلەتتى[2]». تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى «ئۈدۈن بۇنىڭدىن بەش- ئالتە مىڭ يىللار ئىلگىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. ھازىرقى نىيا، كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردىن نەپىس ياسالغان تاش قوراللار تېپىلىپ، ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەنلىكلەر ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى[3]». ھازىرقى گۇما ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تېغى ئارىسىدا ئۈچ جايدىن قىيا تاش رەسىملىرى بايقىلىپ، ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن بۇ رەسىملەر تەخمىنەن يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى قىياسلاندى. رەسىمدە سىزىلغانلارنىڭ پۈتۈنلەي ئەر بولۇشى، مۇشۇ مەزگىلدە ئەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسىي كۈچكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

ئەجدادلىرىمىز قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىدىكى يايلاق، جاڭگاللاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، ئولتۇراق تۇرمۇش تەقەززالىقى بىلەن پەيدىنپەي ئىگىلىك تەرەققىياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەردىن خېلى بۇرۇنلا بوستانلىق مەدەنىيىتىگە ئۆتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- 4- ئەسىردىلا ئۇدۇن، ئۇزۇنتات، نىيا، يولئارىش، چىرا، گۇما قاتارلىق جايلار تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان[4]. «تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10- ئەسىرلەردە بىر قانچە شەھەر دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن[5]». بولۇپمۇ، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات، نىيا قاتارلىق بەگلىكلەر تۇزلەڭلىكتىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقاچقا، سۇغىرىشقا قولايلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشى، شارائىتى تېرىقچىلىققا باب كېلەتتى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى جەھەتتە دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە بولۇپ، يېغىلىق دەۋرىگە كەلگەندە بۇ زېمىندا يېزا ئىگىلىك خېلىلا تەرەققى قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ئۆستەڭ چېپىپ، تۇغان ياساپ، سۇ باشلاپ يەر سۇغارغان. ئۆكۈز، ئات قاتارلىقلارغا تايىنىپ يەر ئاغدۇرغان. مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتكەن.

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991- يىل نەشرى، 22- بەت

② ۋ. بارتۇلت: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۇرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984- يىل خەنزۇچە نەشرى

③ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 200- يىل نەشرى 1- كىتاب 3- بەت.

④ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 200- يىل نەشرى 1- كىتاب 3- بەت

⑤ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى 442- بەت.

«ۋېينامە» دە ئۇدۇن توغرىسىدا: «زېمىنى ھەر خىل ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كېلىدۇ» دەپ يېزىلغان بولسا، «لىياڭنامە» دە: ئۇدۇننىڭ «سۇ مەنبەسى كۆپ، قوم- تاشلىرى كۆپ، كىلىماتى مۆتىدىل، شال، بوغداي تېرىشقا، شاپتۇل ئۆستۇرۇشكە باب كېلىدۇ....» دەپ يېزىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېخىچە تېرىلمىغان كېۋەزنىڭ بۇ رايوندا تېرىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

«مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر بۇغداي (قارا بوغداي)، تېرىق (سۆك)، ئارپا، چۈجگۈن(قوناق)قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى قىلىپ كەلگەن. كەندىر، كېۋەز قاتارلىق تالالىق زىرائەتلەرنى ئۆستۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ماتا- رەخت توقۇپ، كىيىم- كېچەك كىيگەن. ھازىرغىچە خوتەن بوستانلىقىدىن بايقالغان ئىپتىدائىي شەھەر- قەلئە خارابىلىرى بىلەن قەدىمكى قەبرە، يادىكارلىقلاردىن يەنە بىر مۇنچە بۇغداي دانلىرى، بۇغداي باشقى، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر، شۇنداقلا بۇغداي تېرىش ھەققىدە يېزىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى خاتىرە پۈتۈكلەر تېپىلغان. مەسىلەن: بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيا خارابىسىدىن بۇغداي دانلىرى ۋە بىر تال بىجىرىم ساقلانغان بۇغداي باشقى تېپىلغان. 1959- يىلى بۇ شەھەر خارابىسىدىن خېلى كۆپ تېرىق ۋە بىر قەۋەت تېرىق دۆۋىسى (تېرىقلا رىئوزۇن يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بىرىكىپ قېتىپ كەتكەن)، شۇنداقلا بىر مۇنچە چۈجگۈن دىنى، سامان تېپىلغان. شۇ يىلى يەنە نىيا خارابىسى بىلەن ھازىرقى كېرىيە ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن پاختا، چىگىت، ئادەم ۋە گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ مۇكەممەل توقۇلغان پاختا رەختلەر تېپىلغان. ۋۇجىن ئەپەندى

بۇ پاختىنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن تېرىلغان پاختا ئەۋرىشكىسى دەپ، قارىدى[①]».

ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز تېپىدىكى ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى كۆرسەتكىنىدەك «شىنجاڭدا بوغداي مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن. بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر[②]».

دېمەك، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تاكى 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغا قەدەر بولغان ناھايىتى ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىدە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق خوتەنلىكلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، تېرىقچىلىق شەكلى، تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئاستا- ئاستا دەۋرىلىككە ـــــ ئادەتلىنىشكە يۈزلەنگەن. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي يازمىلار ۋە بۇ رايونغا يېقىنقى دەۋرلەردە كېلىپ كەتكەن ئارخېئولوگلار، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كىتابلىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسلىقى ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان ۋە مۆلۈك دەرەخ يېتىشتۈرگەن. بۇ يەرلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك، ھاۋاسى ئىللىق، يەرلىرى مۇنبەت، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، قەدىمدىن تارتىپلا تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بىر قەدەر ئىلغار» بولغان. «ھەر قايسى بوستانلىقلار ئاھالىسىنىڭ كىرىمى يېزا ئىگىلىكتىن كەلگەچكە كىشىلەر زور كۈچ سەرپ قىلىپ،

---

① ئا. مۇھەممەد سايرامى: «قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ئىگىلىكى ھەققىدە» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1992- يىلى 4- سان) غا قارالسۇن.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» خەنزۇچە 1983- يىل 3- سان)

ئېرىقلارنى ياساپ تېرىقچىلىق قىلغان. بۇ ئېرىقلار خۇددى جانلىقلار تېنىدىكى قان تومۇرغا ئوخشاش تۇتۇشۇپ، تور ھاسىل قىلىپ، ھەر بىر پارچە يەرگە ھاياتى كۈچ ئاتا قىلغان. سۇغىرىش تورلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغان①».

## 2. تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار ۋە تېرىش ــــ كۆكەرتىش شەكلى

خوتەندە يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئومۇمەن مۇنداق بەش خىلغا بۆلۈنگەن: (1) كۆپ يەر ئىگىلەپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكى كىشىلەر تېرىقچىلىق قىلماي، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ يېرىنى كۆكەرتكۈچىلەر؛ (2) بىر قەدەر كۆپ يەر ئىگىلىگەن بولسىمۇ يېرىنىڭ بىر قىسمىدا ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىپ، خېلى بىر قىسمىنى باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كۆكەرتكۈچىلەر؛ (3) ئۆزىگە تەئەللۇق يەرنى ئۆزى تېرىپ ئىشلەپچىقارغۇچىلار؛ (4) ئۆزىنىڭ ئازغىنە يېرىدە تېرىقچىلىق قىلغاندىن سىرت، باشقىلارنىڭ يېرىگە ئىشلىگۈچىلەر؛ (5) پۈتۈنلەي يەرسىز بولۇپ، يىل بويى باشقىلارغا ئىشلەپ ئائىلىسىنى باققۇچىلار.

خوتەن بوستانلىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىش نىسبىتى ۋە ئەسىرلەردىن بۇيانقى تېرىقچىلىق قىلىشتىكى يۇقىرىقى ئايرىمىلار بىر خىل ئادەت شەكلىنى ئېلىپ، ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد داۋام قىلىپ كەلگەن. تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر- زېمىنى كۆپ ياكى ئازراق

①پېرژېۋالېسكى: «لوپنۇرغا سەپەر» (خۇاڭ جيەنمىن تەرجىمىسى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998- يىل 8- ئاي 1- نەشرى.

بولغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئىشلىمەي، باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدىغانلار بولسۇن؛ ھەم ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىدىغان ھەم بىر قىسىم يېرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدىغانلار بولسۇن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پۈتۈم بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا رىئايە قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.

«يەر ــ ئالتۇن قوزۇق»، «يېرى بارنىڭ جېنى بار» قاتارلىق ئەقلىيەلەر بويىچە ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد يەرگە باغلىنىپ ئۆتۈش، يەردىن چىققان نېسىۋىسىگە شۈكرى قانائەت قىلىش، پۈتكۈل ئاھالىنىڭ مەنىۋى تۈۋرىكىگە ئايلانغان.

يەر ئىگىلىرى باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشتا، ئادەم ياللاپ تېرىقچىلىق قىلىش ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ: يىللىق ياللانغۇچىلار ئادەتتە «يىللىقچى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى شۇ يەر ئىگىسىنىڭ تېرىلغۇسىنى بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ياكى ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد شۇ ئائىلىدە «يىللىقچى» بولۇپ تۇرىدىغانلارنى كۆرسەتكەن. ياش، قاۋۇل ئەمگەكچىنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققى 60 چارەكتىن 80 چارەككىچە قوناق ھېسابلىنىپ، 60 چارەك قوناق بەرگۈچىلەرگە تاماق، كىيىم- كېچەك (يەر ئىگىسىنىڭ كونا كىيىملىرى) بېرىلگەن. 80 چارەك قوناق بەرگۈچىلەرگە يەر ئىگىسى تاماق بېرىپ، كىيىمنى ياللانغۇچى ئۆزى ھەل قىلىدىغان.

يەر ئىگىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىدىكى ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى: يەرنى ئىجارىگە بېرىش بولۇپ، يەر ئىگىسى مەلۇم كۆلەمدىكى يەرنىڭ سۈپىتىگە قاراپ، يىللىق مەھسۇلاتنى قوناقنىڭ چارەك ھېسابىغا توختىتىپ، دېھقاندىن يىل ئاخىرىدا توختاتقان ئاشلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان. دېھقانچىلىق بېجىنى يەر ئىگىسى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، سۇ ھەققى

ۋە ھاشار- مەدىكار قاتارلىق ئالۋاڭ- ياساقلارنى يەر ئىگىسىگە ئالغۇچى تۆلىگەن.

ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل: تېرىلغۇ يەرنى ئوتاققا بېرىش بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر «ئوتاقچى» دېيىلگەن. يەر ئوتاققا بېرىش ئۇسۇلىمۇ بىر قانچە خىل بولۇپ:

بىرىنچى، بەشتە بەش (5:5) ئوتاق ئۇسۇلى بويىچە يەر ئىگىسى يەر چىقىرىپ، ئوتاقچى كۈچ چىقارغان. ئۇرۇق، ئوغۇت، ياكى ھايۋان كۈچىنىڭ بىرسىنى يەر ئىگىسى، يەنە بىرسىنى ئوتاقچى چىقارغان. غەللە- پاراق (دېھقانچىلىق بىجى ئاشلىقى) ۋە ئۆشرە ئاشلىق چىقىرۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان ھوسۇلنى ئىككى تەرەپ تەڭ نىسبەتتە ئالغان.

ئىككىنچى، ئالتىدە تۆت (6:4) ئوتاق ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يەر ئىگىسى يەرنىلا چىقارسا؛ ئەمگەك كۈچى، ئۇرۇق، ئوغۇت، ھايۋان كۈچى قاتارلىقلارنى ئوتاقچى چىقارغان. ئومۇمىي ھوسۇلدىن غەللە- پاراق ۋە ئۆشرە ئاشلىق چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان ھوسۇل ئون ھەسسە قىلىنىپ، ئالتە ئۈلۈشى ئوتاقچىغا، تۆت ئۈلۈشى يەر ئىگىسىگە مەنسۇپ بولغان.

ئۈچىنچى، ئىككىدە بىر (2:1) ئوتاق ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، يەر ئىگىسى يەر، ئۇرۇق، ئوغۇت، ھايۋان كۈچى چىقارسا، ئوتاقچى پەقەت ئەمگەك كۈچىنىلا چىقارغان. ئومۇمى ھوسۇلدىن غەللە- پاراق ۋە ئۆشرە ئاشلىق چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قالغان ھوسۇل ئۈچ ھەسسە قىلىنىپ، ئىككى ئۈلۈشى (66.66%) يەر ئىگىسىگە، بىر ئۈلۈشى (33.33%) ئوتاقچىغا مەنسۇپ بولغان.

قەدىمدە ئوتاقلىشىپ يەر تېرىشنىڭ يۇقىرىقىلاردىن قىسمەن پەرقلىق بولغان باشقا ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلغان. شۇنداقلا، ئوتاقچى دېھقانلار

ئېرىق- ئۆستەڭ چېپىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق ھاشار ئەمگەك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. يەر ئىگىسىنىڭ دەرەخلىرىنى چاتاش، بىدە- پىچان ئورۇش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. بۇنداق يەر تېرىشتىن باشقا، ئەمگەك ۋە ھاشار ئىشلىرى ئومۇمەن ھەپتىدە بىر كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭغا ئايرىم ئىش ھەققى بېرىلمىگەن.

پەسىللىك، ئايلىق، ھەپتىلىك ياللانغۇچىلار «كۈنلۈكچى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى كۈنلۈك ھېسابلىنىپ، ھەر تۆت كۈنلۈك ئىش ھەققىگە بىر چارەك قوناق بېرىلگەن.

## 3. خوتەن رايونىدا تېرىلىپ كەلگەن ئاساسلىق ئەنئەنىۋى زىرائەت تۈرى

1) بۇغداي. خوتەن رايونىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا قەدىمدىن بۇيان بۇغداي ئاساسلىق دانلىق ئاشلىق ھېسابلىنىپ تېرىلغان. ئۇنىڭ كۈزگى ۋە يازغى بۇغداي دېگەن ئىككى تۈرى بولۇپ، بۇ ــــ بىرى 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ 11- ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلىدىغان، يەنە بىرى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4- ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلىدىغانلىقىغا قاراپ قويۇلغان نام ئىدى.

كۈزگە بۇغداينىڭ چىلگە كۈزگى (پاكار ئۆسىدىغان، يېتىپ كەتمەيدىغان، بالدۇر پىشىدىغان) ۋە ئاق كۈزگى (مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئۇنى ئاق، چىلگە كۈزگىدىن كېيىنرەك 7- ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدىغان، ئورنىنى ئىككىنچى قونىقى تېرىشقا بولىدىغان)، قارا كۈزگى (بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، تېرىلغاندىن كېيىن كانجىلاشتىن باشقا 5- 6- ئايلاردا بىر ياكى ئىككى قېتىم سۇغۇرۇلىدىغان،

7- ئايلاردا پىشىدىغان، ئېگىز ئورنىغا چامغۇر تېرىشقا بولىدىغان)دەپ ئاتىلىدىغان سورتلىرى بار ئىدى.

يازغى بۇغدايىنىڭ ئاق مەككە (مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، دانىسى ئاق، ئۇنىمۇ ئىنتايىن ئاق، خېرىدارلىق، سېتىلىشىتا باشقا يازغى بۇغدايلاردىن قىممەترەك، ئورنىنى ئېگىز قونىقى تېرىشقا بولىدىغان)؛ ھوسۇن چىلگە (دانىسى ئاق، ئورنىنى ئېگىز قونىقى، چامغۇر تېرىشقا بولىدىغان)؛ ئارپا بۇغداي (قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، بالدۇر پىشىدىغان، پاكار ئۆسىدىغان، يېتىپ كەتمەيدىغان)؛ ھورمىتىلا بۇغداي (مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، كېيىنرەك پىشىدىغان، بىر قىسىم يۇرتلاردا ئورنىنى ماش ياكى چامغۇر تېرىيدىغان) قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

2) قوناق (كۆممە قوناق). كۆممە قوناق رايونىمىزغا بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى كىرگۈزۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاق سۆزۈك (دانىسى چوڭ، شاپىلاق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپىمۇ يۇقىرى، 4- ئايدا تېرىسا 9- ئاي ئاخىرىدا، يەنى 180 كۈندە پىشىدىغان)؛ قاپاق قوناق (دانىسى چوڭ، سارغۇچراق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، 5- ئايدا تېرىسا 9- ئاي ئاخىرىدا، يەنى 150 كۈن ئەتراپىدا پىشىدىغان، بىر قىسىم رايونلاردا خوۋانى قوناق، يېسى قوناق دەپمۇ ئاتايدىغان)؛ قارا پىپەك قوناق (دانىسى قىزغۇچ سېرىق، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، ئاش- تامىقى تەملىك)؛ ئارا چىلگە قوناق (ئارپا ئېگىزى ئورنىغا تېرىسىمۇ پىشىدىغان، سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى ئانچە يۇقىرى ئەمەس)؛ يورە پاكار قوناق، ئاق چىلگە قوناق (دانچىلىرى ئۇششاق ۋە يۇمىلاق، بىر باش قوناق دانلىرىنىڭ بەزى دانىسى ئاق، بەزى دانىسى سېرىق ئارىلاش، بۇغداي ۋە ئارپا ئېگىزلىرىغا 7- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە تېرىسا پىشىدىغان)؛ ئېگىز قونىقى- تاش چىلگە (دانىسى

ئۈششاق، پاكار ئۆسىدىغان. بىر قىسىم يۇرتلاردا 7ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنلىرىگىچە تېرىسا پىشىدىغان) قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

3) شال. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە بىر قىسىم يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن خوتەنلىكلەرنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە شال تېرىشمۇ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىچىدىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى ئىدى. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلاردا شال تېرىشقا ئائىت ئىزلار بار. يېقىنقى زاماندىكى بىزگە مەلۇم بولغان دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر قىسىم ھاۋزىلار، تېيىز سۇلۇقلار شال تېرىشتىكى قولايلىق جايلار بولۇپ، قاراقاش، يۇرۇڭقاش، سانجۇ دەرياسى ۋە كېرىيە دەريا دەرياسى بويلىرىدا كەڭ كەتكەن شال ئېتىزلىرى بەرپا قىلىنىپ شال تېرىقچىلىقى داۋام قىلىپ كەلگەن. ئاساسلىق شال سورتى «قىزىل قولتۇق» ۋە «چىلگە شال» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خوتەنلىكلەردە پاخلىدىن ئايرىلىپ تەييارلانغان مەھسۇلات «گۈرۈنجا» دەپ ئاتالغان.

4) ئارپا. ئاساسەن ئۈچ خىل سورتى بولۇپ، سامان ئارپا (شەكلى گۈرۈچ ـ شالدەك، دانىسى شاكاللىق بولۇپ، شاكىلى (پوستى) بىلەن ئۈن تارتىپ تاسقىغاندا شاكىلى كېپەكى بىلەن ئەلگەكتە قالىدۇ. سامان ئارپىنىڭ مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، تاغلىق ۋە تۈزلەڭ رايونلاردا تېرىلاتتى)؛ كۆك ئارپا (رەڭگى كۆكۈش، مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، كۆپرەك سۇ تەلەپ قىلىدۇ، بوستانلىقلار ۋە تاغلىق رايونلىرىدا تېرىلاتتى)؛ ئاق ئارپا ( (چىلگە ئارپا) بالدۇر پىشىدىغان، ئورنىنى قوناق تېرىشقا ھەم بالدۇر ئىستېمال قىلىشقا ئۆلگۈرگەچكە، ئوزۇقى ئەتىياز پەسلىدىلا تۈگەپ قالىدىغان دېھقانلار ئەتىيازدا سۇ تاپسىلا بىر قىسىم يەرلىرىگە ئاق ئارپا تېرىتتى) قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

5) تېرىق (تېرىقنى قازانـــدا قـــورۇپ ئۇن تارتىـــپ نـــان يېقىـــپ يېيىشكە، ئۇماچ، يۇبدان ئېتىپ ئىچىشكە، ئۇننى قـــورۇق پېتـــى يـــاكى قايناقسۇغا سېلىپ ئىچىشكىمۇ شـــۇنداقلا چـــارۋا ماللارغـــا يەم- خەشـــەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ). ۋاقىت تاللىمايتتى، تېرىش پەسلى ئۆتۈپ كەتسىمۇ 7- ئاي ئاخىرىسىغىچە تېرىسىلا ھوســۇل ئېلىشـــقا بـــولاتتى. يـــاز كـــۈنلىرى كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ بىنام، جاڭگـــال بويلىرىـــدىكى قۇملۇقلارغـــا تېرىشـــقا بولـــۋېرەتتى، بولۇپمـــۇ قـــۇم تۇپراقتـــا ياخشـــى ئۆســـەتتى. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇپ، سۇ قىس ئەھۋالدا تېرىغان پېتى ھوسۇلى يېغىۋېلىنغاچقا، تېرىقچىلىقنى ئاددىـــي، كـــۆپ ئەمـــگەك تەلەپ قىلمـــايتتى. بىناملىقلارنىـــڭ ئۇ يەر- بـــۇ يەرلىرىـــدىن توســـۇپ، ئاق يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، بۇقۇسىدا ھەيدەپ، بىرەر قېتىم سۇ ئالســـىلا بـــولاتتى. ئوتـــاش، ئوغۇتلاش ھاجەتسىز ئىـــدى. تېرىقنىـــڭ باشـــقى مۇشـــۈك قۇيرۇقىـــدەك ئۆسىدىغان يەنە بىر خىل (بۇنى ئىستىمال قىلىشتا تېرىقنى يەر سوقىســـى بىلەن ســـوقۇپ، ســـىرتىدىكى بىـــر قەۋەت پوســـتىنى ئاجرىتىـــپ داننـــى ئايرىۋېلىپ، داننى شۇ پېتى بويىچە قازانغا سېلىپ يەڭگىل تاماق قاتارىـــدا كىسەللەر ۋە يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللارغا ئاش ئېتىپ بېرىلىدۇ) سورتى بـــار ئىدى.

تېرىق مەخسۇس تېرىلغاندىن سىـــرت بېـــدىنىڭ يېڭـــى ئۆســـكەن ھايسىلىرىنى قۇياش نۇرى كۆيدۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن بېدە ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپمۇ تېرىلاتتى. بېدە ئاستا ۋە ئاجىز ئۆسكەچكە، تېرىـــق مايىســـى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، بېدە مايىسىغا ســـايە تاشـــلاپ قۇيـــاش نۇرىنىـــڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ساقلايتتى. شۇڭلاشقا يازدا كەلكـــۈن ســـۈيى كـــۆپرەك كەلگەن يىللىرى، قۇملۇق تـــۈزلەڭ رايـــونلاردا دېھقـــانلار ئىمكانىيەتىنىـــڭ بىرىچە تېرىقنى كۆپرەك تېرىشقا تىرىشاتتى.

6) ماش، پۇرچاق. ئۇ ئادەتتە قارا ماش ۋە يېشىل ماش دەپ ئايرىلاتتى.

قارا ماش ئېگىز قونىقنىڭ ئارىسىغا تېرىلغاندىن تاشقىرى، يازدا بۇغداي ئېگىزى ئورنىغا مەخسۇس تېرىلغان. بۇنداق مەخسۇس تېرىلغان ماشلارغا بىر قېتىم سۇ ئالغان ياكى تۇپراق كۆچلۈك بولسا سۇ ئالماي، تېرىغان پېتى مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغان (قارا ماشنىڭ ئالاھىدىلىكى قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇپ، سۇنى كۆپ ئالسا كۆكلەپ كېتىپ دان تۇتمايدۇ).

يېشىل ماش پاكار غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ مەخسۇس كۆلەمگە تېرىشقىمۇ ۋە باشقا خىلدىكى زىرائەتلەرنىڭ قىر، ئورەك، قۇر ئارىلىقلىرىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىشقىمۇ بولاتتى. يېشىل ماش چوكىلىرى ئىلگىرى- كېيىن پىشقانلىقى ئۈچۈن، پىشقان چوكىلىرىنى ئۈدۈللۈق ئۈزۈۋېلىپ ھوسۇل يىغىۋېلىنغان ھەمدە تىبابەتتە دورىلىق قىممىتىگە ئىگە دەپ قارالغان.

لوۋيا. لوۋيىنى مەخسۇس يەرگە تېرىماستىن قوغۇن- تاۋۇز، سەي- ئوتياش، بالدۇر قوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ قىر، ئورەك بويلىرىغا باش ئەتىياز يەنى ــــ 3- 4- ئايلاردا تىكىپ، ھوسۇلنى بىراقلا يىغىۋالماستىن لوۋيا چوكىسى سارغايغاندا ئۈدۈللۈق ئۈزۈپ، قۇرۇتۇپ، سوقۇپ مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغان.

پۇرچاق. پۇرچاقنىڭ تۈرى ۋە رەڭگى كۆپ بولۇپ، ئۇ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت خىلغا ئايرىلاتتى. مەسىلەن، تاغلىق رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماس كېلىدىغىنى؛ تۈزلەڭ ، قۇرغاق رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماس كېلىدىغىنى؛ مەخسۇس كۆلەمگە تېرىلىدىغان پۇرچاق ۋە باشقا زىرائەتلەرگە كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدىغان ياكى بىر قىسىم زىرائەت ئېتىزلىرىنىڭ قىر-

ئۆرەكلىرىگە تېرىلىدىغان پۇرچاق، دېگەنىدەك. پۇرچاق تۇپراق تاللىمايدىغان، سۇنى كۆپرەك تەلەپ قىلىدىغان، باش ئەتىيازدا تېرىسا كۆزدە ھوسۇلى يىغىۋېلىنىدىغان زىرائەت بولغاچقا 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن بۇرۇن خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئاق ۋە كۆك پۇرچاق، تۇزلەڭ رايونلاردىكى كوكتاتلىق- ئوتياشلىق ئېتىزلىرىنىڭ قىر- ئۆرەكلىرىگە ئاق پۇرچاق تېرىلغان.

7) كېۋەز. خوتەنلىكلەر ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرىدە كاپايسا (kapaysa) دەپ ئاتالغان. كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق «كېۋەز» دېيىلىدىغان بولغان. «كېۋەز» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بەزىدە «پاختا» دەپ ئېيتىلىپ، تېرىلغىنىمۇ ھەم ئېچىلغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغىنىمۇ ئوخشاش «پاختا» دېيىلىپ كەلگەن.

كېۋەز تېرىشتا «ئاۋۋال قىرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭلايمىز، ئامۇت چېچەكلىگەندە ئوسا قىلىمىز. ئوسا قىلىپ ئۈچ- تۆت كۈندىن كېيىن يەرنى ئاختۇرۇپ- ھەيدەپ، ئاۋۋال ئوقىنى تارتىپ، ئاندىن كېيىن چۆنەك تارتىپ، چىگىتنى ھۆل توپىغا ئېلىشتۇرۇپ، ئاز- تولا سىيادان، كۈنجۈت قوشۇپ، چېلەككە چىگىتنى ئېلىپ چۆنەكنىڭ تۆپىسىگە سېپىمىز. ئاندىن كېيىن تاماقتا تاتىلاپ ئۇرۇغنى تېگىگە چۆكۈرىمىز. ئالاھەزەل ئون بەش- يىگىرمە كۈندە كېۋەز ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۈنۈپ ئىككى- ئۈچ كۈندە بىر- ئىككى قولاق بولىدۇ. كۈندە ئوتايمىز. ئاندىن يايىمىز[1]. ئىككىنچى ئوتاقتا چۆنەكنىڭ ئىچىنى بىر ئادەم كەتمەندە قىرىپ بېرىدۇ. بەل[2] بىرلە كېۋەزنىڭ تېگىنى يۇمشاتقۇچ ئوتايمىز. سۇغىرىمىز، كېۋەز چېچەكلەيدۇ. بەزىسى سېرىق، بەزىسى قىزىل چېچەكلەيدۇ. قېلىن بولۇپ قالسا تاقلۇۋېتىمىز. شالاڭ قويۇپ قويىمىز. شالاڭ قويغان كېۋەز

① يايىمىز ـــ سۇغۇرىمىز.

② بەل ـــ ئوتىغۇچنىڭ بىر تۈرى

جىق غوزا بولىدۇ ھەم جىق شاخلايدۇ. ئۇتىماق ھەم ئاسان. قۇۋۋەتلىك يەرگە تېرىغان كېۋەزنىڭ تۈپ ئارىسى كەڭرى بولسا، ئادەم كېۋەزلىككە شۇنداق كىرسە چۆكۈپ كېتىدۇ» (گۇننار ياررىڭ (شىۋېتسىيە) «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى». مىللەتلەر نەشرىياتى 1997- يىل 12- ئاي 1- نەشرى218- بەت)

كېۋەزنىڭ قەدىمدىن بۇيان تۆت خىل سورتى بولۇپ، «ئاق پاختا»، «ئاق كورا پاختا» (تېرىش ئومۇملاشقان)، «مەلە پاختا» (رەڭگى سېغىز رەڭدىن توقراق بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىپ ئېگىرىلىپ خام، چەكمەن توقۇپ، بويىماستىنلا كىيىم تىكىپ كىيىلگەن)، «كەنجى كېۋەز» دەپ ئاتالغان.

«ئاقكورا» دەپ ئاتىلىدىغان ئەنئەنىۋى كېۋەز سورتى بولسا، غولى كۆنجۈت غولىغا ئوخشاش تىك ۋە ئېگىز ئۆسىدىغان، شاخلىمايدىغان، ھەر بىر تال يۇپۇرماق تۈۋىدىن بىر ئىككى تال غۇنچىلاپ غۇزا تۇتىدىغان، غوزىسىنىڭ تۈۋى چوڭ، ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، تېرىش مەزگىلى ئاق پاختا بىلەن ئوخشاش، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېۋەز سورتى ئىدى. ئۇ پەقەت سۇ كىرمىسىمۇ ئاز- تولا ھوسۇل بېرىش بىلەن باشقا سورتلاردىن پەرقلىنەتتى. «ئاقكورا» كېۋەز سورتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆسۈش مەزگىلى تاماملانغاندىن كېيىنمۇ غوزىسى ئېچىلمايتتى. ئۈششۈك ئۆتكەندىن كېيىن، غوزىسى ئۈزۈۋېلىنىپ، قۇرىغاندا پاختىسى چىقىرىۋېلىناتتى. ئەمما پاختا تالاسىنىڭ سۈپىتى ئاق پاختىدىن قېلىشمايتتى، بەزىدە غوزا (قۇرۇتۇلغان) پىتى سېتىلاتتى.

«كەنجى پاختا» يەرلىك سورت بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 110 كۈن ئەتراپىدا بولغاچقا، ئېغىر قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىنىڭ ئەتىيازلىقى سۇ يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن پەقەت كەلكۈن كەلگەن يەسلىلەردە (6- ئاينىڭ

باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە) تېرىلىدىغانلىقىغا ئاساسەن «كەنجى پاختا» دەپ ئاتالغان.

8) مايلىقدان. قەدىمدىن بۇيان خوتەندە زىغىر، زاغۇن، كەندىر، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، قىچا، كۈنجۈت، سىيادان، مونۇسكا قاتارلىق مايلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغان. زىغىر مەخسۇس كۆلەمگە تېرىلاتتى. كونا- يېڭى بىنالاردا تۇپراق قاتلىمى نېپىز بولغان جايلاردىمۇ ئۆسۈۋېرەتتى. ئوتاش، ئوغۇتلاش كەتمەيتتى. بىراق، سۇنى كۆپرەك تەلەپ قىلاتتى. 3- ئايدا تېرىسا 9- ئايدا پىشاتتى. ئورنىنى ئىككى يىل ئاق قالدۇرۇپ، يەرنى ھاردۇق ئالدۇرمىسا بولمايتتى. چۈنكى سۇنى كۆپ ئالغاچقا تۇپراق ئاجىزلاپ ھوسۇل چىقمايتتى. زاغۇن بۇغداي بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپمۇ (زاغۇن تارقاتقان بىر خىل ئاچچىق پۇراق ئارقىلىق بۇغدايلىقنى پىت چۈشۈپ كېتىشتىن ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) ياكى مەخسۇس كۆلەمگىمۇ تېرىلاتتى.

9) بېدە. خوتەن بوستانلىقىدا بېدە سورتى «نو بېدە»، «قاشقا بېدە» قاتارلىق ئىككى خىل بولۇپ، كۆلەملىك بېدە تېرىلغاندىن باشقا بىر قىسىم بىنام يەرلەرگە ئاختارما (ئاق يەر) قىلىنىپلا بېدە تېرىلىپ، تاماق بىلەن تۈزلەنگەندىن كېيىن، باشقا زىرائەتلەرگە سۇ ئېلىنىپ، سۇ جىددىيلىكى بىر ئاز پەسەيگەندە ئۈستىدىن سۇغىرىلاتتى.

10) كەندىر. بىر خىل ياغلىق دان ئۆسۈملۈكى بولۇپ، يۇرت كەندىرى ۋە ياۋا كەندىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. يۇرت كەندىرى ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا بىر خىل ئاساسلىق ياغلىق دان سۈپىتىدە كەڭ تېرىلىپ كەلگەن. كەندىر بىر- ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئەركەك كەندىر ۋە چىشى كەندىر دەپ ئايرىلىدۇ. ئەركەك كەندىر چېچەكلىسىمۇ مېۋە تۇتمايدۇ. شاخلىرى ئاز، تۈز ئۆسىدۇ، بالدۇر پىشىدۇ. چىشى كەندىر

كۆپ شاخلايدۇ، كېيىنرەك پىشىدۇ. كەندىر تېرىلىش مەۋسۇمىغا قاراپ يەنە ئىگىز كەندىرى ۋە ئاق يەر كەندىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىگىز كەندىرى باش ئەتىيازدا بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ قىرىغا تېرىلىدۇ. بۇغداي ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئىگىزغا تېرىلغان زىرائەتتىن بۇرۇنراق پىشىدۇ. شۇڭا، ئىگىز كەندىرى دېيىلىدۇ.

ئاق يەر كەندىرى 4- ، 5- ئايلاردا ئاق يەر قونىقى ئېتىزلىرىنىڭ قىرىغا ياكى مەخسۇس يەرگە تېرىلىپ، قوناق بىلەن تەڭ پىشاتتى. كەندىر يىغىۋېلىنىپ، شاخلىرى تولۇق قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن يىلتىز تەرىپى ئوشتۇلۇپ تاش پوستى سويۇۋېلىناتتى. مانا بۇنداق پوست «كەندىر قاۋزىقى» دەپ ئاتىلاتتى. كەندىر قاۋزىقى سۇس ئاق ياكى قايماق رەڭ بولۇپ، تالا ئۇزۇنلۇقى 50～150 سانتىمېترغىچە؛ ئاق يەر كەندىرىنىڭ قاۋزاق مەھسۇلاتى ئىگىز كەندىرنىڭكىدىن يۇقىرى، تالاسىمۇ ئۇزۇنراق بولاتتى. ئەركەك كەندىرنىڭ قاۋزىقى تالا ئۇزۇنلۇقى، مەھسۇلاتى ياكى چىدامچانلىقى جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى.

## 4. ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادىتى، ئۇسۇللىرى، تېرىش مەزگىلى ۋە پەرۋىشى

خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق شەكلى ۋە ئۇسۇلى، ئۇزاق ئەسىرلىك دېھقانچىلىق ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن. بۇلار سۇ، تۇپراق، كىلىمات، پەسىل- شارائىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن جەريانىدۇر.

خەلقىمىز ئۇرۇق سېلىشنى (دان تىكىشتە): قۇرۇق توپىغا (ئاق يەرگە) ئۇرۇق سېلىش، ئۇسىغا ئۇرۇق سېلىش، ئورەك ئېلىپ ئىككى

چېتىگە ئۇرۇق سېلىش، چوڭنەكلەپ چوڭنەك ئۈستىگە ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان.

ئەجدادلىرىمىز قوناق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر ئۇرۇقىنى زاغۇن يېغى بىلەن ياغلاپ (ئۇرۇقلۇقنى زاغۇن يېغى بىلەن نەمدەپ) سېلىپ تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بىرى، زاغۇن يېغىنىڭ ئالاھىدە ئاچچىق بولۇشى كۆمۈلگەن ئۇرۇق ۋە مايسىنى ھەر خىل قۇرت، زىيانداشلار ئاپىتىدىن ساقلىغان. ئىككىنچىسى، زاغۇن يېغى ئوغۇتلۇق رول ئوينىغاچقا، مايسا سوقتا ۋە ئەتكىزى قېنىق ئۆسكەن. ئۈچىنچىسى، زىرائەتنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەزگىلسىز ئۇسساپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان.

تېرىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئېتىز بويىچە تېرىش، ئارىلاش تېرىش، مەخسۇس تېرىش، چېچىپ تېرىش، بۇسۇقدا تاپ ئېچىپ تېرىش، قول بىلەن تىكىپ تېرىش قاتارلىق جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

خوتەن رايونىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا سۇ ئىنتايىن قىس بولۇپ، تېرىقچىلىق مەزگىلىدە بۇ ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، بىرقىسىم ئاق يەرلەرگە (ئاختارمىغا) ئۇرۇق سېلىپ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئەتىيازدىكى «چېچەك سۈيى» مەزگىلىدە ئۈستىدىن سۇ باشلىناتتى. بۇ خىل ئۇرۇق سېلىش ئادىتى كۆپىنچە بىر قىسىم قوناق ۋە يازغا بوغداي تېرىلغۇسىدا داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن ئىدى.

قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، تېرىش مەزگىلىنى ئۈتكۈزۈۋېتمەسلىك ئۈچۈن ھەرقايسى ئۆزۈك بوستانلىقلاردا —— بولۇپمۇ چىرا ۋە گۇما بوستانلىقلىرىدا يەرگە ئۇرۇق سېلىشنىڭ بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە- ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان:

بۇنىڭ ئىچىدە كونا ئۇسۇلغا تېرىش —— بالدۇرقى يىلى كەچكۈزدە

سۇغۇرۇلغان، قىشتا توڭلاپ ئەتىيازدا ئوسىسى ئۆرلەيدىغان يەرلەرگە قوناق تېرىپ، 6- ئايلارنىڭ باشلىرىدىكى كەلكۈن مەزگىللىرىدە يېيىغ سۈيى قۇيۇلىدىغان ئۇسۇلنى كۆرسەتسە؛ ئاقتا تېرىش ــــ ئاق يەرنى ئاغدۇرۇپ، تەكشىلەپ ئوغۇتلاپ، ئۇرۇق تىكىش ئارقىلىق ۋاقىتنى ئۇتۇپ، ئارقىدىن سۇغۇرۇش ئۇسۇلنى كۆرسەتكەن.

داڭغا تېرىش ــ تېرىلغان يەرلەر تېخى ئۇغۇتلىنىپ، ئاغدۇرۇلۇپ تۈزلەنمىگەن، پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەردىن كەلكۈن بالدۇر كېلىپ قالغان، تېرىش مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىشكە بىر نەچچە كۈنلا قالغان ئەھۋالدا، يەرلەر ئالدىراشلا قىرلىنىپ، ئاغدۇرۇلمىغان يەرگە بوقۇسا بىلەن تاپ ئېچىپ، ئۇرۇق سېلىنىپ، ئارقىدىن سۇغۇرۇلغان. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇرۇق سېلىش ئۈلگۈرمىسە، ئالدىن سۇغۇرۇپ ئارقىدىن ئۇرۇق سېلىنغان.

يامغۇر ئوسىسىغا تېرىشتىمۇ، قۇرغاقچىلىق بولۇپ، 5- ئايلاردا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يەر نەملىكى 20cm دىن ئاشسا ــــ يەنى يامغۇر نېمى يەر تېگىدىكى كونا نەمگە ئۇلاشسا، دېھقانلار ۋاقىتنى ئۇتۇش ئۈچۈن بۇ ئوسىنى قولدىن بەرمەي داڭغا تېرىش ئۇسۇلى بويىچە قوناق تېرىغان. بۇنىڭ بىلەن كەنجى قوناق تېرىلماقچى بولغان يەرگە ئورتا قوناق تېرىلىپ، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىنغان.

قوناق ئۈنۈپ مايسا تەكشىلىنىپ بولغاندا، تاپ ئارىلىقى چوڭقۇر ۋە يۇمشاق چانىلىپ نەملىك ساقلىنىپ 6- ئاينىڭ باشلىرىدا كەلكۈن كەلگەندە يېيىغ سۈيى قۇيۇلغان. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئورتا ياكى كەنجى قوناق تېرىش ئورنىغا بالدۇر قوناق تېرىش ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقتىن، ۋاقىتنى ئۇتۇپ، يەككە مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈپ كۆپرەك ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. چۈنكى، بۇرۇنقى چاغلاردا تېرىلىدىغان يەرلىك كۆممەقوناق سورتلىرىدىن خوۋانى قوناق، ئاق ئات چىشلىق قوناق، يىسى قوناق قاتارلىق بالدۇر

قوناق سورتلىرىنىڭ نورمال ھالدىكى ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 600~800 جىڭ، ئايرىم ئەھۋاللاردا مىڭ جىڭغا يېتەتتى؛ يۇرە قوناق، ئاق سېرىق قوناق قاتارلىق ئورتا قوناق سورتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 350~600 جىڭ ئەتراپىدا؛ پاكار قوناق، يۇرە پاكار قوناق قاتارلىق كەنجى قوناق سورتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 150~350 جىڭ ئەتراپىدا؛ تاش چىلگە قوناق، ئۇندى- پىشتى قوناق قاتارلىق ئالاھىدە كەنجى قوناق سورتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 100جىڭ ئەتراپىدا بولاتتى. دېمەك، تۇپراق شارائىتى ۋە پەرۋىش قىلىش ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، قوناق سورتى ۋە تېرىلغۇ ۋاقتىنىڭ بالدۇر- كېيىن بولۇشى يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

مۇبادا، يەرنى سۇغىرىپ بولۇپ، ئوسىغا تېرىشنى كۈتۈپ تۇرسا، يەرنىڭ ئوسسى كېلىشكىچە ئۈچ- تۆت كۈن، ئوسنى ئاغدۇرۇپ تۈزلەپ تېرىپ بولغىچە يەنە بىر نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقتىن، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بالدۇر ياكى ئورتا قوناق تېرىش مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىپ، بالدۇر قوناق تېرىش ئورنىغا ئورتا قوناق، ئورتا قوناق تېرىش ئورنىغا كەنجى قوناق تېرىشقا مەجبۇر بولۇپ، يەككە مەھسۇلات ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتتا نۇرغۇن زىيات تارتىپ قالاتتى. «ئاققا تېرىش» ئۇسۇلىنى قوللانغاندا بولسا، بىر نەچچە كۈن ۋاقىتنى ئۇتۇپ، بالدۇر ياكى ئورتا قوناق تېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كۆپرەك ھوسۇل ئالايتتى.

قوناق تېرىشنىڭ جەريانلىرى، پەرۋىشى ۋە ئۇنى يىغىۋېلىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكى بايانلاردا تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: «يەرنى ئوسا قىلىپ، ئۇينى، بوقۇسانى يەر تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇينى بوقۇساغا قوشۇپ يەر ھەيدەيمىز. بىر ئادەم بىر بوقۇسانىڭ كەينىدىن بىرلە مېڭىپ، بوقۇسا جىجىغان يەرگە قوناق ئۇرۇغىنى بىردىن- بىردىن

سالىدۇ. قوناق تېرىلىپ ئون بەش كۈنـدە ئۈنـۈپ بولـىدۇ. ئون بەش كۈندە ئۈنگەن قوناقنىڭ ھەممىسـىدىلا دان بولۇۋەرمەيـدۇ. ئون كۈنـدە ئۈنگەن قوناق ياخشى بولىدۇ. ئون بەش كۈندىن كېيىنكى تۆت كۈنـدە ئۈنگەن قوناق بەزى ۋاقىتلاردا ئۈششۈپ كېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۈنگەن قوناق ئەسلا بولمايدۇ. قوناق يەردىـن ئۈنـۈپ چىقىـپ، تـۆت- بەش كۈنـدە ئىككى- ئۈچ شاخ ئايرىيدۇ. ئاندىن، ئون بەش كۈندە ئوتاپ سۇغىرىمىز. ئۈچـۈنجىلەيمىز[①]. ئانـدىن قونـاق پېـپەك چىقىرىـدۇ[②]. ئارقىـدىن تۆتىنجىلەيمىز. قوناق باش تارتىدۇ. دان سۈيىدە ئۈبدان بىر سـۇغىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن پىشىدۇ. ئاندىن كېيىن قوناقنى ئالىمـىز. خامانغـا ئېلىـپ بىرىـپ، يېيىشـىپ قـويىمىز. ئاخشـاملىقتا ئون- ئون بەش ئادەم قاتـار ئولتۇرۇپ سويىمىز. بۇنداق چاغلاردا بەزى ئادەملەر «بۇرۇن بۇرۇنىدى، توخۇ تورنا ئىدى، قىرغاۋۇل جەندە ئىدى، قۇيرۇقى يەردە ئىـدى» دەپ چۆچەك ئوقۇپ بېرىدۇ». («ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى». گۈلنـار ياررىك (شىۋېتسىيە). مىللەتـلەر نەشـرىياتى 1997- يىـل 12- ئاي 1- نەشرى 216- بەت)

ئۈنىڭدىن باشقا بىر قىسىم تاغلىق رايونلاردا (چىـرا ناھىيەسـىنىڭ ھازىرقى بوستان (ئىماملا)، بوزاڭ، سارلۇك، ئاقچىغ؛ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان، پولۇ؛ گۇما ناھىيەسىنىڭ سانجۇ، كەڭقىر؛ خـوتەن ناھىيەسـىنىڭ قاشتېشى (قاراڭغۇ تاغ) قاتارلىق نەچچە ئونلىغان يېزا- كەنتلىرىدە) جۆي ئېچىپ ئۇرۇق سېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ تاغلىق رايونلاردا دېگىدەك ئارپا ۋە ئاز بىرقىسىم قوناق سورتلىرىنى تېرىشتا، يەر شـەكلى ئويمـان، چوڭقۇر بولۇشى سەۋەبىدىن قىر سېلىپ ئېتىز بەرپا قىلىش ھەم ئېرىـق- ئارەك ئېلىپ يەر سۇغۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك

① ئۈچۈنجىلەيمىز — ئۈچىنچى قېتىم پەرۋىش قىلىمىز.

② پېپەك — پۆپۈك

بولمىغاچقا، دۆڭلۈك ياكى ئېدىر يەرلەرنى بوغۇس بىلەن ئاغدۇرۇپ (بوغۇس چىشىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاختاي ياكى پايىتما تېڭىپ) تىك بۇلۇڭلۇق قىر شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئۇنى يىلان باغرى ياكى چەمبەر شەكلىدە داۋاملاشتۇرۇپ، جۆيىنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇرۇق سېلىش (ياكى ئالدى بىلەن ئۇرۇقنى چېچىپ ئۇستىدىن جۆي ئېلىش) ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان.

جۆي ئېچىپ تېرىلغان زىرائەتلەرنى سۇغۇرۇشتا پارچە- پارچىلارغا بۆلۈنگەن بۇ خىلدىكى زىرائەت ئېتىزلىرىغا «بىر جۆيلۈك سۇ» باشلىنىپ، مەلۇم بىر پارچە يەرگە سۇ جۆي بېشىدىن ئاخىرىغا بىر كېچە- كۈندۈز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ۋاقىتتا بېرىپ، جۆي توشقاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن پەسكە ئېقىپ كەتكەن (قەدىمدىن بۇيان خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا زىرائەت تېرىشتا قوللىنىلىپ كېلىنگەن بۇ ئۇسۇل بىر قىسىم جايلاردا ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كەنت- مەھەللىلەردە ھېلىھەم قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە).

تېرىلغۇ يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى، سۇ تۇتۇش، پەرۋىش قىلىش، زىيانداش ھاشارەتلەر ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەردىن ساقلىنىشنى، زىرائەتلەرنىڭ تېرىش ۋە پىشىش مەزگىللىرىدىكى ئوخشاشلىقى ۋە پەرقلىرىنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتقان خەلقىمىز: بۇغدايىنى زاغۇن بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىش، قوناقنى ماش بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىش، قوناقنى لوۋىيا بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىش، بېدىگە تېرىق كىرىشتۇرۇپ تېرىش، بۇغدايلىققا كەندىر ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كېۋەزلىككە تاۋۇز ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كېۋەزلىككە زاراڭزا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، قوغۇنلۇققا تاۋۇز ۋە لوۋىيا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كۆكتاتلىققا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار

ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلغان.

خەلقىمىز كەچكۈزدە ئېتىزلارغا توك ياتقۇزۇش؛ يەرلەرنى ئاپتاپقا سېلىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش؛تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ تۈرىگە ئاساسەن قىر سېلىپ ئېتىزلارنى تەكشىلەش، ئۆكۈز، قېچىر، ئات قاتارلىقلارنى ساپانغا قوشۇپ يەر ئاغدۇرۇش؛ ئۇرۇق سېلىشتا نىيتى دۇرۇس بولۇش، نامازسىز ئۇرۇق سالماسلىق؛ ئۇرۇقلارنىڭ تولۇق كۆمىلىشى ئۈچۈن، ئۈستىدىن سۆرەم سېلىش؛ بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى تولۇق ئۈنمىسە قايتىدىن ئالىلاش (تولۇقلاپ تېرىش)؛ بىر قىسىم زىرائەتلەر ۋە مايلىقدان زىرائەتلىرى تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىزلىققا قارانچۇق تىكلەپ قۇشقاچ قاتارلىق جانىۋارلارنىڭ ئۇرۇقنى يەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش؛ زىياندىش ھاشارەتلەر ۋە كېسەللىكتىن مۇداپىيەلىنىش ئۈچۈن ئېتىز قىرلىرىغا كەندىر، زاراڭزا قاتارلىقلارنى تېرىش، بۇغداي مايسىلىرى باش چىقارغاندا سېرىقلىق ۋە پىت چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆل چېچىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە ئادەتلەر ئاساسىدا تېرىقچىلىق قىلغان.

تېرىش مەزگىلى كۈزدە 10- ئايدىن يەر توڭلىغىچە، ئەتىيازدا توك ئېرىگەندىن 5- ئايغىچە ۋە يازدا كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ 6- ئايدىن 8- ئايغىچە ئاساسەن ئۈچ پەسىلنى ئاساس قىلىپ تېرىقچىلىق قىلغان. دېھقانلار ئارىسىدا «بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ، بەش كۈن بۇرۇن پىشىدۇ»، «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە» دېگەنگە ئوخشاش ماقال كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلاردا تېرىش مەزگىلى توغرىسىدىكى تەجرىبە- ساۋاق يەكۈنلەنگەن.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق شەكلى، ئۇسۇل- ئادەتلىرى توغرىسىدا تارىخىي پاكىتلاردىن باشقا يەنە مول فولكلور

بايلىقىمىز ئىچىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلار ساقلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندىكى «قارىماندىن يەر ئالدىم» ناملىق راۋاب قوشىقى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ قوشاقنى قىدىمدىن بۇيان خوتەن رايونىدا سۈپەتلىك بوغدايلىرى بىلەن:«دامكۇ، گۇلاخمانىڭ بۇغدىيىنى يىگەن قۇشقاچ مەككىدىن قايتىپ كېلىدۇ»، دەپ تەرىپلىنىدىغان چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇ يېزىسى پۇناق كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن تۇرسۇنتوختى ئاخۇن خەلپە ئىسىملىك خەلق قوشاقچىسى 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى ئۆزىنىڭ تېرىقچىلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا توقۇپ، مەھەللىۋى مەشرەپلەردە راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىش ئارقىلىق (تېرىقچىلىق ۋە يېغىمنىڭ ھەر بىر شەكلى، ئۇسۇلى، قول، چىراي، بەل ۋە پۇت ھەركىتى بىلەن تەقلىدى دوراپ كۆرسىتىلىدۇ) خەلق ئارىسىغا تاراتقان بولۇپ، شۇ كەنتتىكى ئەلنەغمىچى ئەيسا ھەسەننىڭ راۋاپچىلىق بايانىغا ئاساسەن خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ تولۇق ۋە تەلەپپۇزلۇق تېكستى مۇنداق:

*چىللە كېتىپ، قىش كېتىپ،*
*بۇ يىل ئەتىياز بولدى.*
*قارىماندىن يەر ئالدىم،*
*دېھقان بولۇتمە ئەمدى.*
*ھەر كەتمەنلىرىم شۇنداغ،*
*ئوتنى چاپىتمە مۇنداغ.*
*ئوتلارنى چېپىپ بولاپ [بولۇپ]،*
*ھەر تاماقلىرىم مۇنداغ.*
*ئوتنى تاتىلايتمە شۇنداغ.*
*ئوتنى تاتىلاپ بولاپ،*
*يەرنى قـ [قىر]لايتمە شۇنداغ،*

يەرنى قىلاپما بولاپ،
ئاسا[ئوسا] سالتمە شۇنداغ.
ئاسنى سىلىپ بولاپ،
ئۈچ كۈن بولغاندا بارسام؛
ئېتىزغا نەزەر سالسام،
ئاسا كېلىشىپتۇ شۇنداغ.
ئۆيەمگە [ئۆيۈمگە] بېرىپ ئاندىن،
ئالتە ئېشەكنى ھەيدەپ،
قىغنى تۇشۇيتمە شۇنداغ.
ئېتىز- ئېتىزغا دۆۋىلەپ،
قىغنى توشۇپما بولاپ،
قىغنى چاچتمە شۇنداغ.
قىغنى چېچىپما بولاپ،
غاندا بارسام،
قىينىئۆيلەرگە بېرىپ ئاندىن،
ھەر ئۈيـ [ئۆكۈز]لىرىمىز شۇنداغ،
ھەر مۈڭۈز [مۈڭگۈز] لىرى مۇنداغ،
توقاي بوغۇسـ [بوقۇسا]لىرى شۇنداغ،
يەرنى ئاختىرىپ [ئاغدۇرۇپ]، تۈزلەپ،
ئۇرۇغ سالتمە شۇنداغ.
ئۇرۇغنى سىلىپ بولاپ،
سۆرەم سالتمە شۇنداغ.
سۆرەمنى سىلىپ بولاپ،
ئۇرۇغ تىكتمە قىيغا.

ئىشنى تۇگىتىپ ئۇھ دەپ،
ئۆي دەپ چىقتىمە يولغا.
ئون كۈن بولغاندا بارسام،
مايسا ئۈنۈپتۇ شۇنداغ.
بىر ئاي بول يېپىپتۇ شۇنداغ.
ئۈچ ئاي بولغاندا بارسام،
تاختا بولاپتۇ شۇنداغ.
تۆت ئاي بولغاندا بارسام،
سېرىقتال بولاپتۇ شۇنداغ.
بەش ئاي بولغاندا بارسام،
بۇغداي پىشىپتۇ شۇنداغ.
ئۆيەمگە بېرىپ ئاندىن،
ئوغاق ئەكىتىمە مۇنداغ،
ھەر ئوغاقلىرىم شۇنداغ،
بۇغداي ئورتىمە يۆگەپ،
بۇغداينى ئوراپ [ئورۇپ] بولاپ،
ئەنجى توشۇيتىمە دۆۋىلەپ.
ئەنجىنى توشۇپ بولاپ،
ھەر مۇمۇن[مۇماللىرى شۇنداغ،
ھەر پۆپۈكلىرى مۇنداغ،
ئالتە كالىنى ھەيدەپ،
خىيمان قوشتىمە شۇنداغ،
«لاي- لاي» ئېيتتىمە مۇنداغ.
خىيماننى قوشاپ بولاپ،

*بىلىي[ئبۇلە] ئارتىمە مۇنداغ.*
*بىلىينى ئارىپ بولاپ،*
*ھەر ئارىلىرىم شۇنداغ،*
*خامان سورۇيتمە مۇنداغ.*
*خاماننى سورۇپ تۇرسام،*
*كۆكثۆيشى كەلدى شۇنداغ.*
*كۆكثۆيشنى باشلاپ تۇرسام،*
*دوغلار كەلدى مۇنداغ.*
*دورغنى باشلاپ تۇرسام،*
*ئاشىر[①]مۇ كەلدى شۇنداغ.*
*ئاشىرنى باشلاپ تۇرسام،*
*بېگىممۇ كەلدى مۇنداغ.*
*بېگىمنى باشلاپ تۇرسام،*
*خېنىممۇ كەلدى شۇنداغ.*
*خېنىمنى باشلاپ بولاپ،*
*بۇغداي كەملەيتمە شۇنداغ.*
*بېگىمنىڭ ئالغىنى شۇنچە،*
*ماڭا قالغىنى ئارۇن [ئاز].*
*قالاپ [قاراپ] قېپتىمە شۇنداغ،*
*يىغلاپ سىپتىمە مۇنداغ.[①]*

---

① ئاشىر ـــــ ئۆشرە. زاكات يىغقۇچى

① بۇ راۋاب قوشقى، مەھەممەتتوختى ئەھمەت تەرتىپدىن رەتلىنىپ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2007ـ يىل 1ـ ساندا ئېلان قىلىنغان نۇسخا بويىچە ئېلىندى.

تەكلىماكاننىڭ شىمالىدىكى كونا دامكۇ خارابىسى، دەندەنئۆيلۈك، «ئۈزۈنتات» قاتارلىق قەدىمكى شەھەر- قەلئەلەر خارابىسىدىن پەقەت بىر قانچە ئون كىلومېتىر يۇقىرىسىغا (جەنۇبىغا) جايلاشقان ھازىرقى پۇناق كەنتىدىكى دېھقان راۋاپچىنىڭ بۇ قوشاقلىرى ئۆزىدە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق جەريانىنىڭ ھەر بىر ئىش تەرتىپى، ۋاقتى ۋە ئۇسۇلىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

## 5. خامان ئېلىش، كەپسەن ئايرىش ۋە خامان ناخشىسى

خامان ئېلىش قەدىمدىن بۇيان ئاساسلىق دانلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنى تېرىپ كېلىۋاتقان خوتەنلىكلەر ئۈچۈن «ئۆلەگىنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغىدەك»بولىدىغان، ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقى تەلەپ قىلىنىسىلا قالماستىن ھەر بىر كىشىگە ھۇسۇل خوشاللىقى ئېلىپ كېلىدىغان دېھقانچىلىق جەريانىدىن ئىبارەت. يەرلىك شىۋىدە «خىمان قوشۇش»،«خىمان تېپىن»، «خىمان سورۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دېھقانچىلىق جەريانىنىڭ: بۇغداي خامىنى ئېلىش، قۇناق خامىنى ئېلىش، شال خامىنى ئېلىش ۋە كەندىر، زاغۇن- زاراڭزا خامىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە خىل خامان ئېلىش شەكلى ۋە بۇلارغا ئائىت بىر قاتار ئادەتلەر بار.

1) بۇغداي خامىنى ئېلىش. ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېگىزرەك بولغان، دەل- دەرەخسىز ۋە ئاپتاپ تولۇق چۈشىدىغان مەلۇم دائىرىدىكى ئېگىزلىكنى پاكىزە ئادالاپ، چىڭداپ خامان قىلىنىدۇ. بۇ «خامانلىق» ياكى «خامان ئېتىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇغداي ئەنجۈلىرى ئەشۇ جايغا دۈۋىلىنىپ، ئۆرۈپ- چۆرۈپ راسا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن،

خامان ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى ئۈچ- تۆت مېتىر كېلىدىغان مۇمۇن(موما) تىكلەپ (مۇمۇن ئۈستىگە ئايلاندۇرۇلۇپ باشاقلار چىرايلىق چىگىلىپ، زور بىر دەستە ساغۇچ بۇغداي گۈلى ئېچىلغاندەك مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدۇ)، مۇمۇن ئاستىغا كۆك چىغدىن كالەك ياسىلىدۇ (كالەك دېگىنىمىز چىغنى راسا سوقۇپ ئېزىپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، بىرەر كۈن سۇغا چىلاپ قويۇپ تازا ئەۋرىشىم بولغاندا كەكە دەستىسىدەك توملۇقتا ئۈچ قات قىلىپ ئېشىپ، مۇمۇنغا بىكىتىشنى كۆرسىتىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆچكە چۇپۇرىدا ئەتكەن ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن كالا، ئېشەكلەرنى باغلاپ، بىر- بىرىگە چېتىپ ئارغامچا ئۇچىنى كالەككە باغلاپ ھەيدىلىدۇ. بۇغدىيى جىق دېھقانلار ھەپتە ھەتتا ئون نەچچە كۈن خامان قوشىدۇ. بۇغدىيى ئاز دېھقانلار تۆت- بەش كۈن ئىچىدە قوشۇپ بولىدۇ. كالا، ئېشەكلىرى كۆپرەك ھاللىق دېھقانلار تېزراق قوشۇپ بولىدۇ (شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش لازىمكى، بۇغداي ئەنجۈلىرى خامانغا توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئېگىزلىقلاردىن باشاق تېرىش —— يېتىم- يېسىرلار ۋە ئاجىزەلەرنىڭ ئىش- مەشغۇلاتى بولۇپ، كىم قانچىلىك باشاق (يەرلىك كىشىلەر «باش تېرىش» دەپ ئاتايدىغان) تېرىش ئۇزلىرىنىڭ ئىختىيارىچە بولۇپ، ھېچكىم توسمايدۇ. قوناق پاساڭداش، قوغۇن ۋاشاڭ قىلىش قاتارلىق بۇ خىلدىكى يوقسۇللارنىڭ رىسقىنى ئانا زېمىندىن ئېلىش ئادىتى تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغىچە داۋام قىلىنغان).

خامان ئېلىشتا ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس خامان تېپىش شەكلى بولۇپ، بەزى يۇرتلاردا خامان تېپىشكە قۇلۇم- قوشنا، ئۇرۇق- تۇققانلاردىن لاپقۇتلىشىپ ئېلىپ كەلگەن ئۇي- كالا، ئېشەك- خېچىرلارنى بىر بىرىگە چېتىپ مۇمۇننى مەركەز قىلىپ، تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇلىدۇ. خامان قوشقاندا مۇمۇن تۆۋىگە كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى، ياقا تەرەپكە

چاپقۇر ئېشەكنى چېتىپ مۇمۇننى مەركەز قىلىپ ئۆلاغلار كۆن قىزىلىدىن تاكى كۆن پاتقىچە ھەيدىلىدۇ. خامانغا قېتىلغان ئۆلاغ كۆپ بولغانسىرى ياقا تەرەپكە تېز ھەيدىلىدۇ، بولمىسا مۇمۇن تەرەپتىكى ئەنجۇ يۇمشىمايلا قالماستىن، قۇشاغ چوق بۇلۇپ، ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بەزى جايلاردا ئات، ئېشەك، خېچىرغا تۇلۇق تاش سۆرىتىش ئارقىلىق، يەنە بەزى جايلاردا شوتىنىڭ بالداقلىرىغا دەرەخ شېخىنى گىرەلەشتۇرۇپ ئۆرەپ، شۇتىنىڭ بىر تەرىپى مۇمۇنغا كىرگۈزىلىپ، ئۆلاققا سۆرىتىلىپ مۇمۇننى ئايلاندۇرىلىدۇ. ئۆلاق كۆچلۈك بولسا شۇتا ئۆستىگە تاش ئېلىپ قويىلىدۇ ياكى خامان ھەيدىگۈچى ئۆستىگە چىقىپ «خامان ناخشىسى» (كالايلوي) ئوقۇيدۇ.خامان قوشقۇچىلار ئىچىدە چوڭراق باللار ئۆلاغلارنى توختىماي ھەيدەپ بەرسە، ئوتتۇرا ياش، ياشلار بۇغداي ئەنجۇلىرىنى قوشاغلارنىڭ ئاستىغا تاشلاپ يۇمشاپ بولغان ئەنجۇلەرنى ئۆرۈپ، ئەنجۇلەرنى تېزراق يۇمشىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاياللار ھاردۇق ئېشى تەييارلاپ، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ، خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. خامان قوشۇش - خامان ئېلىش (تېپىش) خەلق ئىچىدە «خامان ئالماق - شەھەر ئالماق»دەپ ئېيتىلغاندەك جاپالىق ئەمگەك بولسىمۇ، لاپقۇتلاشقان ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكەن بىر نەچچە كۆنلۈك ئەمگەك، قىزغىنلىققا تولغان ھالدا داۋام قىلىدۇ.

ئەنجۇلەرنى تۇلۇق يۇمشىتىپ بۆلىلەرگە ئايرىپ سەلكىن شامالدا سورۇپ بۇغداينى سامىنىدىن ئايرىغاندىن كېيىن، بۇغداي دانلىرى ئۆتكەمە- تەڭكەش ھەم غەلۋىرنىڭ ياردىمى بىلەن پاكىز تازىلىنىپ، چەشلىنىدۇ ھەمدە مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرى خامان ئۇسۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. «خامان ئۇسىدىغان كىشى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشى كېرەك، نامازسىز چەش ئۇسسىسا بەرىكەت قېچىپ كېتىدۇ»، دەپ

قارىلىدۇ. خامان ئۇسۇشتا ئالدى بىلەن چەشلەنگەن دائىرىنى ئايلاندۇرۇپ، بىر غەلۋىر بۇغداي چىچىلىدۇ. ھەر ئون غەلۋىر بۇغدايدىن بىر غەلۋىر ئۆشرە ئايرىپ يېتىم- يېسىرلارغا، ئاجىز- مېيىپلارغا، مۇساپىرلارغا، خامان ئۇستىگە كەلگەن يوقسۇللارغا «كەپسەن» قىلىپ بېرىلىپ، ئاندىن خامان ئىگىسى بۇغداينى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

2) شال خامىنى 10- ئايدا ئېلىنىدۇ. شال پىشقاندىن كېيىن ئورۇلۇپ، شال ئېتىزىدا بىر نەچچە كۈن شامالداتقاندىن كېيىن خامانغا يىغىلىدۇ ھەمدە كۈندە بىر قېتىم ئۆرۈپ، بىر نەچچە كۈن ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. خامان ئوتتۇرىسىغا مۇمۇن بىكىتىپ ئۇلاققا تۇلۇق سۆرىتىپ ياكى كالا، ئېشەك- خېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنى قوشۇپ ھەيدەپ، شال پاللىدىن ئاجرىتىلىدۇ. بىر ئادەم ئۇلاغ ھەيدىسە، ئاياللار، ياردەمگە كەلگەنلەر شال ئەنجۈلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇلاغ، تۇلۇق ياكى شۇتا ئاستىغا تاشلاپ بېرىدۇ. شال پاللىنى ياغاچ ياكى تۆمۈر ئارىدا بوشىتىپ ئېلىغاپ، باشقا ياققا يىغىلىدۇ. شالنى ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزۈپ قىلقان، شال پاخاللىرى ئايرىپ چىقىلىدۇ. ئۆتكەمدىن ئۆتكەن شال شامالدا سورۇلۇپ پاكىزلىنىدۇ. «كەپسەن ئايرىش» ۋە باشقا تەرتىپلەر بۇغداي خامىنىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يوقسۇللارنىڭ شال ئېتىزىدىكى شال باشاقلىرىنى تېرىۋېلىشىغا يول قويىلىدۇ.

3) سەنئەتخۇمار خەلقىمىز خامان قوشۇش (تېپىن) دىن ئىبارەت ئەمگەكنىڭ ئېغىر، جىددىي پەيتلىرىدىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئەمگەك قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىشنى ئادەت قىلغان. بولۇپمۇ خامان ناخشىسىنى ئوقۇيدىغان تېپىنچى قوشاغلارنى ھەيدىگەچ قولى بىلەن قولىقىنى تۇتۇپ، كالايلوي (بەزى يۇرتلاردا «ئالايلوي» دېيىلىدۇ) ئېيتىپ خامان قوشۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەمگەك جەريانىنى جانلاندۇرۇپ،

خامان ئېلىش جەريانىدىكى جاپا- مۇشكۇللىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، خامانچىلارغا روھىي ئوزۇق ئاتا قىلغان.

خامان ناخشىسى (كالايلوي) ئېيتىش شەكلى: قوشاغلار ۋە ئېيتقۇچىنىڭ قەدەم رىتىمىغا ماس ھالدا، بەزى ئاھاڭلاردا قوشاقلارنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچى مىسراسىنىڭ كەينىگە «ۋاي»، تۆتىنچى مىسراسىنىڭ كەينىگە «ۋاي ... ۋاي، كالايلوي......چۇ!»؛ بەزى ئاھاڭلاردا ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسراسىنىڭ كەينىگە «كالايلوي.......چۇ!» سۆزى نەقرات قىلىپ ئېيتىلغان.

خامان ناخشىسى چوڭقۇر مەزمۇن، كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىپ، ئەسلى ئاھاڭنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى يېزا- مەھەللىلىرىگە كەڭ تارقالغان.

ئاق سامانىنى سورىسا چەش بولادۇ، (ۋاي......)
بۇ ئالەممۇ ھەر قاچان كەچ بولادۇ. (ۋاي، ۋاي، كالايلوي.......چۇ!)
ئارپا - بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، (ۋاي.......)
ئۇرۇق - تۇققان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ. (ۋاي،ۋاي كالايلوي.......چۇ!)
ئانام بولسا، ئاتام بولسا ئۆلۈم بولمىسا، (ۋاي......)
ئۆلگەنلەرگە جەننەت بولسا، دەۋزاخ بولمىسا. (ۋاي، ۋاي كالايلوي.....چۇ!)
ئانام باقتى، ئاتام باقتى ماڭا جان قاتتى، (كالايلوي......)
قارا بەختىم ئاقارغىچە كۆزدىن قان ئاقتى. (ۋاي...ۋاي، كالايلوي...چۇ!)
ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق ماڭارمەن ياياق، (ۋاي........)
قامچام بولدى بوز دالادىن ئالغان بىر تاياق. (ۋاي...ۋاي، كالايلوي...چۇ!)

[قوشۇمچە] تېرىقچىلىققا دائىر ئاتالغۇلارغا قىسقىچە ئىزاھات

ئوسا تېرىش: ئوسا قىلىنغان يەرگە زىرائەت تېرىماق.

ئوسغا تېرىش: يەرنى ئاۋۋال ئوسا قىلىپ، ئاندىن زىرائەت تېرىش.

ئاققا تېرىش: ئاۋۋال ئاق يەرگە ئۇرۇق سېلىپ، ئاندىن سۇغىرىش.

قۇرلاپ تېرىش: يەرگە بوقۇسا، ئۇچلۇق بەلچە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تاپ ئېچىپ، تاپ بويلاپ ئۇرۇق سېلىپ تېرىش،مەسىلەن:ئاققا قۇرلاپ تېرىش،ئوسغا قۇرلاپ تېرىش.

بۇقۇسا: ئىككى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان يەر ئاغدۇرۇش سايمىنى. ئۇ بۇقۇسا كۆتىكى ۋە بۇقۇسا چىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. بۇقۇسا كۆتىكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بۇقۇسا چىشى چۆيۈندىن

قويۇلىدۇ ۋە بۇقۇسا تىلىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇ بۇقۇسىدىكى يەرنى تىلغاپ ئاغدۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بۇقۇسا كۆتىكىگە تۇتقا،كەشكۈن،ئامبۇغا قاتارلىق قوشۇمچە دېتاللار ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سالىدىغان بويۇنلۇق،قوش چىگىسى،ياندۇرۇق تانا قاتارلىق سەپلىمە سايمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

چېچىپ تېرىش: يۇمشاق ئاغدۇرۇلغان يەرنى تەكشى تۈزلەپ، ئۇرۇق چاچقاندىن كېيىن،تاماق بىلەن تاتىلاپ ئۇرۇقنى تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش. يەنى زىرائەتنى قۇر- تاپلارغا ئايرىماي تېرىش. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ئاققا تېرىش ئۇسۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ.

چۆنەك: ئېتىزدا بىر تاپ يەرنى كەتمەن بىلەن ئويۇپ، تۇپىنى ياندىكى تاپ ئورنىغا سېلىپ چىقىرىلغان تەكشى يۈزلۈك پاكار قىر.

چۆنەك تارتىش: ئېتىزدىن ئارەك ئويۇپ چۆنەك چىقىرىش.

چۆنەكلەپ تېرىش: ئېتىزغا چـۆنەك چىقىرىـپ، چـۆنەك ئۈسـتىگە زىرائەت تېرىش.

جۆي: (1)يانتۇلۇقى يۇقىرى بولغان يەرلەرگە بۇقۇسا بىـلەن تـاپ ئېچىپ، تاپنىڭ ئۆرۈلۈپ چىققان توپا بىلەن، ھەر ئىككى تاپ ئارىسـىغا ئۇچلۇق قىر چىقىرىلغان چۆنەك. (2)كەتمەن ياكى تۆمۈر گۈرجەك بىلەن قېزىلغان جۆي ئارىكىگە ئوخشاش ئارەك.

جۆيلەپ تېـرىش: ئاق يەرگە يـاكى ئوسـا يەرگە ئۆرۈق چېچىـپ، ئاندىن جۆي تارتىپ زىرائەت تېرىش.

قوش: يەر ئاغدۇرۇشقا تەييارلانغان ئادەم، ئۆكـۈز ۋە بوقۇسـىنىڭ ئومۇمي نامى.

بىرقوش: يەر ئاغدۇرۇشقا تەييارلانغان (ياكي ئاغـدۇرۇۋاتقان يـاكى ئاغدۇرۇپ بولغان) بىر ئادەم، بىر ئۆكۈز،بىر بۇقۇسىنىڭ ئومۇمي نامى.

بىر قوشلاق يەر: بىر قوش ئارقىلىق بىر كۈندە ئاغدۇرۇپ بـولغىلى بولىدىغان مىقداردىكى يەر، نورمال ھالەتتە بىر قوش بىر كۈندە بەش مو يەر ئاغدۇرالايدۇ. ئىككى قوشـلاق يەر دېيىلسـە 10مـو يەر دېگەنلىـك بولىدۇ.

قارامتۇل ئالماق: ئېتىزلاردىكـى يـۇمران مايسـىلارنى بېسـىۋالغان قارامتۇل دۆۋىسىنى تازىلاپ، مايسىلارنى ئازادىلىككە چىقارماق.

كۆككە ۋورلاپ كېتىش: كۆپ سۇغىرىلىش نەتىجىسىدە زىرائەتلەرنىڭ باغجانلاپ ئۆسۈپ كېتىشى، بەك ئېگىز شۇنداقلا زىيادە شاخلاپ ئۆسـۈپ كېتىشى. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

ئەڭگىز: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى.

ئەڭگىزلىك: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى ياخشى بولغـان ھـالىتى، يەنى توق كۆك، بەلكى قارىغا مايىل كۆك بولىشى. ئادەتـتە«ئەڭگـىزى

ياخشى»دېيىلىدۇ .

ئەتىگىنى قارا: ئەتىگىنى ياخشى، ئەتىگىنلىك ئۆسمەك.

ئەتىگىنى يوق: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى ناچار بولغان ھالىتى،ئەتىگىنى ناچار.

ئەتىگىنى سېرىق: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى سۇس بولغان ھالىتى.بۇ ئوغۇت كەملىكىنىڭ ئالامىتى.

ئەتىگىنلىمەك: زىرائەتلەرنىڭ ئەتىگىنىنىڭ ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقان ھالىتى.

پۇخاق بولماق: زىرائەتلەرنىڭ باشاق چىقىرىشقا تەييار بولغان ۋاقتى. يەنى بۇغداي باشقى ۋە قوناق پېپىچىكىنىڭ يوپۇرماق غىلاپىدا تومپاي تۈگۈنەك ھاسىل قىلغان ۋە غىلاپتىن چىقىۋاتقان ۋاقتى.

سېرىقتال بولماق: بۇغداي دانلىرى قېتىپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان ۋاقتى. يەنى پىششىقا ئاز قالغان ۋاقتى.

سېرىق چاپان بولماق: قوناق دانلىرى قېتىپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان ۋاقتى. يەنى پىششىقا ئاز قالغان ۋاقتى.

كۆك چېچەك بولماق: قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، قاپاق قاتارلىق پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەك غۇنچىلىرى يېتىشىپ، ئېچىلىشقا ئاز قالغان ۋاقتى. بۇ، مۇشۇ خىل زىرائەتلەرگە يېيىغ سۇيى قويۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ .

سېرىق چېچەك بولماق: قوغۇن ،تاۋۇز،كاۋا،قاپاق قاتارلىق پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چېچەكلىرى ئېچىلغان ۋاقتى.

چىمان:يۇلغۇننىڭ تۆكۈلۈپ تەبئىي دۆۋىلەنگەن يوپۇرماقلىرى.

چىمان تاسقاش: جاڭگالدىكى يۇلغۇنلۇق دۆڭلەردە يۇلغۇن يوپۇرماقلىرى يىلمۇ- يىل تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بوراندا توپا چۈشىدۇ.

نۇرغۇن زامان مۇشۇنداق دەۋر قىلىش ئارقىسىدا دۆڭلەر ئۈستىدە بىر- ئىككى مېتىر قېلىنلىقتا چىمان قاتلىمى ھاسىل بولىدۇ . ئىلگىرى بەزى ئوغۇتى يوق نامرات دېھقانلار مۇشۇنداق چىمانلىق دۆڭلەرنى كولاپ ئۆتكەمە ئارقىلىق چىماننى تاسقاپ توپىدىن ئاجرىتىپ ئوغۇت قىلغان. بۇ ئىشنىڭ ھەرىكەت نامى «چىمان تاسقاش» دېيىلىدۇ. خەلق كوممۇنىسى ۋاقتىدا ھەر يىلى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى بىلەن زور كۆلەمدە چىمان تاسقاش يولغا قويۇلۇپ ، چىمانلار ئوغۇت، يۇلغۇنلار ئوتۇن قىلىنغان. نەتىجىدە دۆڭلەر يالىڭاچلىنىپ، تۇراقلىق دۆڭلەر كۆچمە قۇم بارخانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان .

داڭ: ئاغدۇرۇلمىغان يەر، قاتتىق يەر،«ئاختارمىلىق» نىڭ ئەكسى.

داڭغا تېرىش: ئاغدۇرۇلمىغان يەرگە زىرائەت تېرىش.

ۋەخپە: باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى ياكى پايدىلىنىشىغا بەخشەندە قىلىنغان مۈلۈك ۋە ھوقۇق. يەنى يەر، ئوتلاق، كۆل، قۇدۇق، ئۆي- ئىمارەت، دەرەخ، كىتاب ، مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى قاتارلىقلار ۋەخپە قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ .

ۋەخپە قىلماق: ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى مەلۇم نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىنى مەلۇم مۇئەسسەسە، مەلۇم ئادەم ياكى ۋەزىپە نامىغا بەخشەندە قىلىپ بەرمەك.

ۋەخپە يەر، ۋەخپە مۈلۈك: كىشىلەر تەرىپىدىن مەلۇم مۇئەسسەسە،ئادەم ياكى مەلۇم ۋەزىپە نامىغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن يەر ياكى مۈلۈك. بۇنىڭ: مەدرىس ۋەخپىسى، مەسچىت ۋەخپىسى، ئىماملىق ۋەخپە، خاتىپلىق ۋەخپە، مىرابلىق ۋەخپە، جامائەت ۋەخپىسى دېگەندەك كۆپلىگەن تۈرلىرى بار. ( بۇ ئىزاھاتلارنى مۇھەممەتئىمىن سابىر ئىشلىگەن )

ئابدۇقادىر مۇھەممىدى

# خوتەن شەھىرىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى يادىكارلىقلار

خوتەن شەھىرىدە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاتىلىپ كەلگەن يەر ناملىرى، باغلار، داڭلىق جايلار بار بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلسىمۇ، كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەيدۇ. مەن بۇ ماتېرىيالدا بەزى داڭلىق يادىكارلىقلار، يەر ناملىرى توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

## 1. تۆت چوڭ دەرۋازا نامى (گۇجان دەرۋازا، ھېيتكار دەرۋازا، سۇ دەرۋازا، قىزىق دەرۋازا) نىڭ كېلىپ چىقىشى

1859- يىلى قاراقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەنگە يېتىپ كەلگەن ھېبىبۇللا ھاجى (ھەزرەت ھاجىم ياكى ھاجى پاششاھمۇ دېيىلىدۇ) خوتەن شەھىرىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىپ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرغاندىن كېيىنكى ئۈچ يېرىم يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا خوتەن شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى خېلى ئۆزگەرتتى. ھۆكۈمەت ئوردىلىرىنى ياساتتى، سېپىل (ھازىرقى سېپىل ئەمەس) مۇنارىلىرىنى سوقتۇردى. كونا بۇتخانىلارنى چېقىپ ئورنىغا مەسچىت- جامەلەرنى (ھازىرقى جامە ئەمەس)

بىنا قىلدى. شەھەر ئىچىگە چوڭ بىر سېپىل سوقتۇرۇپ، سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت دەرۋازا بېكىتتى ۋە بۇ دەرۋازىلارغا ئىسىم قويۇپ شەرق تەرىپىنى سۇ دەرۋازىسى، غەرب تەرىپىنى قىزىق دەرۋازىسى، شىمال تەرىپىنى ھېيتكار دەرۋازىسى، جەنۇپ تەرىپىنى گۇجان دەرۋازىسى دەپ ئاتىدى.

گۇجان دەرۋازىسىدا «قەلەندەرخانا» دەيدىغان بىر ئورۇن قۇرۇپ، شەھەردىكى ئاجىز- ئورۇق، تۇل خوتۇن، يېتىم- يېسىرلەرنى يىغىپ ئۆشرە- زاكات بىلەن باقتى. بۇ «قەلەندەرخانا»دېگەن نام ھازىرمۇ مەۋجۇت. سېپىل ۋە دەرۋازىلار گەرچە ئاللىقاچان يىقىلىپ يوقالغان بولسىمۇ، بۇ توت دەرۋازىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا كونا شەھەرنىڭ چوڭراق رەستىلىرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1865- يىلى ياقۇپ بەدۆلەت خوتەنگە بېسىپ كىلىپ ھەزرەت ھاجىم ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، خوتەن شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەنگە قويغان ۋالىيسى نىياز ھېكىم بەگ خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق، خوتەن شەھەر ئەتراپىدىكى مازار ۋە جامەلەرنى قايتا بىنا قىلدۇردى، ئۇلارنىڭ مەشھۇرراقلىرى:

1) ئالتۇن مازار. بۇ مازار قەدىمكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە ئۆلگەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 12پادىشاھ، 21 شاھزادە، يەتتە نەپەر خانىش- ئاغىچىلارنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ تۇغقانلىرىدىن خۇجا كالان دېگەن كىشىنىڭ بۇ مازاردا تۇرغانلىقى ئىسپاتلانغان.

قەدىمدىن تارتىپ بىرەر چوڭ كىشى تۇرغان جاينى «ئالتۇنلۇقۇم»

دەپ ئاتايدىغان ئادەت بولغاچقا، بۇ مازار «ئالتۇن مازار» دەپ ئاتالغان.

2) خوجا كالان مازار. بۇ مازاردا خوجا پادىشاھ، خوجا ئىسھاق ۋە ئەھلى تەرىقەتچىلەردىن مەۋلانە شەمشىدىن خوجامنىڭ خەلپەسى شادى غوجام ۋە خوجا كالانلارنىڭ قەبرىسى بار ئىدى.

خوجا كالان دېگەن كىشىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل پىكىر بار: (1) بەزىلەر خوجا كالان دېگەن كىشى ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى دەيدۇ. (2) يەنە بەزىلەر خۇجا كالان ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ نەۋرىسى دەيدۇ. لېكىن بىزگە ئېنىق بولغىنى شۇكى، ئاپپاق خوجا بىلەن ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار، خوجا كالان دىگەن بۇ كىشى خوتەنگە مىلادىيە 1400- يىلى كەلگەن.

3) ھەزرەت سۇلتان مازار. بۇ مازار كونا شەھەر ھېيتكارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، سۇلتانىم دىگەن كىشى نەمەنگەندىن 944- مىلادىيەدە خوتەنگە كېلىپ بۇ مازارنى بىنا قىلغان. بۇلار ئەسلى يەتتە كىشى (يەتتە ئاتا) بولۇپ بىرلىكتە كەلگەن. بۇلار: (1) سۇلتان ئەبۇسەئىد قوچقار ئاتا، (2)لېچىن ئاتا، (3)مۇقىم ئاتا، (4)ناسىر ئاتا (5)چوغلۇق ئاتا (6)ھېلىم ئاتا، (7)قارا ساقال ئاتا قاتارلىق تەرىقەت تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئالتە ئاتا خوتەن شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشقان. بۇمازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئەخمەتتوختى ئەلەم ئېلىۋېلىپ يوقىتىۋەتكەنلىكتىن، ھازىر ئۇ تەزكىرە يوق. سۇلتان مازارنىڭ شېيىخلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدىن مەمتىمىن توختى بولغاچقا، مۇشۇ كىشىنىڭ بايانلىرىدىن پايدىلاندىم. بۇمازارغا نىياز ھېكىم بەگ 1863- يىللىرى قايتا ئىشلىگەن بولۇپ، 1000مو ئەتراپىدا يەر ۋەخپە قىلىنغان. بۇ ۋەخپە يەرلەر لوپ، خوتەن، قاراقاش ناھىيەلىرىدە ئىدى.

4) ئەسكەر مازار. 1863- يىلى ياقۇپ بەدۆلەت خوتەنگە كېلىپ

ھەزرەت ھاجىمنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇغ تۇغقانلىرىدىن 40نەپەر كىشىنى قۇدۇققا تاشلاپ كۆمگەن. شۇڭا بۇ جاي ئەسكەر مازار دەپ ئاتالغان.

## 2 . خوتەن شەھىرىدىكى چوڭ جامە توغرىسىدا

خوتەن شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئۇ جامەنىڭ داڭقى شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان مەملىكەتلەردىمۇ بار. بۇ جامە ياسىلىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، كوركەملىكى، چوڭلۇقى بىلەن مەشھۇر.

بۇجامەنى 1863- يىلى نىياز ھېكىم بەگ سالدۇرغان بولۇپ، ياغاچلىرى ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جاڭگالدىن كەلتۈرۈلگەن، ياغاچلارنىڭ رەندىلەپ ياسىلىشى ئالاھىدە ۋە ئىنتايىن يوغان، بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرىكى دەۋردە قاتناش جەھەتتىكى قولايسىز ئەھۋال خەلقنى تېخىمۇ قاقشاتقان. نىياز ھېكىم بەگ خەلققە ياغاچنى كېسىپ، شۇ جايدا رەندىلەپ تەييارلاپ، ئاندىن شەھەرگە ئېلىپ كېلىشكەن، ھاشار قويغان ياغاچلار ئىنتايىن چوڭ توغراق ياغاچلىرى بولغانلىقتىن، بىر تال ياغاچنى 30ئادەم كۆتۈرۈپ تۆت كۈندە خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن. ھاشارغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلار ۋە دوغىلار يول ئازابىدىن قورقۇپ ياغاچ تۆپىسگە مىنىپ ئولتۇرۇپ، ياغاچ كۆتەرگەن خەلقنى ئۇرۇپ تېز مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ ياغاچلارنى يونۇپ، رەندىلىگەن يەردە ھەددى- ھېسابسىز تارشىلار قالغاچقا، خەلق ئۇ يەرنى «تارشىلىق لەڭگەر» دەپ ئاتىغان. ئۇ جاي ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللارغىچىلا ئۇ يەرلەرنى ئازراق كولىسىلا تارشىلار چىقىپ تۇرغان. تارشىلىق لەڭگەر ۋە جامەگە 126يىل بولدى. بۇ جامە خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ، چوڭ ئاسارە- ئەتىقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

## 3 . شەھەر ئىچىدىكى تۆت چوڭ كۆل

1) ئالتۇندىكى چوڭ كۆل. نىياز ھېكىم بەگ ئالتۇن مازارلىقنى قايتا ئىشلىگەن چاغدا، بىر كۆل كولاش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ كۆلنى كولىغان. ھازىر تىندۇرۇلۇپ كەتتى.

2) گۇجان دەرۋازىسىدىكى چوڭ كۆل. بۇ كۆلنىڭ ئەسلى ئورنى تۆت مو ئەتراپىدا بولۇپ، لىۇجىنتاڭنىڭ ئەمەلدارى دوڭ دارىن خوتەنگە كەلگەندە، ياقۇپ بىدۆلەت ۋە ھەزرەت ھاجىمغا خىزمەت قىلغانلارنى تۇتۇپ سولىغان. بۇ كۆلنى مەھبۇسلارغا كولاتقان. بۇ كۆلنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك پارتكوم ئورنىدا. 1970- يىلى تىندۇرۇۋەتتى.

3) قىزىق دەرۋازىسىدىكى چوڭ كۆل. بۇ كۆلنىڭ ئومۇمىي چوڭلۇقى 800كۋادىرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ كۆلنى تۇرسۇن قېيزى بەگ دېگەن كىشى 1800- يىلى قازدۇرغان. بۇ كۆل ھازىرمۇ مەۋجۇت.

4) كونا يامۇل (ھازىرقى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى) چوڭ كۆلى. بۇ كۆلنىڭ چوڭلۇقىمۇ 800كۋادىرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەزرەت ھاجىم خوتەندە ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە مۇشۇ كۆلنى كولايدىغان جاينىڭ ئالدى ئەسكەرخانا، يان تەرىپى مەدرىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۆلنى زۆرۈر دەپ بىلىپ كولىغان. بۇ كۆل 1959- يىلدىن كېيىن قېزىلغان. ھازىر تىندۇرۇلۇپ يوقاپ كەتتى.

## 4. ئەسكەرخانا

ئەسكەرخانىنىڭ ئورنى- ھازىرقى سۇ ئىدارىسى ۋە كونا تۇسەن گوڭسى قىلغان جاي، يەنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۆلگەنلەر ئۇچۇن مۇنار ياسالغان جاي بولۇپ، 1941- يىلغىچە كونا يامۇل دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1940- يىلدىن كېيىن تۇسەن گوڭسى قىلىندى. 1950- يىلى «خۇي چىڭبۇ» دەپ ئاتالغان. بۇ يەر يەنى «ئەسكەر مازار» مۇ دېيىلىدۇ. ئەسكەر مازار دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئەسلى بۇ ئەسكەرخانىدا چوڭقۇر بىر قۇدۇق بولۇپ، ھەزرەت ھاجىم دەۋرىدە خوتەندە تۇرۇشلۇق قاراقاشلىق تارىخان غوجا دېگەن كىشى باشچىلىقىدا بىر قانچە غوجىلار ئادەم تۇپلاپ ھەزرەت ھاجىغا قارشى قوزغالماقچى بولىدۇ. لېكىن بۇ ھەركەت پاش بولۇپ قېلىپ، ھەرزرەت ھاجى بىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرەت ھاجى بۇ غوجىلاردىن 48نەپەرنى مۇشۇ قۇدۇققا تاشلايدۇ. خوتەنگە ياقۇپ بەدۆلەت كېلىپ ھەزرەت ھاجى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ھەزرەت ھاجى ئەۋلادىدىن ۋە ئەمەلدارلىرىدىن 80دىن ئارتۇق كىشىنى يەنە شۇ قۇدۇققا تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جاي ئەسكەر مازار دەپ ئاتالغان.

## 5. شەھەر ئەتراپىدىكى چوڭ باغلار

خوتەن شەھىرىدە بىر نەچچە داڭلىق باغلار بولۇپ، بۇ باغلارنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ داڭلىق باغلار: گۈلباغ، ناۋاغ، شورباغ، تامباغ، شامالباغدىن ئىبارەت. بۇ باغلارنى سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى مىرزا ئابابەكرى دېگەن كىشى 16- ئەسىردە بىنا قىلدۇرغان. مىرزا ئابابەكرى زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان ئادەم بولغانلىقتىن، دەرياغا سۇ كۆپ كەلگەندە سۇ تاماشاسى قىلىش ئۈچۈن ياسىغان. ناۋاغ داڭلىق قىزىل گۈللۈك باغ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىر نەچچە خوتۇنلىرى بار بولۇپ، ھەربىر باغ بىر ئايالى ئۈچۈن سېلىنغان دېگەن گەپلەرمۇ بار.

## 6. خوتەندە يۈز بەرگەن تەبىئى ئاپەتلەر توغرىسىدا

1) مىلادىيە 1908- يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تارقالغان ئاغرىق- سىلاق 8 يىل داۋام قىلغان چوڭ ھادىسە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلانغان. بۇ كېسەل دەسلەپ كېرىيەدىن باشلانغان بولۇپ، بۇغاز لەڭگەردىن بىر تاغلىق ئادەمنىڭ كېسەل بولغان بىر داۋىغانىنى ئەكىلىپ سېتىشى بىلەن باشلانغان. ئاۋۋال بۇغاز لەڭگەردىن باشلىنىپ، كېيىن كېرىيەگە تارالغان. شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا كېرىيە ناھىيەسىدىن 50مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، چىرىيە، لوپ ۋە خوتەنگىچە كېڭىيىپ يېتىپ كەلگەن. خوتەن ناھىيەسىدىمۇ 60مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا شۇ چاغلاردا زىكرى قىلىنغان. نۇرغۇن ئۆيلەر مال- دۇنيالىرى بىلەن ئىگىسىز قالغان، نۇرغۇن ئادەملەر قېچىپ باشقا يۇرتلارغا كەتكەن. بۇ كېسەل بىر ئائىلىدە بىر ئادەمگە يۇقسا 24سائەت ئىچىدە بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ ھەممىسىگە يۇققان. بۇ كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى ئاساسەن كېسەل يۇققان ئادەم دەسلەپتە قىزىپ، پۈتۈن بەدەن جۇغۇلدايدىكەن. ئۆپكىدىن قارامتۇل قان كېلىدىكەن ۋە شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ قولتۇقىغا، بويىنىغا

«تاۋىن» ئىسسىقلىق چوڭلۇقى ئالمىدەك كېلىدىغان بىر قىزىل ئۆسمە پەيدا بولىدىكەن. بۇ كېسەلنى ئادەتتە «ۋابا»، «چۇما» دەپ ئاتايدۇ. «تاۋىن» دېگەن كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەممۇ ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ۋەقە شۇ زامانلاردا ياۋرۇپاغا ئاڭلانغاندا، ياۋرۇپادىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن بىر پىروپېلاكتىكا ئەترىتى (ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى) كېلىپ، قەشقەرگىچە كەلگەن بولسىمۇ، خوتەنگە كېلىشتىن قورقۇپ قايتىپ كەتكەن. بۇ ئاغرىق- سىلاق ۋەقەسى خوتەندىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تارىخي بەلگە بولۇپ كۆرستىلىدۇ. مەسىلەن: ئاغرىق- سىلاقتا تۇغۇلغان، ئاغرىق- سىلاقتا پالانى مۇنچە ياشتا ئىدى دېيىشىدۇ، بۇ ۋەقەگە بۇ يىل 77يىل بولدى.

2) 1920- يىللىرى ئەتراپىدا خوتەن كونا شەھەر چاسۇدىكى ئەنجان سارىيىدا ئوت تۇتۇشۇپ كېتىپ ئۈچ ئۆرەلمەي 10كۈن كۆيگەن. خوتەن كونا شەھەر شۇ قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەن. قېرى- چۆرە، كىچىك باللار بولۇپ 60دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. نەچچە يۈزلىگەن ئائىلە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

3) 1929- يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسى تېشىپ كېتىپ، ئىلچى دەرياسىغا سۇ ھەددىدىن ئارتۇق كېلىپ، ئارال، شامالباغ، ئارا كەنت، ئىگەچى قاتارلىق جايلارنى پۈتۈنلەي سۇ بېسىپ، زور ۋەيرانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. زىرائەتلەر پۈتۈنلەي ئېقىپ كەتكەن.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى داموللام

# خوتەننىڭ 1884 ـ يىلىدىن جۇڭخۇا مىنگوغىچە بولغان ئىجتىمائىي ئەھۋالى

1878ـ يىلى نويابىردا زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، ياقۇپبەگ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىدىن خوتەننى قايتۇرۋالدى. ياقۇپبەگنىڭ خوتەندىكى نائىبى (ۋالىسى) نىياز بەگ، ھوشۇر بەگلەر يوقالدى. زوزۇڭتاڭ قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلى دۇڭ فۇشىياڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە يېتىپ كەلگەن مانجۇ قوشۇنلىرىنى خوتەن خەلقى دەسلەپ قورقۇنچلۇق كۈچ دەپ گۇمان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خەلققە بولغان مۇئامىلىسىنى، خەلقنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىپ ئازـ تولا بولسىمۇ ئاراملىق بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ياخشى تونۇشقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ياقۇپبەگنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي ئۆيلىرىنى ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا سەرسانـ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى.

1878ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى قىسمەن مەمۇرى ئىشلىرى ھەربى ئورگانلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، 1879ـ ۋە 1880ـ يىللىرىدىن باشلاپ مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەشكىلى قۇرۇلۇپ قانۇن — تۈزۈم، باج، غەللەـ پاراق قانۇن

بويىچە يولغا قويۇلىدى. بۇ ئىشلار بۇرۇنقى زۇلۇملارغا نىسبەتەن خەلقلەرگە يەڭگىللەرەك تۇيۇلىدى. خوتەندىكى مەنچىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ ئاستىدىكى بازار- كوچىلارنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، كونا تۆت دەرۋازىنى (قىزىق دەرۋازىسى، گۈجان دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى، ھېيتكاھ دەرۋازىسى قاتارلىق دەۋازىلار بولۇپ بۇ دەرۋازىلار ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان ھەببۇللا ھەزرەت ھاجى سالدۇرغان سېپىلنىڭ دەرۋازىلىرى ئىدى) «لىموك يامۇن»، «شەنگەن يامۇن»، «دىڭزا يامۇن»، «ئەرمۇك يامۇن»، «شەنتۇڭ يامۇن» دەپ ئاتاپ ھەربىي ئورگانلارنى قۇردى. شۇ چاغدا خوتەندىكى مانجۇ ھەربىيلىرى مەخسۇس ھەربىي ئورگان قۇرۇش ئۈچۈن، سېپىل سالىمىز دەپ، ھازىرقى گۈلباغنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تېرىم ھالىتىدە تۇرغان تۇرلەڭ يەرنى تالاپ، 400 مو يەر ئەتراپىغا سېپىل سېلىشقا كىرىشتى. بۇ، خوتەندە تۇرۇشلۇق زوزۇڭتاڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ 1883- يىلى ياساشقا باشلىغان ھەربىي ئىستىھكامى بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشقا ئومۇمىي خەلقنى مەجبۇرىي ئىشلەتتى. ۋە ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر كېلىدىغان قوختىلىق ۋە جەبخانىلىق، ھەر 200 مېتىر يەردە بىردىن پوتەي سېلىنغان سېپىل سوقۇپ تۆت دەرۋازا ئورناتتى ۋە شەرق تەرەپتىكى دەرۋازىنى «كېرىيە دەرۋازىسى»، غەرب تەرەپتىكى دەرۋازىنى «يەكەن دەرۋازىسى»، شىمال تەرەپتىكى دەرۋازىنى «قاراقاش دەرۋازىسى»، جەنۇب تەرەپتىكى دەرۋازىنى «توساللا دەرۋازىسى» دەپ ئاتاپ، پىششىق خىش بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ 10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەيۋەتلىك ئەگمە دەرۋازا قۇرۇپ، دەرۋازا ئۈستىگە توپخانا، جەبخانىلارنى قۇردى. بۇ سېپىلنىڭ ئورنى، تاملىرى ھازىرمۇ خېلى ساق ھالىتىدە بار. سېپىلنى سېلىشتا خوتەن خەلقى بولۇپمۇ، يېزىلاردىكى دېھقانلار تۆت

يىلغىچە ئىنتايىن جاپالىق ئىشلىدى. سېپىلنى سېغىز بىلەن خاتىداپ قاتۇرۇپ سېلىش جەريانىدا بىر نەچچە ئادەم مەجبۇرىي ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ مەزگىلدە ئۇرۇمچى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جاڭجۇڭ بولۇپ تەيىنلەنگەن يۈەن داخۇ ۋە ھەربىي باشلىق فۇتەي، ئومۇمىي ھەربىي باشلىق ياڭتۇڭ لۇڭلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خوتەنگە دوتەي، ئامبال (شەنتۇڭ)، جىسا (ساقچى مەمۇرى)، تۇڭلۇڭ (ھەربىي باشلىق) لار كېلىشكە باشلىدى. يېڭى سېلىنغان سېپىلنىڭ ئىچىگە دوتەي يامۇن، شەنيامۇن، لەڭزە (تۇڭلۇڭ تۇرىدىغان جاي)، شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ)، ساڭ (ئاشلىق ئامبىرى) قاتارلىق ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. چوڭ رەستىلەردە مانجۇچە قۇرۇلۇش شەكلىدىكى فايخاڭ دىگەن بىنالارسېلىنىپ، خەنزۇ تىجارەتچىلىرى، گۆرۆكەش جاڭگۈيدىلەرنىڭ دوكانلىرى قۇرۇلدى. سېپىل ئىچى ۋە سېپىل ئەتراپى يېڭىشەھەر (گۇلباغنىڭ شەرق تەرىپى) — خەنچىڭ، گۇلباغنىڭ ئاستى تەرىپى كونا شەھەر — خۇيچىڭ دىيىلدى.

ئۇرۇمچى جاڭجۇڭ تەرەپتىن خوتەنگە بەلگىلەنگەن دوتەي ۋە ئامباللار ئۈچ- تۆت يىلدا بىر يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. بۇ بىر مەزگىل 1884- يىلدىن باشلاپ ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى زۇلمەتلىك كۈنلىرى تەلتۆكۈس ئاياغلىشىپ، خوتەن خەلقى ئارامىدا تۇرمۇش كۆچۈرۈپ سودا- تىجارەت، قول- ھۈنەرۋەنچىلىك، زىلچا- گىلەم، شايى- ئەتلەسچىلىك، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى خېلى راۋاج تاپقان مەزگىل ئىدى. مەمۇرىي ئەمەلدارلار پۈتۈنلەي مانجۇلاردىن بولسىمۇ، يۇرت بەگلىرى تولاراق خەنزۇچە تىل بىلىدىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلاردىن ئىدى. ھۆكۈمەتكە مەنسۇپ بولغان ھەر قانداق ئەمەلدار مانجۇچە كىيىم كىيىشكە، بېشىغا قارا پوسما، ئۈستىگە ئۇزۇن كۆك ئىزمىلىق چاپان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا كالتا

جۇيازا، پۇتنغا قارا لاتا خەي كىيىپ، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. يۇرتنىڭ مەمۇرى ئىشلىرى پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، بەگلەرنى ئەمەل ناملىرى بىلەن قوشۇپ«سەنبەنتو»، «جىسا»، «كا بەگ»، «يايى»، «دورغا» دەپ ئاتايتتى.خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ سودا- تىجارەت، ئۆرپ- ئادەت، دىنى ئېتىقاتتا ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، شەھەر ئىچىدە تىجارەت سارايلىرى، دەڭلەر، دىنى مەكتەپ، مەدرىس- مەسچىتلەر كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلدى. خەلقنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى قەدەممۇ- قەدەم ياخشىلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە ئۆرۈمچىدىكى يۇەن جاڭجۇندىن 1908- يىلى بۇيرۇق كېلىپ، ئۆلكە بويىچە نوپۇس سانىغى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى نوپۇس سانىغى ئىدى. نوپۇس سانىغى باشلىنىش بىلەن خەلق ئىچىدە «ئەسكەر تۇتماقچىمىش» دىگەن گەپلەر تارقىلىپ گۇمانلىنىش، قورقۇش پەيدا بولۇپ ئۆزىنى ۋە كىچىك باللىرىنى قاچۇرۇش، يوشۇرۇش ئىشلىرى كۆپ يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ نوپۇس سانىغىمۇ ئىشەنچلىك بولمىدى. شۇ چاغدا، يەنى 1908- يىلى يۇەن داخۇنىڭ ئېلان قىلىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۈچ يېرىم مىليون دىگەن ئىدى (چەتئەل تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىدىن ئېلىندى).

خوتەندە مانجۇ ھاكىمىيىتى ھۆكۈم سۈرگەن 1878- يىلدىن 1910- يىلغىچە سېپىل سېلىش، شەھەر قۇرۇلۇشى (كوچىلارنىڭ ئۈستىنى يېپىش)، سودا- تىجارەت، دىنى پائالىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، چار روسىيە، ئافغانىستان تەرەپلەردىن چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ ۋە باشقا ھەر خىل كىشىلەرنىڭ كېلىشى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تىجارەتچى خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە گۆرۆكەش جاڭگۈيدىلەرنىڭ چىقىشى بىلەن شەھەر- بازارلار ئاۋاتلىشىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ پەيتتە،

يەنى 1912- يىلى خوتەن خەلقىنىڭ بېشىغا يەنە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر يېغىشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئۈشتۈمتۇت قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان، بېشىغا قارا رەخ ئورىۋالغان، بەللىرىگە خەنجەر، كالتە قىلىچ ۋە تاپانچا ئېسىۋالغان بىرەر مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ ياشلار پەيدا بولۇپ قالدى. بۇلارمۇ تەشكىللىك ئاساستا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلىكى ياكى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. كېيىن بۇلار خەلق ئارىسىغا تاراپ خەلق بىلەن ماسلاشقاندەك، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ياردەملەشكەندەك كۆرۈندى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارشىلىق قىلمىدى. لېكىن، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشلىرى بۇزۇلۇپ، بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ ۋە خەلققە زورلۇق- زومبۇلۇق ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىغا قول سېلىش ئىشلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. قىمارۋازلىق، ئوغۇرلۇق، باسقۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. خەلق ئاممىسى بۇلارنى يامان كۆرىدىغان، بۇلاڭچىلار دەپ ھېسابلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت كۆپىيىپ، پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردىن بىر بۆلۈك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كېلىپ بۇلارنى خوتەندىن يوقاتتى. بۇ ئەھۋال خەلق ئارىسىدا «قارا سىپەچىلەر ۋەقەسى» دەپ تارىخى ھادىسىلەر قاتارىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۈرۈمچىدىكى يۈەن داخۇ جاڭجۇڭ بىلەن ھەربىي باشلىق ياڭ تۇڭلۇڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قوراللىق توقۇنۇشلار بولغاندىن كېيىن ئىچكىرىدىن فوتەي دىگەن يەنە بىر ھەربى باشلىق چىققان. شۇنىڭ بىلەن ياڭ تۇڭلۇڭ ئىلى تەرەپكە

قىچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە، بىر مۇنچە خەنزۇ ياشلارنى تەشكىللەپ «گېلاۋخۇي» دەپ بىر جەمئىيەت قۇرۇپ ئۆزلىرىنى «تەرەققىپەرۋەرلەر» دەپ ئاتىۋالغان. ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىۋېلىپ نوچى كىيىنىپ، جاڭجۇڭغا قارشى تۇرغان. ئۇلار بۇ قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە يېڭىلىپ قەشقەر، خوتەن تەرەپلەرگە قېچىپ كەلگەن ئىكەن، كېيىن بۇلار يەنىلا جاڭجۇڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، شىمال تەرەپ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە قېچىپ كەتكەن دەپ خاتىرىلەنگەن.

«قارا سىپەچلەر» خوتەندىن يوقالغاندىن كېيىن، خوتەن خەلقى يەنە بىر قېتىم تىنچ تۇرمۇش ۋە ئاسايىشلىققا ئېرىشتى. مەدەنىي- مائارىپ راۋاجلاندى. لېكىن، بۇ ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى خەلقلەردىن خەنزۇچە مەكتەپكە كۆپلەپ مەجبۇرىي بالا ئېلىش، ئۇلارغا نوقۇل خەنزۇچە تىل- يېزىق ئۆگىتىش ئىشلىرى باشلاندى. خەلق ئىچىدە يەنە بىر تەشۋىشلىك كەيپىيات پەيدا بولدى. بۇنى خەلقلەر «خەنزۇچە مەكتەپكە بالا تۇتۇش ئالۋىڭى» دەپ تونىدى. ھەقىقەتەن ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن بالا ئالۋىڭى قويۇلغان ئىدى. بايلار كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۆتكۈزەتتى. شۇچاغدا خەنزۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلىققا بېرىدىغان بىر بالىنىڭ سېتىلىش باھاسى 100 سەر كۈمۈشكە چىققان، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما خەنزۇچە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلار ۋە يازايدىغانلار كېيىن چوڭ بەگ ۋە ئەمەلدار، تەرجىمان بولۇپ چىقتى. شۇ چاغدا يېتىشىپ چىقىپ خوتەننى سورىغان چوڭ بەگلەردىن روزى بەگ ھاجى، يۈسۈپبەگ ھاجى، باھاۋۇدۇن بەگ، فىراۋىدىن بەگ، ئېلى بەگ سەنبەنتو، لوپ توختى بەگ، نەجمىدىن بەگ قاتارلىق بەگ ۋە سەنبەنتولار شۇ چاغدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئەمەلدارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەھلى- ئەۋلادىمۇ چوڭ- كىچىك

بەگلەر ئىدى.

خەنزۇچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھوقوقى بەك چوڭ ۋە ئۇلار بەك ئەركىن بولۇپ، خەلققە زوراۋانلىق قىلسا، ئۆي-باغلىرىغا بېسىپ كىرىپ ئۆزلىرى خالىغانچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلسا، ھۆكۈمەت ئۇلار بىلەن كارى بولماي ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بىرەتتى. خەلق «خەنزۇچە مەكتەپنىڭ باللىرى» دېسە ناھايىتى قورقاتتى. يەنە شۇ مەزگىللەردە، بۇرۇنقى سوقۇشلاردا ئۇيغۇرلاردىن مانجۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۆز يۇرتى شىنجاڭغا قايتۇرغان بولۇپ، ئۇلارمۇ خەنزۇچە تىل ئۆگىنىپ كەلگەچكە يۇرتىغا كېلىپلا بەگ، ئەمەلدار بولدى. بۇلارنى خەلق «چەنفەن بەگلەر» (ئۇرۇشتىن قايتۇرۇلغانلار) دەپ ئاتايتتى. بۇلار تولاراق ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ توساللا يېزىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھازىرمۇ توساللىدا چەنفەن زاراتلىقى (قەۋرىستانلىق) ياكى «توققۇز گۈمبەز» دەپ ئاتىلىدىغان، چەنفەنلەردىن قالغان بىر جاي بار.

1910- يىلىدىن باشلاپ قەشقەردىكىگە ئوخشاش خوتەن شەھرىدىمۇ دىنىي مەكتەپ، مەدرىس، خانىقالار ۋە مازارلار يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى. لوپنىڭ سامپۇل يېزىسىدىن يولداش ئاخۇنۇم دەپ بىر كىشى چىقىپ تالىپلارغا ئەرەبچە، فارسچە ئۆگىتىشنى باشلىدى (بۇ كىشى قەشقەردە ئوقۇپ كەلگەن). ئۇ چاغلاردا تېخى خوتەندە ئەرەبچە، فارسچە بىلىدىغان كىشىلەر يوق ئىدى. شۇڭا شەرىئەت مەھكىمىلىرىدە «مۇبەييان»، «مۇھەممەد مىسلىم» دېگەن چاغاتايچە يېزىلغان دىنى كىتابلار ئاساسى پەتىۋا (قانۇن) كىتابى قاتارىدا ئىشلىنەتتى. يولداش ئاخۇنۇم بىلەن ئىسكەندەر ئاخۇنلۇقۇم دېگەن كىشىلەر، پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە داڭقى چىققان دىنى شەرىئەت ۋە تەرىقەت رەھبەرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەھلى- ئەۋلادى بەزىلىرى چوڭ ئاخۇن، بەزىلىرى چوڭ ئىشان بولۇپ،

ئۇلارنىڭمۇ يەنە ئەۋلادلىرى ۋە سوپىلىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

خوتەنگە يېڭى كەلگەن مانجۇ ئەمەلدارلىرى دەسلەپتە بەزى كونا دىنى مەكتەپ، مەدرىسلەرنى بۇزۇپ ئەسكەرخانا، بۇتخانا، ئاشلىق ئامبىرى قىلىپ، مەھكىمە شەرئىلەرنى بىكار قىلغان ئىدى. مەسىلەن: ھازىرقى سوخەن مەدرىس، سۇ دەرۋازىسىدىكى چوڭ مەدرىسنى ئامبار قىلغان ئىدى. لېكىن خەلقنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولماي نارازىلىق كۆچىيىپ، زىددىيەت ۋە قارشىلىق، ئۆلتۈرۈش ۋە ئوت قويۇشلارمۇ چىققاچقا، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ- ئادىتى دىنى پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇرۇنقى شەرئەت مەھكىمىلىرىنى قايتا قۇرۇشقا، قازى، ئەلەم، مۇفتى، مۇھتەسسىپ، ئىمام، مۇئەززىن، مۇددەرىسلەرنىڭ ھوقوقىنى يۈرگۈزۈپ ئەمر- مەئرۇپ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. شۇ مەزگىللەردە قەشقەر، بۇخارا، مىسىر، تۈركىيە ۋە ھىندىستان تەرەپلەردە ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەر داموللا، خەلفەت، ئەپەندى، مەۋلىۋى دىگەنناملار بىلەن كېلىپ، مەدرىس- مەكتەپلەرگە ئورۇنلىشىپ ئومۇمى ئىسلام دىنى مائارىپىنى راۋاجلاندۇردى. خەلقنىڭ دەۋا- دەستۇر، ھەققىيات، نىكاھ، مىراس قاتارلىق ئىشلىرى شەرئەت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئەدلىيە- سوراق ھوقۇقى ۋە جازالاش، تەكشۈرۈش (بازارلاردا يۈزى ئۈچۈق يۈرگەن خوتۇن- قىزلارغا دەررە ئۇرۇش، ناۋاي، قاسساپلارنىڭ جىڭ- تورۇزلىرىنى تەكشۈرۈش) ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلاتتى، يەنى بازار كۈنلىرى مەھكىمە شەرئىنىڭ ئاخۇنلىرى چوڭ ئارغىماق ئاتلارغا مىنىپ، 40~50 شەيخۇل ئىسلاملار بىلەن دەررىلەرنى كۆتۈرىشىپ رەستە- بازارلارنى ئايلىنىپ خەلققە دىنى ئەمر- مەئرۇف، نەھى- مونكىر قىلاتتى. شەرئەت ھۆكۈمگە رىئايە

قىلىش، بالىلارنى مەكتەپكە بېرىش، ئاياللار يۈزىنى يۆگەش، ئۆشرە- زاكات ئادا قىلىش، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، ھاراق- شاراپ ئىچمەسلىك، زىنا، زالالەت، جازانە قىلماسلىق، ئوغۇرلۇق قىلماسلىق قاتارلىق يامان ئىشلار توغرىسىدا تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باراتتى. زىنا، پاھىشە قىلغانلارنى تۇتىۋالسا يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايە قىلاتتى. يۈزى ئوچۇق يۈرگەن ئاياللارنى بولسا كوشۇككە سېلىپ بازاردىكى تۆۋرۈكلەرگە ئېسىپ قوياتتى.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دوتەي- ئامباللىرى، ئەمەلدارلىرى ھەممىسى دىگىدەك ئەپيۇنكەش، پارىخۇر بولۇپ، كېچە- كۈندۈز يامۇلدىن چىقماي ئەيش- ئىشرەت، كەيپ- ساپا بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئادەم ئۆلۈش ۋەقەلىرىنى ئۆزلىرى سوراق قىلىسمۇ، قالغان ئىشلارنى بەگلەرگە تاپشۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرت ئىچىدە زۇلۇم- ئىستىبدات ئېغىرلاشقان، فېئودال، پومىشچىك- زومىگەر، بەگ- ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىمۇ ھەددىدىن ئاشقان، پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن چەتتىن كەلگەن سودا- تىجارەتچىلەر، روس پۇقرالىرى، ئۆزبېك سودىگەرلىرى، ھىندىستان سودىگەرلىرى (ئەنگلىيە پۇقرالىرى) مۇ كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىپ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ فەرەڭ پۇقرالىرى (ئەنگلىيە ھۆكۈمەت پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ھىندىستانلىقلار)، ئافغانلار ۋە روس پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ئۆزبېكلەرنىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئۇلار مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرىگە بويسۇنمايتتى. ئۇلار تىجارەت ئىشلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىمۇ ئەركىن ئىدى. ئۇلاردىن باج- سېلىق ئېلىنمايتتى. ئەگەر ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، مەنچىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى سۈرۈشتە قىلالمايتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كونسۇلخانىلىرى بىر تەرەپ قىلاتتى. كۈندىن- كۈنگە

كۆپىيىۋاتقان بۇ مۇھاجىرلار خوتەن شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدىن يەر سېتىۋېلىپ خالىغانچە ئۆي ۋە باغلارنى سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا، زىرائەتلىرىنى سوغۇرۇشتا خەلقنىڭ زىرائەتلىرىگە كىرىدىغان سۇلارنى ئۆزى خالىغانچە تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭكىنى سۇغىراتتى. گويا ئۇلارمۇ بىر ھۆكۈمەت ئىدى.

1910- يىللىرى خوتەن كونا شەھەر ئەنجان سارىيىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، شەھەر 13 كېچە- كۈندۈز كۆيۈپ، ئۆچۈرۈشكە ئامال قىلالماي، پۈتۈن شەھەرنىڭ 3/2 قىسمى كۆيۈپ تۈگىگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا چوڭ- كىچىك، ئەر- ئايال بولۇپ 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. مىڭلارچە شەھەر ئاھالىسى ئۆيۋاقلىرىدىن، دۇنيا- ئوقەتلىرىدىن ئايرىلغان، دەپ يېزىلغان. بۇ ھازىرغىچە بىر تارىخى ۋەقەلىك قاتارىدا سۆزلىنىدۇ.

ھىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بوغاز لەنگەر دىگەن يېرىدە دەھشەتلىك بىر يۇقۇملۇق كېسەل ۋابا- تائۇن (چوما —— بىرىنچى نۇمۇرلۇق كېسەل) تارقىلىپ، خەلقلەر تۈركۈم- تۈركۈملەپ قىرىلىپ كەتكەن. بۇ كېسەل دەرھال ھەر قايسى ناھىيىلەرگە تارقىلىپ، بىر كۈندە يۈزلەپ- مىڭلاپ ئادەم ئۆلۈپ كۆمۈشكە ئۈلگۈرمەي قالغان. بۇنى خەلقلەر «ئاغرىق- سىلاق» دەپ ئاتىغان. بۇ ئەھۋال خوتەن، قەشقەر ۋە گۇما قاتارلىق جايلارغىمۇ تارقىلىپ سەككىز يىل داۋام قىلغان. خوتەندە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلىك ھادىسىنىڭ خەۋىرى چەتئەلگە تارقىلىپ، ياۋرۇپاغىچە يېتىپ بارغاندا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، چارروسىيە ھۆكۈمەتلىرى بىرلىشىپ بىر پىروكىللاكتىكا ئەترىتى تەشكىللەپ خوتەنگە ئەۋەتكەن. لېكىن ئۇلار قەشقەرگە كېلىپ قايتىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى

بەزىلەر خوتەنگە بېرىشتىن قورقۇپ قايتىپ كەتكەن دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ياۋروپا ۋەزىيىتى ياخشى بولماي 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاچقا قايتىپ كەتكەن، دېيىشتى.

ئۇرۇمچى جاڭجۇڭ دىن پەرمان كېلىپ خوتەندىكى ئاغرىق- سىلاقنىڭ باشقا ۋىلايەتلەرگە تارقىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خوتەنگە كىشىلەرنىڭ بېرىپ- كېلىشىنى قەتئىي چەكلىگەن. خوتەن چېگرىسىدىن چىققانلارنى ئېتىپ تاشلاشقا ھۆكۈم قىلغان.

ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر داموللام دېگەن كىشى 1907- يىللىرى چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىپ بۇخارادا ئوقۇغان ۋە روسىيە، تۈركىيە، مىسىر، ئەرەبىستان، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردا تۆت يىل ساياھەت قىلىپ 1911- يىللىرى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. كېيىن تۇرپان، كۇچار، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يېڭى زامانىۋى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، زامانىۋى ئىلىم- پەن بىلەن خەلقنى ئويغىتىش ۋە جاھالەت، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇش، پەن- مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلغان. تۈركىيە، قازان تەرەپلەردىن مۇئەللىم- ئەپەندىلەرنى تەكلىپ قىلغان. شۇ چاغلاردا مۇئەللىملىك قىلغان قاسىم ئەپەندى، تەۋفىق ئەپەندى، ئەھمەت كامال قاتارلىق كىشىلەر شۇ چاغدا تەكلىپ قىلىنغانلار بولۇپ، خوتەن، قەشقەرلەردىكى زامانىۋى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇلار بۇ مەكتەپلەردە بىر تەرەپتىن دىنى ئوقۇتۇشنى تۇتسا يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى پەن ئوقۇتاتتى. مەسىلەن: جۇغراپىيە، دۇنيا تارىخى، ماتېماتىكا، ھېساپ، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، روسچە، خەنزۇچە تىل- يېزىقلارنى ئۆگىتىش بىلەنلا قالماي گىمناستىكىمۇ ئۆگەتكەن. خوتەن شەھرىنىڭ ھازىرقى ئالتۇن مەدرىسنى مەكتەپ قىلىپ شۇ يەردە خوتەننىڭ بايلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ بالىلىرىنى تاللاپ ئۆگەتكەن. بۇ مەكتەپلەردە يېڭىلىق جارى

قىلدۇرۇلۇپ خەلق ئويغىنىشقا باشلىغاندا، خوتەندىكى سۇلايمان ئەلەم باشلىق دىنىي مۇتەئەسسىپ موللىلار قارشى چىققان. ئۇلار «جەدىدىستلەر پەيدا بولدى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھۆكۈمەت ئۈچۈن خەۋپلىك» دەپ، مەنچىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا دوكلات قىلغان. نەتىجىدە ئامبال يارلىق چۈشۈرۈپ مەكتەپنى تارقىتىۋەتكەن. تۈركىيەدىن كەلگەن ئەپەندىلەرنى قوغلاپ چىقارغان. بۇ ئەھۋال قەشقەر، تۇرپانلاردىمۇ يۈز بېرىپ ئۇ جايلاردىكى ئەپەندىلەرمۇ قوغلانغان ئىدى.

مەمتىمىن قۇربان، مۇھەممەتئىمىن سابىر

# خوتەن قەغىزى ھۈنەر- سەنئىتى

قەدىمكى يىپەك يولىنى مەركەز قىلغان سودا- تىجارەتتە «خوتەن قەغىزى» يۇقىرى تاۋار قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كۆلەملىشىشكە ۋە كەسپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. قەغەزچىلىك خوتەننى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1933- يىلى تارىم ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىرگە بىر نەچچە پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. جاڭ ۋېنلىگىنىڭ «ئېلىمىز قەغەز پۈتۈكچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خۇاڭ ۋېنبى تاپقان بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 46- يىلدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان سەيلۇن قەغىزىدىن 150 يىل ئىلگىرىكى قەغەز ھېسابلىنىدىكەن[①].

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 1996- يىلى 3- ئاينىڭ 6- كۈندىكى سانى

## 1) خوتەن قەغىزى قويۇشنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى

(1) قوۋزاق تەييارلاش: ئاۋال بىلەپ ئىتتىكلىتىلگەن تىۋەزنى ياكى كەكە بىلەن قارا ئۈجمە دەرىخىنىڭ (قىرىپ كەتمىگەن ئاق ئۈژمە، چىقىر ئۈجمىلەرمۇ بولىۋېرىدۇ) بىر ياكى ئىككى يىللىق نوتا- شاخلىرىنى تۈۋىدىن كېسىۋالىمىز. يوپۇرماقلىرىنى تولۇق پۇتىغاندىن كېيىن، نوتىنىڭ توم تەرىپىدىن قوۋزىقىنى پىچاق بىلەن 8~10 سانتىمېتىر يارىمىز. بىر قولىمىز بىلەن نوتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قولىمىز بىلەن قوزاقنىڭ يېرىلغان يېرىدىن چىڭ تارتىمىز. قوۋزاق نوتىنىڭ ئاخىرغىچە سويۇلىدۇ. چالا قالغان قوۋزاقنى نوتا يالىڭاچلانغىچە سويىمىز.

5- ، 6- ، 7- ئايلار نوتا كېسىپ قوۋزاق تەييارلاشنىڭ ياخشى پەيتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا قوۋزاق خام، چىدامسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا قوۋزاقنىڭ سۈيى قېچىپ، سوبماق تەسلىشىپ كېتىدۇ. نوتا كېسىلگەن كۈنى ھېچبولمىسا ئەتىسى قوۋزاقنى سويۇۋېلىش لازىم. كۆڭلىمىزدە سويۇۋالىدىغان قوۋزاق كېلەر يىل 5- ئايغىچە يېتىدۇ دەپ مۆلچەرلىسەك،قوۋزاق تەييارلاشنى توختىتىمىز. تەييارلانغان قوۋزاقلارنى كۈن چۈشىدىغان جايدا قۇرۇتقاندىن كېيىن، يامغۇر، قارنىڭ زېيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈستى يېپىلغان جايدا ساقلايمىز.

(2) قوۋزاقنى تازىلاش: تەييارلىغان قوۋزاقنىڭ قارا پوستىغا ئاق قوزاق چاپلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىزگە ئاق قوۋزاق لازىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇرۇپ قالغان

قوزاقتىن بىر قېتىملىق ئېھتىياجغا يارىشا بۆلىۋېلىپ، چوڭ قازانغا سېلىپ قوۋزاق چىلاشقىچە سۇ قويۇپ، ئوت ياقىمىز. ئىككى سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، قوۋزاق يۇمشاپ ئەۋرىشىملىشىدۇ. ئاندىن قوۋزاقنى قول بىلەن سۈزۈۋېلىپ توپا يوقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بورا ياكى ئەدىيال (سۇلياۋ

يوپۇقمۇ بولۇۋېرىدۇ) ئۈستىگە قويۇپ، بىر تال ئۈزۈن قوۋزاقنىڭ ئاق تەرىپىنى سول قولىمىزنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئۈچىغا تىرەپ، پىچاق بىلەن قوزاقنىڭ پوستىنى قىرىپ چىقىرىۋېتىمىز. پىچاق ئىتتىك بولۇشى كېرەك (قولنى كىسىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشى زۆرۈر). قىرىپ چىقىرىۋېتىلگەن قوۋزاق پوستى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ياخشى يەم-خەشىكى بولىدۇ.

(3) مايى (ناياپ) تەييارلاش: پاكىزە داش قازانغا بەش چىلەك سۇ قويۇپ ئۇچاققا ئوت ياقىمىز. سۇ ئىسسىغاندا تارازىدا تارتىپ سەككىز جىڭ شاخار سالىمىز (شاخار دىگىنىمىز تەكلىماكاندا نەچچە يۈز يىل قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان توغراق ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ پەيدا قىلغان كۈلدۇر). شاخار قازانغا چۈشكەندىن كېيىن سۇنىڭ رەڭگى قارىغا ئۆزگىرىدۇ. قازان قايناشقا باشلىغاندا، ئاللىقاچان تازىلىنىپ قۇرۇپ بولغان قوۋزاقتىن مۆلچەرىمىزدە 20 جىڭنى قازانغا سالىمىز. قازان ئىككى سائەتچە قاينىغاندىن كېيىن، قوۋزاقنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان قىسمى پىشىدۇ (قوۋزاقنى ئىككى بارمىقىمىزدا قىسىپ تۇرۇپ يەنە بىر ئۇچىنى ئىككى بارمىقىمىزدا قىسىپ تارتساق قوزاق ئۈزۈلۈپ كەتسە پىشقان ھېسابلىنىدۇ). ئىككى نوغۇچتا قازاندىكى قوۋزاقنى ئىلەشتۇرۇپ، ئاستىدىكى پىشقان قىسمىنى ئۈستىگە چىقىرىمىز. ئاندىن ئىككى نوغۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىپ داسقا (چىلەكمۇ بولىدۇ) سالىمىز. داسقا بىر چىلەك سۇ قۇيۇپ قىزىق قوزاقنى سۇۋۇتىمىز. ئاندىن قوزاقنى ئىككى ئالقىنىمىزدا كۈچەپ سىقىپ سۈيىنى داسقا تامدۇرۇمىز، داستىكى سۇنى قازانغا تۆكۈمىز. چۈنكى بۇ سۇدا شاخارنىڭ قۇۋۋىتى تۆكمىگەن بولىدۇ. ئالقىنىمىزدا كالللەكلەنگەن خۇرۇچنى مايى (ناياپ) دەيمىز. بىر كاللەك مايىنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتە ئىككى جىڭدىن تۆت جىڭغىچە بولىدۇ. قازاندا قالغان قوۋزاقلار پىشقاندىن

كېيىن، يۇقىرىدىكى مەشغۇلات بويىچە مايى ياسايمىز (بۇ مەشغۇلاتلار ئۈستى يېپىلغان دالىدا جايىدا ئىشلىنىدۇ). قازاندىكى سۈنى يالاققا تۆكۈۋېتىمىز (دىققەت: شاخار ئورنىدا سۇدا- توغرىغا قاتارلىق ئېچىتقۇلارنى ئىشلەتسە ئۈنۈمى بولمايدۇ. داستىكى مايىنى بىر نەچچە كۆن ساقلاش توغرا كەلسە، سۇلياۋ يوپۇق ياكى ئەدىيال بىلەن يېپىپ قويۇش كېرەك).

(4) مايىنى سوقۇش: مايىنى سوقۇش ئۈچۈن تاش ۋە توقماقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سايمان لازىم بولىدۇ. قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر، توغرىسى 50 سانتىمېتىر، بويى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان، يۈزى سىلىق تەكشىلەنگەن تاشنى يەرگە يېرىم كۆممىز (تاش بىر تەرەپ پەسرەك، بىر تەرەپ ئېگىزرەك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يۇقىرىدىكى ئۆلچەمدىن تار، قىسقا ياكى يۇپقا بولماسلىقى كېرەك).توقماقنى جىگدە، ئۈرۈك، ياڭاق قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كۆتىگىدىن ياسىتىمىز. توقماقنىڭ بويى 30سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ ئايلانمىسى 60سانتىمېتىر، بېلىنىڭ ئايلانمىسى 50سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. توقماق يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالتە م لىق سىم بىلەن چىڭ چەمبەرلەيمىز. توقماقنىڭ يۈزى ئۇپراپ، قوتۇرلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن 3~4 سانتىمېتىرلىق مىخنى زىچ (80- 100 گىچە) قېقىۋېتىمىز. توقماقنىڭ دەستىسى (تۇتقۇچى) سىقىمىمىزغا دەل كېلىشى، سىلىق بولۇشى، ئۇزۇنلۇقى 35سانتىمېتىر بولۇشى، بۇنىڭدىن 15سانتىمېتىرچە قىسمى توقماقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن چىڭ، ھەم ئۆتكۈزۈلىشى لازىم.

سايمان تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تاشنى پاكىزە سۈرتۈپ 3 ~ 4 كاللەك مايىنى (نايابنى) تاشتا قويىمىز. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مايىنى سوقىمىز. ئوڭ قولىمىز توقماق تۇتسا، سول قولىمىز يېپىلىپ كەتكەن

مايىنى توقماق ئاستىغا يىغىپ بېرىدۇ. سۇقۇشنى مايىدا زىغىرچە يىرىك قوۋزاق قالمىغان، مايى راسا ئۆزلەشكەن لەغەمەن خېمىرى ھالىتىگە كەلگەنگە قەدەر (تەخمىنەن يېرىم سائەتچە) سوقىمىز.

(5) مايىنى (نايابنى) قەغەزگە ئايلاندۇرۇش: ماتالغا بىر كەمچە (ئىككى جىڭ) مايىنى سالغاندىن كېيىن، بىر چىلەك سۇ قۇيۇپ پىشكوك بىلەن تېگىدىن ئۈستىگە، ئۈستىدىن تېگىگە قوچۇپ ماتىلايمىز. بۇ ئىش مايى بىلەن سۇ بىر- بىرىگە سىڭىشىپ سۇيۇقراق ئۈماچ ھالىتىگە كەلگىچە داۋاملىشىدۇ. 2- قېتىم ماتالغا بىر چىلەك سۇ قويىمىز، پىشكوك بىلەن ئاستىدىن ئۈستىگە، ئۈستىدىن ئاستىغا قوچۇپ ماتىلاپ مايى بىلەن سۇنى بىر بىرىگە سىڭىشتۇرىمىز. بۇ چاغدا ماتالدىكى خۇرۇچ بەك سۇيۇق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم بىر چىلەك سۇ قۇيغاندىن كېيىن، بايقىدەك قوچۇپ ماتىلايمىز. تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىملىق سۇنى ئايرىم- ئايرىم قۇيغاندىن كېيىنكى قۇچۇپ ماتىلىشىمىزمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. بەش چىلەك سۇ بىلەن ماتال توشىدۇ. ماتالغا بەش چىلەك ئەمەس، ئىككى چىلەك سۇنىمۇ بىراقلا قۇيۇشقا بولمايدۇ. بىر كەمچە مايىنى بەش چىلەك سۇغا سىڭىشتۇرگىنىمىز ئۈچۈن ماتالدىكى خۇرۇچ سۇيۇقتىن سۇيۇق بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر كەمچە ئېلىپ كۆلچەككە چىلاپ قويۇلغان قېلىپقا قويىمىز. سۇغا سانتىمېتىر3 ~ 4 چىلىشىپ تۇرغان قېلىپنىڭ سۇزگۈچ رەختى قېلىن بولغاچقا، سۇ ئۆتكىنى بىلەن مايى ئۆتمەيدۇ. قېلىپنىڭ ئىچىدىكى خۇرۇچنى كىچىك پىشكوك بىلەن ماتىلاپ بىر يېرى قويۇق، بىر يېرى سۇيۇق ئەمەس قىلىپ تەكشەيمىز. ئاندىن قېلىپنى ئىككى تەرىپىدىن (بىر تەرىپى پەسرەك بولۇپ قالمىسۇن) كۆتىرىپ تۇرىمىز. سۇ ئاساسەن چۈشۈپ بولۇپ مايى سۈزۈلۈپ قالغاندا، قېلىپقا سىنچىلاپ قاراپ، قېلىپنى يانتۇلاپ مايىنىڭ قويۇق يېرىنى سۇيۇق يېرىگە

ئاقتۇرىمىز، مايىنىڭ قېلىپقا تەكشى يېپىلغىنىغا ئىشەنگىنىمىزدىن كېيىن قېلىپنى تۈز، تەكشى جايغا قويىمىز، سۈيى تولۇق ساقىپ بولغاندىن كېيىن، قېلىپلارنى يانتۇزۇپ قويۇلغان ئۇزۇن ياغاچقا يانتۇ يۆلەپ قويىمىز. ئىككى قېلىپنى بىر- بىرىگە يانتۇ گەدەنلەشتۇرۇپ قويساقمۇ بولىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپ ياخشى بولسا ئۈچ- تۆت سائەتتە؛ ھاۋا تۇتۇق، سالقىن بولسا ئالتە- يەتتە سائەتتە قۇرۇپ بولىدۇ. ئاندىن قەغەزنى قېلىپتىن سۇيۇۋالىمىز. 50 ياكى 100 تاختا قەغەزنى بىر توپ قىلىپ، بىر قاتلاپ يىپ بىلەن ئوتتۇرىسىدىن چىگىپ قويىمىز.

مايىنى قەغەزگە ئايلاندۇرۇش داۋامىدا كېرەك بولىدىغان سايمانلار:

كەمچە — خورۇچىنىڭ بىر قېتىم ئازراق، بىر قېتىم جىقراق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق ئالماشتۇرۇلماي ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك قاچا. بۇ قاچا ياغاق، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ياغاچلىرىدىن قىيىلغانلىقتىن ئاپتاپتىمۇ، سۇدىمۇ چاك كەتمەيدۇ. بۇ قاچىنىڭ ئايلانمىسى 47سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى يەتتە سانتىمېتىر بولىدۇ.

ماتال — ئىلگىرى توغراق ياغىچىنىڭ ئىچى ئويۇۋېتىلىپ ياسىلاتتى. ھازىر تۆمۈر تاختاي بىلەنمۇ ياسىلىدۇ (ئۆلچەمگە چۈشىدىغان سۇلياۋ باكلارمۇ بولۇۋېرىدۇ). ماتالنىڭ ئايلانمىسى بىر مېتىر 20سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 60سانتىمېتىر بولۇپ، تەۋرەپ ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كۆلچەككە يېقىن قىلىپ 50سانتىمېتىر كولاپ كۆمىمىز. توپا، تاش قاتارلىق نەرسىلەر چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ماتالنىڭ ئېغىزىنى ئوچۇق قويمايمىز.

چوڭ پىشكوك — ياغاچتىن ياسىلىدۇ، دەستىسىنىڭ توملۇقى

سىقىمىمىزغا دەل كېلىشى، ئۇزۇنلۇقى 85سانتىمېتىر + شەكىللىك تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. كىچىك پىشكوكىنىڭ دەستىسىنىڭ توملۇقى سىقىمىمىزغا دەل كېلىشى، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر بولۇشى، + شەكىللىك تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. قېلىپ ياغاچتىن ياسالغان

شەكىللىك رامدۇر. بويى 26سانتىمېتىر، توغرىسى 55سانتىمېتىر، رامنىڭ قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر بولىدۇ. قىل سىم ياكى ئىنچىكە نىلۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان سۈزگۈچ رەخت قېلىپقا تولۇق تىكىلىدۇ. كۆلچەك چوڭقۇرلىقى 25سانتىمېتىر، بويى 80سانتىمېتىر، توغرىسى 60سانتىمېتىر بولىدۇ. تېگى ۋە تۆت تېمى سىمونت بىلەن سۇۋالسا سۇنى ساقلاش ئاسان بولىدۇ.

## 2) خوتەن قەغىزىنىڭ ئۆلچىمى ۋە تۈرلىرى

خوتەن قەغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم شەكىللەنمىگەن. ھەر قايسى جايلاردىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلىتىۋاتقان قەغەز قېلىپلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى ھەر خىل بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغانلىرى 35X37 سانتىمېتىر، 36X40 سانتىمېتىر، 48X66 سانتىمېتىر، 42X64 سانتىمېتىر قاتارلىق بىر قانچە خىل، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، يەنە باشقا ئۆلچەمدىكى قېلىپلارمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان قەغەزلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان ئىكەن.

قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ۋە قەغەز تىجارىتىدە، ئومۇمەن خېرىدارلار ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ سېتىۋېلىش ياكى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھاۋالە قىلىپ ئىشلەپچىقارغۇزۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. قەغەز تۈرلىرى ئىچىدە نېپىز قەغەز، خەت قەغىزى، پىلتا قەغىزى، قاتۇرما قەغىزى، جىيەك

قەغىزى قاتارلىقلار ھەر خىل ئۆلچەمدە ئىشلەپچىقىرىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل قەغەزلەر ئومۇملاشتۇرۇپ «بازارلىق قەغەز» دەپ ئاتالغان. لىپاپ قەغىزى، ئىش قەغىزى، جى قەغىزى قاتارلىق قەغەز تۈرلىرى ئاساسەن كاسپخانا، مەھكىمىلەرنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەمدە ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇ خىل قەغەزلەر «بۇيرۇتما قەغەز» ياكى «كاسىنا قەغەز» دەپ ئاتالغان.

تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن قەغىزىنىڭ تۈرى 15 خىلغا يېقىن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن قېلىن- نېپىزلىكى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى جەھەتتىن پەرقلەنگەن. بۇلاردىن ھازىرغىچە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) سىپتا قەغەز: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن بىر جام ناياب (مايى) ئارقىلىق بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ قەغەز بەك نېپىز بولغاچقا، خەت يېزىشقا بولمايدۇ (سىياھ كېيىنكى بەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ). پەقەت تازىلىق ئىشلىرىغا ۋە يىرىك دورىلارنى ئوراشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قەغەز «يۇپقا قەغەز»، «نېپىز قەغەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(2) خەت قەغىزى: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن بىر يېرىم جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ خىل قەغەز ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر تىكىپ، خەت يېزىشىغا ۋە دىرىزە يەملەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قەغەز «ئارا قەغەز» دەپمۇ ئاتالغان.

(3) قېلىن قەغەز: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن ئىككى جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ خىل قەغەزمۇ خەت قەغىزىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قاتلىما بەتلىك دەپتەر تىكىپ، ھەر خىل ئەسەر، رىسالىلەرنى پۈتۈش، كۆچۈرۈش ۋە ئۇزاق ساقلىنىدىغان

ھۆججەت- ماتېرىياللارنى پۈتۈش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلگەن. خەت قەغىزى بىلەن قېلىن قەغەزنىڭ سېتىلىشى ياخشى بولۇپ، قەغەز مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بۇ ئىككى خىل قەغەزنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن.

(4) پىلتا قەغىزى: ناچار سۈپەتلىك ئاقلاندىدىن ئىشلەنگەن ئۈچ جام نايىاب ئارقىلىق بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. ئۇ، دوپپىچىلارنىڭ تار، ئۇزۇن قېيىقچە كېسىپ پىلتا ئېشىپ، ئەستەر- تەگ ئارىسىغا ئۆتكۈزۈپ، دوپپا قاتۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

(5) لېپاپ قەغىزى: سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن تەييارلانغان تۆت جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى چاپارچىخانا ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى پوچتىخانىلار، شۇنداقلا بەزى مەھكىمىلەر لېپاپ (كونۋېرت) ئۈچۈن ھاۋالە قىلىپ ئىشلەپچىقارغۇزاتتى.

(6) ئىش قەغىزى: ناھايىتى سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن تەييارلانغان يەتتە جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى. بۇ خىل قەغەز يامۇن، مەھكىمە قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بۇيرۇتمىسىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ئۆلچىمى بازارلىق قەغەزلەرنىڭ ئۆلچىمىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. قېلىنلىقى خەت قەغىزى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ خىل قەغەز يامۇل- مەھكىمىلەرنىڭ ھۆججەت- ئالاقىلىرى، ئۇزاق ساقلىنىدىغان ماتېرىياللارنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن.

(7) قاتۇرما قەغىزى: كىرەكسىز ۋە سۈپەتسىز، قەغەزلەردىن قايتا بوتقىلانغان ماتېرىيالدىن تەييارلانغان سەككىز جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى بولۇپ، قېلىنلىقى ئىككى مىللىمېتىر ياكى ئۈزۈنگىدىنمۇ قېلىن ئىدى. ئوك- تەتۈر يۈزىنى رەخت بىلەن قاپلاپ،

كىتاب، دەپتەرلەرنى مۇقاۋىلاش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان.

(8) جى قەغىزى: «جى» ئىستېمالدىن قالغان كونا ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «ھۆججەت، ئارخىپ، ئىسپات» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. بۇ، سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن تەييارلانغان 10 جام نايابىتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى بولۇپ، قېلىنلىقى ۋە سۈپىتى قېلىن خەت قەغىزىدىن ياخشى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىردىن چوڭ (كونكرېت ئۆلچىمى مەلۇم ئەمەس) بولۇپ، مەھكىمە شەرئىي (دىنىي سوت) قاتارلىق دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ بۇيرۇتمىسىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان. تىكىپ تۈپلىمەي، يۆگەپ ساقلىنىدىغان ھۆججەت، ھۆكۈمنامە، ئىسپات قاتارلىق ماتېرىياللارنى يېزىشقا، شۇنىڭدەك ئېلان يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. خەلق ئىچىدە چوڭ ھەجىملىك تۇمار پۈتۈش قاتارلىقلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن.

(9) تىيزا قەغىزى: «تىيزا» ئىستېمالدىن قالغان ئاتالغۇ بولۇپ، «قەغەز پۇل» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئېيتىلىشىچە، بۇ خىل قەغەز ئالاھىدە خىللانغان سۈپەتلىك خام ئەشيادىن تەييارلانغان تۆت جام نايابىتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز بولۇپ، ئالدى- كەينى پايلىنىپ سىلىقلانغاندىن كېيىن، پۇل بېسىشقا ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، بۇ خىل قەغەز «تىيزا قەغىزى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان بەزى پۇللار مۇشۇنداق قەغەزگە بېسىلغان. بۇنداق پۇللارنى كونا پۇل بازىرىدا ئاندا- ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

(10) جىيەك قەغىزى: سۈپەتسىز ماتېرىيالدىن ياكى كونا قەغەزلەردىن تەييارلانغان 12～15 جام نايابىتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز. بۇ خىل قەغەزنىڭ قېلىنلىقى ئىككى- ئۈچ مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

ئىلگىرى بۇ خىل قەغەزلەرنى قېيىقچە كېسىپ، شىلىم بىلەن ئەستەر- تەگ ئارىسىغا ئېلىنىپ، دوپپا، شەپكە قاتارلىقلارنىڭ جىيىكىنى قاتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، «جىيەك قەغىزى» دەپ ئاتالغان.

(11) پاتلىق قەغەز: مەخسۇس خىللانغان سۈپەتلىك خام ئەشيانى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، سۈيۈلدۈرۈپ تەييارلانغان بەش- ئالتە جام نايابتا بىر تاختا قۇيۇلىدىغان قەغەز بولۇپ، قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا پاتلىنىدۇ. پاتلىق قەغەز خوتەن قەغىزىنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىكى ھەر ئىككى يۈزىگە خەت يېزىشقا يارايدىغان بىردىنبىر قەغەز تۈرى بولۇپ، ئالاھىدە چىڭ، چىدامىلىق، سىلىق، پارقىراق بولىدۇ. تىلىمىزدىكى «پېتى بار»، «پېتى يوق»، «پېتىدىن چۈشمەسلىك»، «پېتىنى بۇزماي»، «پېتىنى يوقاتماق» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر مۇشۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان.

پاتلىق قەغەز ھەر خىل ئەدەبىي، تارىخىي، ئىلمىي ئەسەرلەر، دىنىي ئەسەرلەر، تەزكىرە- رىسالە قاتارلىقلارنى پۈتۈپ ياكى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، تۈپلەپ كىتاب قىلىشتا كەڭ ئىشلىتىلگەن. ئۇ خوتەن قەغەزلىرى ئىچىدىكى خەت قەغىزىدىن قالسىلا، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سەرپىياتى كۆپ بولغان بىر خىل تۈر ھېسابلىنىدۇ.

(12) ياشارتما قەغەز: يىغىۋېلىنغان كونا قەغەزدىن تەييارلانغان ناياب ئارقىلىق قۇيۇلىدىغان قەغەز تۈرى بولۇپ، سۈپىتى ناچارراق بولىدۇ. پەقەت پىلتا قەغىزى، جىيەك قەغىزى ياكى قاتۇرما قەغىزى قىلىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈجمە (خوتەن) قەغىزى يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، دېرىزە كۆزنەكلىرىنى يەملەش، دورا، بوياق ماتېرىياللىرىنى تۈگۈش، بەزى تاۋارلارنى ئوراش، پۇل باغلاش، كىيىم- كېچەك، ئۆتۈك-

كەش، دوپپا- تۇماق نۇسخىلىرىدىن ئۆرنەك (ئەندىزە) قالدۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تارىخشۇناس ئالىم ئىمىن تۇرسۇننىڭ كۆرسىتىشىچە، شەرقىي جىن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتلاردا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆسۈملۈك يېلىمى قوشۇلغان سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، ئەتىقە قەغەز؛ كراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يېلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزى قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقارغان. بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلى ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى بىر خىلى دىنىي ئەقىدە تۇپەيلى ياكى كۆيىدىن ساقلاش ئۈچۈن سىرىق بويالغان. ئەپسۇسكى، ھازىر يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل قەغەز تۈرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەپسىلاتىغا دائىر ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

ئالىملارنىڭ تەتقىقات، ئانالىز نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى لاتا- پۇرۇچ قېتىلغان ئۈجمە قوۋزىقىدىن، بىر قىسمى پاختىدىن، كۆپ قىسمى كەندىر تالاسىدىن ياسالغان. يېقىندا بىر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، توغراقنىڭ قوۋزىقىنىڭ ئىچ پوستىدىنمۇ قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان. لېكىن يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى خوتەن قەغىزىنىڭ بارلىق تۈرلىرى بىردەك ئۈجمە قوۋزىقىنى خام ئەشيا قىلغان. لاتا -پۇرۇچ، پاختا، كەندىر تالاسى، توغراق قوۋزىقى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەچكە، ئۇلارنى خام ئەشيا قىلىپ قەغەز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلات تەپسىلاتى مەلۇم ئەمەس.

رەجەپ يۇسۇپ

# خوتەن يېقىنقى زامان شەھەر سېپىلىنىڭ سېلىنىشى ھەم ۋەيران بولۇشى

چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى ھىجرىيە 687- يىلى (مىلادى 1467 - يىلى) تاغىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاندىن خوتەن، يەركەن، قەشقەرنى قاتتىق ئۇرۇشۇپ تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ جاكارلاپ يەكەننى پايتەخت قىلىپ خانلىق سەلتەنىتىدە ئولتۇرغان. ئۇ ھىجرىيە 920- يىلى (مىلادى 1514 — 15151 يىلىدا) سەئىدخاندىن مەغلۇب بولۇپ، قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەرگە 48 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ 65 يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان (مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى قىسمى) ). ئۇ ئازكام يېرىم ئەسىر ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەريانىدا قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەرنىڭ كونا شەھەرلىرىنى ئەسلى ئورنىدىن يۆتكەپ يېڭىدىن سېپىل سېلىپ، شەھەر بىنا قىلغان. خوتەندىمۇ يوتقان قەدىمىي شەھىرىنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئارالچى دەريا بويىغا يۆتكەپ، جەنۇبىي تۆۋەن گۇجاندىن شىمالدىكى سۆكە دۆڭگىچە سوزۇلغان چوڭ توپا قۇرۇلمىلىق سېپىل سېلىپ، «ئىلچى ھىسار» نامى بىلەن ئاتاپ، ھاكىم بەلگىلەپ ئىلچىنى ئىدارە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىلچى شەھرى

(خوتەن شەھرى) ئابادىغا يېتىپ، ئاھالىلار كۆپىيىپ ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن.

سەئىدخان، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، تاكى ئەڭ ئاخىرقى خان ئىسمائىلخانغا قەدەر سەئىدىيە خانلىرىدىن ئالتە ئەۋلاد — 11 خان 166 يىل دەۋران سۈرگەن. بۇ خانلىق يەنە ئىلچى دىيارىغا (خوتەنگە) ئۆز ئەۋلادلىرىدىن 19 نەپەر ئەمەلدار بەلگىلەپ باشقۇرغان («يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى». مەھمۇت جوراس (تارىخىي رەشىدە [زەيلى]) دىن). سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، جۇڭغارلار، چوڭ-كىچىك خوجىلار، دانىيال خوجا تاكى جاھانگىر خوجىلارغىچە ئىلچى ھىسارىنى ئىگەللەپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بۇ سېپىلدە پاناھلانغان.

## 1. خوتەن كونا شەھەر (ئىلچى شەھەر) سېپىلىنىڭ بىنا بولۇش، خارابىلىشىش ئەھۋالى

20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغىچە خوتەن كونا شەھەر تەرىپىدە ئىلچى شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى 1754- يىلدىن باشلاپ ئىلچى ھىسار سېپىلىگە ئورۇنلىشىپ، ھاكىمىيەت باشقۇرغان.

مىلادى 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلق قوزغىلاڭلىرى توختىماي پارتلاپ تۇردى. خوتەندىمۇ 1864- يىلى ئاتچۇي كەنتىدىن ھەببۇللا مۇپتاجى («ھاجى پاشا» دەپمۇ قەيت قىلىنغان) خوتەن ئىلچى ھىسار شەھرىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرغاندىن كېيىنكى يېرىم يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا، خوتەن ئىلچى ھىسار شەھرىنىڭ قىياپىتىدە خېلى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرى، مۇنار، گۈلخان سۇپىسى ۋە باشقا ئەسلىھەلەر كۆپەيدى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تارتىۋالغان ئىلچى ھىسار كونا سېپىلى رېمونت قىلىندى. تۆت تەرەپكە قويۇلغان سېپىل، قوۋۇق دەرۋازىلىرى تەئمىر قىلىنىپ پادىشاھلىققا لايىق سۈر ۋە ھەيۋەت كىرگۈزۈلدى. 1866ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى ياقۇپ بەگ (بەدەۋلەت) قەشقەردىن ئون بەشمىڭ لەشكەر بىلەن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. دىنىي ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىدا مەلۇم سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن تۇرۇپ قالدى. خوتەن ھۆكۈمرانى ھەبىبۇللا مۇپتاجىنى زاۋا يېزا قورغان بازىرىغا ئىستىقبالغا چىقارغۇزدى، ھىلە ئىشلىتىپ ھاجى پاشىنى قولغا چۈشۈرۈپ نەزەربەنت قىلغان ھالدا چىرىكلەرگە قوشۇپ يەركەنگە يولغا سالدى. ھاجى پاشانىڭ نەۋكەر مۇھاپىزەتچىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۇتقۇن قىلدى. بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە داۋراڭ سالماي خۇپىيانە ئېلىپ بارغاچقا، زاۋىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالدى. شۇنداق قىلىپ ياقۇپ بەگ ئەتىسى كىشىلەر بامداتتىن يېنىۋاتقاندا ئىلچى شەھرىگە باستۇرۇپ كىردى. خوتەن كونا شەھەر سېپىل ئىچىدىكى چېرىكلەر، شەھەر خەلقى، دېھقانلار قوزغىلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرگەنلا جايدا پىچاق، توقماق، چوماق، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ھەتتا ئاياللارمۇ جەڭگە قاتناشتى. تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ قىرغىنچىلىقى بىر ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. باتۇر خوتەن خەلقى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قانلىق ئېلىشتى. 50 مىڭدىن ئارتۇق خوتەن خەلقى ياقۇپ بەگنىڭ قىلىچى ئاستىدا پاجىئەلىك ھالدا قىرىلىپ كەتتى.①

ياقۇپ بەگ ھىلىگەرلىك ۋە ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن خوتەن خەلقىنى بويسۇندۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. كونا شەھەر سېپىلىنى ئىگەللەپ،

ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇرۇنقى يەركەننىڭ ھاكىمى نىيازنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ، خوتەننى ئالتە شەھەرگە قوشۇپ ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى.

گۇاڭشۈينىڭ 3- يىلى (مىلادى 1877 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى تۆت شەھەرنى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى شەھەر- بازارلارنى ياقۇپ بەگدىن قايتۇرۇۋالدى. بۇ كۈچلۈك ھۇجۇم ئاستىدا شۇ يىلى 9- ئايدا ياقۇپ بەگنىڭ خوتەندىكى چاپارمىنى نىياز ھاكىم بەگ چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 10- ئاينىڭ بېشىدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلبەگ يەركەندىكى يۇنۇسخان قاتارلىقلارنى توپلاپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. نىياز ھاكىم بەگنىڭ ئىنىسى ئىمىننىڭ قاراقاش زاۋىدا توسۇپ زەربە بېرىشى مەغلۇب بولدى. شۇنىڭ بىلەن نىياز ھاكىم بەگ خوتەن شەھرىنى تاشلاپ خوتەن قىيى يولى بىلەن چۆلدىن ئۆتۈپ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولدى. 1878- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى دۇڭ فۇشياڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ خوتەننى ئىگەللەپ، چىڭ شاڭ يىڭنى②تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئىلچى ھىسار كونا شەھەر سېپىلىغا ئورۇنلاشتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن دۇڭ فۇشياڭ خوتەنگە ئامباللىققا تەيىنلىنىپ پۇقرالارنى ئەمىنلىككە ئۈندەپ، «كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى» تەسىس قىلىپ، باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەنلەرنى يىغىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلدى.

خوتەن ئىلچى كونا شەھەر سېپىلى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا توپا بىلەن چىڭداپ سېلىنغان بولۇپ، بۇ سېپىلنىڭ دائىرىسى جەنۇبتا ھازىرقى «كونىبلۇن سۇ ئامبىرى»نىڭ غەربىي دۆڭلىكىدىكى «ھىسار»

كەنت (يەرلىكلەر ھازىرمۇ ھىسار كەنت دەپ ئاتىشىدۇ) دىن باشلىنىپ، شىمالدا ھەزرىتى سۇلتانىم (قوچقار ئاتا) مازىرىنىڭ شەرقىدىن ئۆتۈپ، چوقۇلۇق ئاتا مازىرىنىڭ يېنىدىن تاكى سۆكە دۆڭگىچە سوزۇلغان. بۇ سېپىلنىڭ شەرقىي ئىلچى دەرياسى بىلەن چېگرىلەنگەن. سېپىلنىڭ تۆت چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ شەرق تەرەپتىكى دەرۋازىسىنى سۇ دەرۋازىسى (ئىلچى، يۇرۇڭقاش دەرياسى تەرىپىنى)، غەربىي تەرەپتىكىنى قىزىق دەرۋازىسى، شىمال تەرەپتىكىنى ھېيتكا دەرۋازىسى، جەنۇبىي تەرەپتىكىنى گۇجان دەرۋازىسى دەپ ئاتىغان. ئىلچى كونا شەھەردىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ ئارقىسىدىكى كوچا ھازىرمۇ «سېپىل ئارقىسى كوچىسى» دەپ، ھازىرقى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ ئورنى، نېفىت شىركىتى، بىرىنچى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئورنى قاتارلىق جايلار «كونا يامۇل» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە③. يامۇل ئىچىدە 800 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى كۆل ھەم بىر قۇدۇق، يامۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ كاتتا بېزەلگەن بىنالىرى بولغان. يامۇلنىڭ شەرقىي شىمالدا سېپىلغا يانداش چوڭ پوتەي بولۇپ، مىنگو دەۋرلىرىدىمۇ قالدۇق دۆۋە خارابىسى بولغان④. يامۇلغا يېقىن شەرقى شىمالدا سۇ دەرۋازىسى بولۇپ، دەرۋازا شەرققە قاراپ ئېچىلاتتى. دەرۋازا يولى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، مەلۇم ئارىلىقتىن شەرققە (ئىلچى دەرياسىدىن ئۆتۈپ) يۇرۇڭقاش دەرياسى قېشىغىچە بېرىپ، دەريادىن ياز كۈنلىرى تولۇم ياكى مەخسۇس ياسالغان ياغاچ كېمە بىلەن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ شەرقتىكى ناھىيىلەرگە بارغىلى بولاتتى. «ھىسار» كونا سېپىلى ئىچىدە ئوردا چېرىكلىرى تۇرالغۇسى، مەشق مەيدانلىرى بولغان. ئىلچى كونا سېپىلى ئىچىدىكى يامۇن 1949- يىلدىن بۇرۇن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بولغان. 1949- يىلدىن كېيىن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 774- قىسمى، ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى ۋە ئازاتلىق ئارمىيە ئارقا سەپ تەمنات

بۆلۈمى قاتارلىق ئورگانلار بۇ جايدا خىزمەت ئۆتىگەن.

خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلى سېلىنغاندىن كېيىن بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشى، يول قۇرۇلۇشى، سۇ ئامبار قۇرۇلۇشى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكىنى بىر تۇتاش پىلانلاش قۇرۇلۇشى، خوتەن شەھەر خەلق باغچىسىنى ياساش قاتارلىقلاردا خوتەن كونا شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇق تاملىرى بىر- بىرلەپ تۈزلىنىۋېتىلگەن. سېپىل ۋە دەرۋازا ئالللىقاچان يىقىلىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، بۇ سېپىلنىڭ «ھىسار»، «سېپىل ياقىسى»، «كونا يامۇن ھالۇ» دېگەن يەر ناملىرى ۋە تۆت چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ناملىرى بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچا رەستىلىرىگە ئۆزلىشىپ، تا ھازىرغىچە شۇ ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.⑤

## 2. يېڭىشەھەر (خەنچېڭ) سېپىلىنىڭ ياسىلىش ئەھۋالى

1850- يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن خوجىلار قوزغىلىڭى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭنى ئىگەللىۋېلىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا باشقىچىرەك سىياسىي يول تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوللانغان سىياسىي تەدبىرلەر ئىچىدە: چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئايرىپ تاشلاش، خەنزۇ پۇقرالىرىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئايرىپ تاشلاشتەك مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى. مۇشۇ سىياسەت بويىچە قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، كۇچار قاتارلىق جايلاردا يېڭى سېپىل- قورغان ياسىلىپ، ئۇلارغا يېڭىشەھەر(«新城»«汉城» ») دەپ نام بېرىلدى. ئەسلىدە بار قەلئەلەر كونا شەھەر دەپ ئاتالدى. يېڭى شەھەرلەرگە مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلىرى، ئەسكەر- چېرىكلىرى ۋە

يۇقرالىرى جايلاشتى. شۇڭا يېڭى شەھەرلەر خەنزۇلار شەھىرى دېگەن مەنىدە «خەنچېك» دەپ ئاتالدى. كونا شەھەرلەرگە ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇيغۇر پۇقرالىرى جايلاشقانلىقتىن ئۇيغۇرلار شەھىرى دېگەن مەنىدە «خۇيچېك» («回城») دەپ ئاتالدى ... يەركەن، كۇچار، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ خەنچېك، خۇيچېك، گەيشاك دېگەن ناملار قوللىنىپ كەلمەكتە.⑥

خوتەن ئامبىلى دۇڭ فۇشياڭ ئىلچى كونا سېپىل ئىچىدىكى يامۇلدا مەلۇم يىللار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى سىياسەتنىڭ روھى بويىچە «كونا شەھەر سېپىلى مۇداپىئەلىنىشكە ئەپسىز، دەرياغا يېقىن بولغاچقا زەي تارتىپ بۇزۇلۇش خەۋپى زور» دېگەن باھانە بىلەن، يېڭىشەھەر سېپىلى سېلىش توغرىسىدا يۇقىرىغا دوكلات يوللىدى. ئاستانىدىن خوتەن يېڭى سېپىلنى سېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشتى ھەم سېپىل سالىدىغان ئورۇنلاردىن بىر قانچىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر شەكلى، مۇداپىئەلىنىش شارائىتى، تۇپراق ئەۋرىشكىسى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن تەپسىلىي دوكلات يوللاشنى ئۇقتۇردى. ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن ئامبال دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچ ئورۇننى تاللاپ، بۇ جايلارنىڭ تەپسىلىي ماتېرىيالىنى ھەم ھەر بىر ئورۇننىڭ تۇپرىقىدىن بىر خالتىدىن توپا ئەۋرىشكىسىنى يۇقىرىغا يوللىدى. بۇ ئورۇنلار: گۇلباغ ئۆستەڭنىڭ غەربىي «سېدە غوجام» نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۈزلەڭ تېرىلغۇ يەر؛ تامشا كەنت بىلەن تامباغ ئارىلىقىدىكى تېرىلغۇ يەر؛ توپچا كەنتىنىڭ (ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتېپنىڭ شىمالىي) تېرىلغۇ يېرى قاتارلىقلار بولۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇپراق ئانالىز قىلىپ، يۇقىرىنىڭ تەستىق ئۇچۇرى كەلگەن. تەستىقتا گۇلباغ ئۆستەڭنىڭ غەربىي «سېدە غوجام»نىڭ غەربىي جەنۇبىي (ھازىرقى سېپىل ئورنى)غا سېپىل سېلىپ،

ئىچىگە يامۇن بىنا قىلىش تەستىقلانغان.

ئامبال دۇڭ فۇشياڭ يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، جىددىيلىك بىلەن سېپىل سېلىش تەرەددۇتىغا چۈشكەن. سېپىل تەسىس قىلىشقا ئامبال يامۇندىن ئەمەلدار جۇلۇزۇڭ (تېخنىكا يېتەكچى ۋە باش غوجىدار)، ۋاڭ دارىن، پەن شاۋيە (شاۋيە، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ھۆرمەتلەپ ئاتىشى)، ماسىيە (يامۇلدىكى بىلىملىك كاتىپلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئايىغىغا «سىيە» قوشۇپ ئاتاش ئادىتى بولغان) مەسئۇل قىلىنغان. يەر ئۆلچىنىپ خەرىتىسى تەييارلانغاندىن كېيىن، سېپىل تاملىرى ناھىيە ۋە بەگلىكلەرگە تەقسىم قىلىنغان. شەرقىي تام تەرەپ خوتەن ئىلچىگە تەقسىم قىلىنىپ، تاشپولات بەگ، مۇھەممەت مۇسا بەگ شەيتانلار مەسئۇل قىلىنغان. غەربىي تېمى قاراقاش بەگلىكىگە تەقسىم بولۇپ، ھېلىمشاھ بەگ، روزى بەگلەر مەسئۇل قىلىنغان. جەنۇبىي تېمى لوپ بەگلىكىگە تەقسىم بولۇپ، تۆمۈرشابەگ، مەمەتشىرىپ ئاقساقال، مەمەت سەيدى دورغا بەگلەرنى مەسئۇل قىلغان. شىمالىي تېمى كېرىيەگە تەقسىم قىلىنىپ، چىرا ھاشارچىلىرى ئېھتىياجغا ئاساسەن تەكشەپ ئىشلىتىشكە زاپاس قالدۇرۇلۇپ، ئېھتىياجلىق بولغان ئورۇنلارغا ياردەملەشتۈرۈلگەن. سېپىل سېلىشقا كېتەرلىك ھاشار (ئەمگەك كۈچى)، خارەت، تۆمۈرچى، سۇۋاغچى، سۇ باشقۇرۇشقا مىراپ بەگ، ئامانلىق ساقلاشقا پاششاپ، ئاغرىقلارنى داۋالاشقا ھۆكۈما- تېۋىپ قاتارلىقلارنى كېرىيە ۋە ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ئۆزلىرى تەييارلاشنى، سېپىل سېلىشقا كېتىدىغان ھەممە سايمان- ماتېرىياللارنى پىلانلاپ تەييارلاشنى ئۇقتۇرغان. ھاشارچىلارنىڭ قونالغۇ ئورنى، يېمەك- ئىچمەك، يېپىنچۇ- سېلىنچىلارنى ھەر قايسى بەگلىكلەر مەسئۇل بولۇپ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەرگەن. ھاشار ھەر بىر دېھقاننىڭ ئىگەللىگەن تېرىلغۇ يېرىنىڭ

مۇلۇق بىرلىكى بويىچە بەلگىلىنىپ، ھاشارچىلار ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئالمىشىپ ئىشلەپ، ئۈچ يىلدا سېپىلنى پۈتكۈزۈپ بولۇشنى ۋەزىپە قىلىپ بېكىتكەن. ئامبال يامۇن تەرىپىدىن سېپىل تېمىغا ئىشلىتىدىغان سېغىز توپا پاكىز بولۇشى، ئەخلەت ئارىلىشىپ قالماسلىقى، زەيلىك يەردىن سېغىز كولىماسلىق قاتارلىق پەرمان چۈشۈرۈلگەن.

سېپىل تېمىنى ياساشتا تۆۋەندىكىچە ئىش تەرتىپلىرى يولغا قويۇلغان:

1) سېغىزنى يۇمشاق سوقۇپ، قېلىن غەلۋىردە تاسقاپ، پاك- پاكىز بولۇشى، ئەگەر سېغىز ھۆل بولسا ئاپتاپقا سېلىپ شامالدىتىپ ئاندىن يۇمشىتىپ تاسقاشتىن ئۆتكەننى ئىشلىتىشكە تاپشۇرغان.

2) قۇرۇق چوڭ ياغاچتىن قېلىن شال تىلدۇرۇپ، شالنى بىر- بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، سېپىلغا ئىككى ياندىن يۆلەپ ئىچىگە يۇمشىتىلغان پاكىز سېغىز توپىنى تۆكۈپ سۇ چېچىپ ئاندىن خاڭداپ ھۆل كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى يانتۇ شەكىلدە 10 مېتىر، سېپىل تېمىنىڭ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر پۈتۈپ چىقىشى بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى ئىش تەرتىپى ۋە تەلەپ بويىچە سېپىل تېمى بىر پارچىدىن- بىر پارچىدىن ئىشلەپ ئېگىزلىتىلگەن. سېپىل ئېگىزلىگەنسېرى زۇلۇم شۇنچە ئېغىرلاشقان.

سېپىل تېمىغا ۋە بىر قانچە مىڭ ھاشارچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سۇنىڭ ھەل قىلىنىشى بىلەن، سېپىلنىڭ غەربىدىكى يارلىقنىڭ شەكىللىنىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ھەقتە خوتەن شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلىشىپ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەن بىر قىسىم بوۋاي- مومايلارنىڭ ئاتا- ئانىسى ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغان يېگىشەھەر سېپىلى توغرىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان گەپ- سۆزلەرنى ئەسلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: سېپىل ياسىلىشتىن بۇرۇنمۇ يارلىقنىڭ ئەسلى ئورنىدا تۆۋەن

تەرەپكە سۇ ئاقىدىغان كىچىكرەك بىر ئېرىق بار بولۇپ، دېھقانلار تېرىلغۇ قىلغان. ئېرىقنىڭ بېشى تامباغ ئۆستەڭ دېيىلەتتى، بىر چاغلاردا تامباغ ئۆستىڭىگە ئۇشتۇمتۇت ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىپ، ئېرىق- ئۆستەڭلەرگە پاتماي يار پېچىپ مۇشۇ يار شەكىللەنگەن ئىكەن دېيسە؛ يەنە بەزىلىرى سېپىل سېلىشقا سۇ لازىم بولغاندا دوڭ دارىن ئامبال ئەسلىدىكى ئېرىقتىن پايدىلىنىپ كۆزدە شورباغ يېزا مەھەللىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياغاق مەھەللىسىدىن توپا بىلەن توسما تۇغ سېلىپ سېپىلنىڭ غەربىگە سۇ چىقاپ، چىقالغان سۇ بىلەن سېپىل ياسىغان ۋە ھاشارچىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ھەل قىلىنغان، سېپىل پۈتۈپ توسما قويىۋېتىلگەندە يار شەكىللەنگەن. بارا- بارا بۇلاق كۆزلىرى ئېچىلىپ، يار ئىچىدە بىر قانچە جايدا چوڭ- كىچىك بۇلاق كۆزلىرى پەيدا بولۇپ، قىش ۋە ياز كۈنلىرى بۇلاق سۈيى توختىماي ئاقىدىغان بولغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تامباغ ۋە گۈلباغ ئۆستىڭىنىڭ لالماسۈيى (ئېشىندى سۈيى)نى باشلاپ قويىدىغان چۇشۇرگى (يەرلىكلەر چۆيكە ئېرىق دەپ ئاتىشىدۇ) ئېرىق پەيدا بولۇپ، ياز تەرەپتە ئاقسۇ، ئەتىياز،قىش كۈنلىرى توڭلىمايدىغان ئىسسىق بۇلاق سۈيى ۋە سىزىندە سۇلار توختىماي ئاقىدىغان بولغان، دېيىشتى. ھەر ھالدا يېڭىبازار ۋە تامېشا يارلىقىنىڭ شەكىللىنىشى خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ياسىلىش ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

سېپىل سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا بار جايلارنى، يامۇندىن مەخسۇس ئادەملەرنى چىقىرىپ يېقىن ئەتراپىنى چارلاپ تەكشۈرۈپ چىققان. بىر قانچە جاينىڭ سېغىز مىقدارى، سۈپىتى، قاتناش يولى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىنى ئامبالغا مەلۇم قىلغان. ئاخىرىدا ئاتچۆي ئۆستەڭ گازۇن كەنت ئەتراپىدىكى سېغىزنى ئېچىپ، يەركەن يولى

(ھازىرقى باغچا يېزا ماي يـولى) بىـلەن يۆتكەشـنى بەلگىـلەپ سـېغىز يۆتكەش باشلانغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يـول تـار بولغاچقـا بېرىش- كېلىشتە ھاشارچىلار يولغا سىغماي قېلىپ ئىش ئۈنۈمگە تەسـىر يەتكەن. يامۇن ئەمەلدارلىرى دەرھال بىر بۆلۈك ھاشارچىلارنى نەزەرباغقا يۆتكەپ قاراقاش يولى بىلەن سېغىز توشۇشـنى يولغـا قويـۇپ، يەركەن يولى، قاراقاش يولى ھاشارچىلار بىلەن تولـۇپ، قىسـتى- قىسـتاڭچىلىق سېپىل ياساش ئاياغلاشقىچە داۋاملاشقان.⑦

سېپىل ئىچىدىكى كۆلگە سۇ قاچىلاپ ئىستېمال قىلىش ۋە يـامۇن ئىچىدىكى باغۋارانلارنى، گۈللـۈك ۋە كوچـا- رەسـتىلەرنى كـۆكەرتىش ئۈچۈن، گۈلباغ ئۆستىڭىنىڭ غەربىي «خەلپىلىك ھويلا» تەرەپتىن سېپىل تەرەپكە قارىتىپ مەخسۇس تاناي ئېرىق ئېلىپ، سـېپىلنىڭ جەنۇبىـدىكى كوچا بىلەن، جەنۇبىي سېپىلنىڭ تېگىدىن نو ئارقىلىـق سـۇ كىرگـۈزۈپ ئىستېمال قىلغان. «تاناي ئېرىق» سۈيى كـېچە ۋە كۈنـدۈز ئۆكسـۈپ قالماي راۋان ئېقىپ تۇرۇشنى ئامبال يامۇندىن يارلىق چۈشۈرۈپ، تانـاي سۈيىنى باشقۇرغىلى مەخسۇس ھوقۇقلۇق ئادەم بەلگىلىگەن. بـۇ كىشـىنى «تاناي مىراپ» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىلەن تاناي سۈيى دائىم ئۈزۈلمەي ئېقىپ، ئىستېمال سۇ كەڭرى بولغان. باغۋارانلار، دەل- دەرەخلەر، گۈل- گىياھلار ئوبدان كۆكەرتىلىپ، سېپىل ئىچىنىڭ مۇھىتى پـاكىز، تـازىلىقى ياخشى، يازلىق ھاۋاسى ئىللىق بولغان. كوچا- رەستىلەرنى تازىلايـدىغان، گۈل- گىياھلارنى پەرۋىش قىلىـدىغان خـادىملار قويۇلغـان. شـۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كوچىنىڭ نامى «تاناي ئېرىق كوچىسى» دېيىلـىـپ، ھـازىرمۇ بىر چوڭ ئاۋات رەستىنىڭ نامىغا ئۆزلىشىپ «تاناي يولى» نامى بىـلەن ئاتالماقتا. چاغان- بايرام كۈنلىرىدىن بۇرۇن قولىدا ئۈچ قىرلىق كـالتەك كۆتەرگەن، رەتلىك تىزىلىپ ماڭغان يامۇن چېرىكلىرى كوچا- رەستىلەرگە

چىقىپ ۋارقىراپ، كوچىغا بايراق ئېسىشنى، كوچا- رەستىلەرنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىشنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بايرامنى كۈتۈۋېلىشنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ، رەستە- بازارلارنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرىدىغان، سودا- سانائەتچىلەرنىڭ گەز (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىگۈچ)، ئاشخانا، ناۋايخانىلارنىڭ غىزا (تاماق) لىرىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان «نىقىپ بەگ» باشچىلىقىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇرۇلغان. ئۆلچەمگە يەتمىسە تىجارىتى توختىتىلغان. ئۆلچەمگە توشمىغان مىتىر، جىڭ- تورۇزلىرى نەق مەيداندا بىر تەرەپ قىلىنغان.

دېمەك، خوتەن سېيىلى خوتەن- ئىلچى، قاراقاش، لوپ، چىرا بەگلىكلىرى، كېرىيە ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى يۇقىرىلارغا ئالۋان ھېسابىدا ھاشار (ھەقسىز ئەمگەك مەجبۇرىيىتى) ۋەزىپە قويۇلۇپ، ئىش باشلىنىپ، 1886- يىللىرى قىش پەسلى كىرىشتىن بۇرۇن قاتتىق زۇلۇم بىلەن بىر قانچە ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە ياسىلىپ پۈتكەن.

سېپىل ياساش داۋامىدا كېرىيە ناھىيىسى ۋە ھەر قايسى بەگلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئارقا سەپ تەمىنات يەتكۈزۈش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، تۆگە، ئات، ئېشەك، ئۈي- توپاقلار ئارقىلىق ھاشارچىلار (ئەمگەكچىلەر)نىڭ يېمەك- ئىچمەك، ئوتۇن- شاخ، ياغاچ ماتېرىياللىرى، ئوت- چۆپ، سامان توشۇش يولىغا قويۇلغانلىقتىن بۇ خىل جاپالىق سەپەر جەريانىدا ئاز بولمىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن. كېرىيە ناھىيىسى، چىرا بەگلىكلىرىنىڭ يۇقىرىلىرى كۆپرەك چىقىمغا ئۇچرىغان. ئۇ ۋاقىتتىكى چوڭ يول لوپتىن ئۆتۈپلا ساي بىلەن، بەشتوغراق ئارقىلىق يەيلىغانىنىڭ قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ چىرا بەگلىكىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇق يولى بىلەن توپا كەنتىگە بېرىپ، ئاندىن چىرا بەگلىكىگە باراتتى. كېرىيىدىن خوتەنگە ئۇلاغ بىلەن مېڭىپ تۆت ئۆتەڭ- قونالغۇدا قونۇپ 5- كۈنى خوتەن

شەھەرگە يېتىپ كېلەتتى. چىرىلىقلار ئىككى ئۆتەڭدە قونۇپ 3 ـ كۈنى خوتەن شەھەرگە يېتىپ كېلەتتى. يول بويلىرىدا ئارقا سەپ تەمىنات توشۇش سەپىرىدە ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخان دۆۋىلىرى يول بەلگىلىرى قىلىنىپ، ئىزىپ قېلىشتىن خالىي بولاتتى. تۆت چوڭ دەرۋازا، چوڭ كۆل، قۇدۇق، زىندان (تۈرمە)، ئاشلىق ئىسكىلاتى قاتارلىقلار سېپىل سېلىش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرگە تاماملانغان. ئىچكى قۇرۇلما قۇرۇلۇشى خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشقان. سېپىل تېمىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنىڭ تام يۈزى سامانلىق سېغىزلاي بىلەن قېلىن سۇۋالغاندىن كېيىن، ئاخىرى پۈتۈن سېپىلنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۆت مېتىردەك كەڭلىكتە چوڭقۇر خەندەك كولاپ تۆت دەرۋازا يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان. دەرۋازا يولىدىن باشقا جاي ھەممىسى خەندەك بىلەن توسۇۋېتىلگەن بولغاچقا، سېپىل تېمىغا ئاسانلىقچە يېقىن بارغىلى بولمىغان. خەندەك لېۋىگە يېقىنلىشىشتىن ھەممە ئادەم ئېھتىيات قىلىدىغان بولغان. بۇ خەندەكلەر 1944 ـ يىللىرىدىن باشلاپ (گومىنداڭ دەۋرىدە) تىندۇرۇلۇشقا باشلاپ، ئاھالىلار ئاستا ـ ئاستا سېپىلغا يۆلەپ ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلىششقا باشلىغان. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن خا لەنجاڭ دېگەن كىشى قۇربان كالتە ئىسىملىك بىر كىشىگە تۇنجى قېتىم ئۆي سېلىشقا ماقۇل بولغاندىن باشلاپ، خەندەكنى تىندۇرۇپ سېپىلنى چۆرىدەپ ئۆي سېلىش باشلانغان. ھازىرمۇ شىمالىي سېپىل تېمىنىڭ ئارقىسىدا خەندەك ئىزناسى ساقلانماقتا.

## 3. خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالى

بۇ نىسپىي ھالدىكى چاسا شەكىللىك سېپىل بولۇپ جەنۇبىي تامىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 320 مېتىر، غەربىي تامىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 310 مېتىر، شىمالىي

تامىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 403 مېتىر، سېپىل تېمىنىڭ ھۆل يۈزىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، يانتۇ ھالدا ئېگىزلىنىپ ئۈستى يەتتە مېتىر كەڭلىكتە بولغان. سېپىلنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى بىر يۈز ئون مىڭ 77 كۋادىراتمېتىر، يەنى 165 مو ئۈچ فۇڭ بولۇپ، سېپىل سېلىشقا 111 مىڭ 974 كۇبمېتىر توپا كەتكەن (بۇنىڭدىن كۆپرەك بولۇشىمۇ مۇمكىن). چۈنكى يۆتكەپ كېلىنگەن توپا ھۆل بولسا قۇرۇتۇپ، يۇمشىتىپ تاسقىلىپ ئاندىن سېپىلغا ئىشلىتىلگەن. ئەگەر بىر ماشىنىغا ئۈچ كۇبمېتىردىن توپا سىغدۇرۇپ ھېسابلىساق، 37 مىڭ 324ماشىنا توپا كەتكەن بولىدۇ.⑧

سېپىل سېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاتچۈي ۋە نەزەرباغ كەنتىدە سېغىز مەنبىئىدىن پايدىلىنىپ قىش قويۇپ خۇمدان سېلىپ پىششىق خىش پىشۇرۇش ۋۇجۇتقا كېلىپ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھاكىمىيەتلەر سېپىل ئىچىگە پاناھلىنىپ ئۆزلىرىنى قوغداش جەريانىدا، يەتتە مېتىر كەڭلىكتىكى سېپىل ئۈستى يولىغا ئۆزلىرى ياسىغان توپ، زەمبىرەك، پىلمۇت بېكىتكەن، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە قوراللىق چېرىكلەر سېپىل ئۈستىدە بىمالال ھەرىكەت قىلىپ ئۆزلىرىنى قوغدىغان، بايرام كۈنلىرى سىرتتىكى رەقىبلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، سېپىلغا يېقىن يولاتمىغان.

1949- يىلىغىچە ھاكىمىيەت تالىشىش، ئەمەلدارلار ئالمىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بىنا- ئىمارەتلەر، يامۇن، داتاڭلار، باغۋاران، مۇداپىئە ئىستىھكامى، سېپىل ئىچى ۋە تېشىدىكى چوڭقۇر دۆڭ، خەندەك، پوتەي، قۇدۇق، چوڭ- كىچىك يول قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش، يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىش شۇ ۋاقىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن داۋاملىشىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ سېپىل ئىچىدىكى قۇرۇلمىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان.⑨

ئەنگلىيىلىك ئارخىئولوگىيە ئالىمى ئاۋرىل سىپيتىن 1900- يىلى 10- ئاينىڭ 13- كۈنى يېڭى شەھەر سېپىلىنى ئايلىنىپ كۆزدىن كەچۈرگەن. 14- كۈنى ئەلچى ھىسار سېپىلىنى بويلاپ مېڭىپ، كۆرگەنلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە خاتىرە قالدۇرغان:«1900- يىلى 10- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەتىگەندە يۇقاقۇن (yokakun) دىكى قارارگاھتىن يولغا چىقار چېغىمدا بەگ كەلدى. ئۇ، خوتەن شەھرىنىڭ ئامبىلى ئىكەن. مېنىڭ خوتەنگە كېلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ھەمراھ بولۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن. بەگ جۇڭگونىڭ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، بىر نەچچە ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. بىز خېلىلا يامان ئەمەس بىر ئاتلىق ئەترەت بولدۇق. ھەتتا بەدىردىن خان بىلەن ئالدىدا ماڭدۇق. بەدىردىن خان خوتەندىكى ئابغان سودىگەرلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، لاداققا بېرىپ سودا قىلىدىغان چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە يۇرتدىشى بىلەن، خوتەن شەھرىدىن مەن بىلەن بىرگە بىر قانچە مىل ماڭدى.

مەن زورتۇرت چاسا شەكىلدىكى سېپىلدىن ھاسىل بولغان خەنزۇلارنىڭ «يېڭىشەھەر»نى (ھازىرقى ساقلانغان سېپىلنى دېمەكچى) ئايلىنىپ، ئاندىن «كونا شەھەر»نىڭ شەھەر ئەتراپىنى كۆرگەچ، توختاخۇن باي سودىگەرنىڭ باغلىق ھويلىسىغا چۈشتۈم. بۇ باغلىق ھويلىلارنى بەدرىدىن خان ماڭا ئارىيەت بەرگەنىدى. يول ئۈستىدە ئادەتتىكىدەك پاسكىنا كونا بازاردىن ئۆتتۇم. كېسەل ئازابىدا قىينىلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈم. شەھەر ئەتراپىدىكى كىچىك كوچىلاردىن ئاتلىق ئۇزۇن مېڭىپ بۇرۇنلا يىقىلىپ كەتكەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان سېپىل لىنىيىسىنى بويلاپ، توختاخۇننىڭ ھويلىسىدىن يېرىم ملچە (ئىككى يېرىم چاقىرىم) كېلىدىغان جايدىكى يەنە بىر ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ۋە ئەتراپى ئېتىزلىق بىر باغلىق ھويلىغا كەلدىم. ھويلا

ئىگىسىگە خەۋەر قىلمايلا قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى زىيارەت قىلدىم ». دېمەك، بۇنىڭدىن 98 يىل بۇرۇن «ئىلچى ھاسا» سېپىلىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان توپا قورۇلمىلىق سېپىلنىڭ گەۋدىسى ساقلانغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.

بۇ سېپىل توغرىسىدا يەنە فىنلاندىيە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاتاغلىق ھەربىي ئالىم ۋە سىياسىيون كاربل مانېرھېم 1906- يىللىرى خوتەنگە كەلگەندە يازغان خاتىرىسىدىمۇ: خوتەن شەھرىنىڭ 24 ئېنگلىزچىسى ئېگىزلىكتىكى شەھەر سېپىلى بىلەن قورشالغانلىقى، شەھەرنىڭ غەربىي ئاھالىلار ئولتۇرۇشلۇق رايون ئىكەنلىكى، شەھەرنىڭ شىمالىدىمۇ بەزى پاكار ئۆيلەر بارلىقى، تېرىلغۇ يەرلەر كىچىك ئېتىزغا بۆلۈنگەنلىكى، بۇغداي، قوناق، شال تېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان. بۇ خاتىرە، سېپىلنىڭ غەربىي (يېڭىبازار كەنتە) ۋە شىمالىي نۇرباغ، چىمەن باغ مەھەللىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ⑩.

يېڭىشەھەر سېپىلى بۇنىڭدىن 98 يىل بۇرۇن ئاساسەن سەككىز مېتىردىن ئارتۇقراق ئېگىزلىكتە (24 ئېنگلىزچىسى سەككىز مېتىردىن سەل ئارتۇقراق) بولسىمۇ، كېيىنكىلەر سېپىل تېمىنىڭ ئۈستىگە 1.6 ئېگىزلىكتە خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان مۇداپىئە توساق تام سېلىپ ھەر 5- 4 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن سىرتىنى كۆزىتىش تۆشۈكى (يەرلىكلەر قوقتا دەپ ئاتايدۇ) قويۇپ قوشقۇراق تىكەن بىلەن سىرتقا قارىتىپ ساخال قويۇپ ئىشلىگەن. خام خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر بولغان. سېپىل ئۈستىگە يەنە مۇداپىئە توساقلىرى سېلىنىشىنىڭ مۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى: 1944- يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ 1946- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي

ئارمىيىسىنىڭ تاشقورغاندىن كىرگەن قىسمى قاغىلىقچە يېتىپ كېلىپ، قاغىلىقنى ئىگەللەپ گومىنداڭنىڭ 56 ئادىمىنى يوقاتتى، 20 ئادىمىنى يارىدار قىلدى. 2700 جىڭ ئېتىنى ئولجا ئالدى. 1- ئاينىڭ 4- كۈنى پوسكامنى ئىگەللەپ 30- كۈنى يەنە قاغىلىقنى ئىگەللىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى قاتتىق تەشۋىشكە چۈشۈپ، سېپىل ئىچىدىكى ئەسكەرلىرىنى كېچە- كۈندۈز ئىشقا سېلىپ سېپىلنى ئېگىزلەتكەن ئىدى. بۇ ساخال تام سېپىل تېمىنىڭ بۇزۇلمىغان قىسمىدا ھازىرمۇ ئۈز پېتى ساقلانماقتا. بولۇپمۇ شىمال قىسمىنىڭ پۈتۈن قىسمىدا ئەسلى ھالىتىدە ساقلانماقتا⑪.

يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ تۆت چوڭ دەرۋازىسى پىششىق خىش، گەج يۇغۇرۇلما لاي بىلەن چاك باستۇرۇپ تۇتاشتۇرۇلۇپ، كېمىر شەكلىدە سېپىل تېمىنىڭ تېگى ۋە سېپىل تېمىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن باراۋەر قىلىپ مەزمۇت ياغاچتىن ياسالغان. ئىككى قاناتلىق دەرۋازىلىرى پىششىق خىش ئارىلىقىغا بەللەنگەن ياغاچ كىشەككە تۇتاشتۇرۇلغان. ھەممە دەرۋازا يۈزى قارا رەڭلىك قائالتىر تۆمۈر بىلەن باستۇرۇلۇپ تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلانغان. دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 5.3 مېتىر، كەڭلىك 4.3 مېتىر بولۇپ، شىمالىي تامدىكى قاراقاش دەرۋازىسى ھازىرمۇ ساق ھالەتتە ساقلانماقتا.

شەرقىي دەرۋازىنى تۆمۈر دەرۋازا، غەربىي دەرۋازىنى يەركەن دەرۋازىسى (ئەسلىدىكى زاۋىدىن ئاقسارايى يېزىسى ئارقىلىق ئۇدۇل قاراقاش دەريا كېچىكىدىن ئۆتۈپ، تايىناق كەنت بىلەن خوتەنگە كېلىدىغان يەركەن يولىنى كۆرسىتىدۇ)، جەنۇبىي دەرۋازىنى توساللا دەرۋازا، شىمالىي دەرۋازىنى قاراقاش دەرۋازىسى دەپ ئاتىغان. بۇ دەۋرلەردە ئىلگىرىكى زامانلارغا ئوخشاشلا شەھەر سېپىل بىلەن قورشىلىپ، ئىچكى- تاشقى

ئالاقە، قاتناش ئىشلىرى شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان.

سېپىل ئىچى تۆت چوڭ دەرۋازىنىڭ كىرىش- چىقىش رەستە يولىنى ئاساس قىلىپ تۆت بۆلەككە يەنى تۆت چوڭ رەستىگە ئايرىلغان. شەرقىي جەنۇبىي بۆلىكىدە مەسچىت (پايپاك مەسچىدى دەپ ئاتالغان) بولۇپ، سېپىل ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى قىلىنغان. ماۋاڭ مىياۋ بۇتخانىسى ۋە سەيناسىغا مىراخور خادىمنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ تۇرغان ھەيكىلى، يەنە بىر بۇدىنىڭ بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاتقا مىنىشكە تەمشەلگەن قىياپەتتىكى ھەيكەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىر تەرەپتە چىرىكلەر قونالغۇ بىناسى (لىيەنزە) بولۇپ داۋتەي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا، بۇ چىرىكلەر داۋتەي يامۇن چىرىكى دەپ ئاتالغان.

شەرقىي شىمال بۆلىكىدە داۋتەي يامۇن (ۋالىي مەھكىمە) بىنالىرى، باغ ۋە گۈللۈك ئېتىزلىرى، جۇڭيى تېبابەت ماگىزىنى، ئاشلىق ئىسكىلاتى (ساڭ) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىسكىلات ئىچىدە ئاشلىق بېجى تاپشۇرىدىغانلارنىڭ باج تاپشۇرىدىغان مەيدانى بولغان. ئاشلىق پاكىزلايدىغان شامال ساندۇقلار، مۇھاپىزەتچىلەر ئۆيى بولغان. غەربىي جەنۇبىي بۆلىكىدە تۇڭلىن (يامۇن چىرىكلىرى تۇرىدىغان قورۇ)، چوڭ كۆل، تاناي ئېرىق كۆلچىكى (سۇنى بىۋاستە باشلاپ، سۇنى تىندۇرۇپ سۇ باشلايدىغان كىچىك كۆلچەك) قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. غەربىي شىمال بۆلىكى لىمىڭ يامۇن (ئامبال- شەنجاڭ بىنالىرى)، تۆت سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ (شۆتاڭ) بولۇپ (4- سىنىپنى گاۋجى سىنىپ دەپ ئاتىغان)، مەكتەپ ئارقىسىدا مەخسۇس راھىبى بولغان بۇدخانا (چىڭخۇاڭ مياۋ)، بىر يېنىغا تۈرمە(زىندان گۇندىخانا) قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئۈستىدە ئوخشاش نۇسخىدا ئۈچ

قەۋەتلىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق تېگى كەڭرەك، ئۈستى ئۈچلۇق شەكىلدە ياسالغان بالىخانا (قاراۋۇلخانا) ئۆيى بولغان. 1ـ قەۋەتتىن 3ـ قەۋەتكىچە تاختا شوتا قويۇلغان بولۇپ، سۇ يېغى بىلەن يورىتىلىدىغان ئالتە بۇرجەكلىك پانۇس چىراغ ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە ئۆچۈرۈلمىگەن. كېچىدە نۆۋەتلىشىپ قوراللىق گۇزەتچىلىك قىلىدىغان چېرىكلەر سېپىل ئۈستىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇكەممەل بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزگەن. دىجورنىلىك قىلىدىغان تۆگىلىن يامۇن چېرىكلىرى قوراللىق گۇزەتچىلىك قىلغان. بۇ بالىخانا ئۆي (قاراۋۇلخانا) كېيىنكىلەر تەرىپىدىن بۇزىۋېتىلگەن. پۈتۈن سېپىل تېمىنى چۆرىدەپ سېلىنغان مۇداپىئە تېمىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە چوڭقۇر خەندەك (يەرلىكلەر «چۇقۇ خەندەك» دەپ ئاتالغان) قېزىلغان.

1933ـ يىلغىچە سېپىلنىڭ ئىچىدە سېپىلغا ياندىشىپ بىر كالتە تام بولۇپ، تامغا يۆلەپ سېلىنغان چوڭقۇر مۇداپىئەلىنىش خەندىكى بولغان. بۇ خەندەكنىڭ سېپىل ئىچى يان قېشىغا يەنە بىر خەندەك كولانغان بولۇپ، بۇنى دۆڭ خەندەك دەپ ئاتىغان. دېمەك، ئەسلىدە چوڭقۇر ۋە دۆڭرەك كولانغان ئىككى مۇداپىئە خەندىكى بولغان. ئىچى تەرەپتىكى سېپىلغا يۆلەپ سېلىنغان مۇداپىئە تېمىدىن سېپىل ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان پەلەمپەيلىك يولى بولغان. ئەسلىدە سېپىل ياسالغاندا سېپىل تاملىرىدا پىششىق خىش بىلەن ئۆلچەملىك ياسالغان تۆت بۇرجەكلىك كۆزنەتش تۆشۈكى بولغان. قوقتا ئەتراپى ئاق گەج لاي بىلەن ئاقارتىلىپ، ھەر خىل سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن ئىكەن. بۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن بۇزىۋېتىلگەن .

شىمالىي سېپىل تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاراقاش دەرۋازىسىدىن ئىككى تەرەپكىچە 60 مېتىردىن بوش ئورۇن قالدۇرۇپ، ئىككى ئىشىك

ئېچىلغان. غەربىي شىمال بۇرجەكتە سېپىل گەۋدىسىدىن 10 مېتىردەك چىقىپ تۇرغان ئالتە بۇرجەكلىك كۆزىتىش سۇپىسى ياسىلىپ ھازىرغىچە ساقلانغان.

جەنۇبىي سېپىل تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توساللا دەرۋازىسى بولۇپ، ھازىر ئۆزگەرتىلگەن قالدۇق ئىزناسى بار. شىمالىي تام بىلەن جەنۇبىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە سېپىل گەۋدىسىدىن تۆت مېتىر چىقىپ تۇرىدىغان 62 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپا بىلەن قوپۇرۇلغان كالتە تام سېپىلى بولۇپ، ئىككى ياندىن پەلەمپەي بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ.

## 4. خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى

مىنگو دەۋرلىرىگىچە سېپىل ئىچىدە تۆت كوچا بولۇپ، بۇ كوچا- رەستىلەردە ئاشپۇزۇل، ھەر خىل تىجارەتچىلەر دۇكانلىرى، يېمەك- ئىچمەك دۇكانلىرى ۋە گۆرۈكەش خەنزۇ ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان. ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبىسى سىرتتىن تىجارەتچىلەر ۋە بازار سودىسى قىلىدىغانلار كۆپلەپ كىرىپ،ئالماق- ساتماق قىلىدىغان ئاۋات يېڭىشەھەر بازىرى شەكىللەنگەن. سېپىل سېلىنغاندىن كېيىن، سېپىلنىڭ شەرقىدىكى تۆمۈر دەرۋازىدىن گۈلباغقىچە ئىككى قاسناقتا ئۆي- ئىمارەتلەر سېلىنىپ، سېپىلنىڭ سىرتىدىمۇ ئاشپۇزۇل، ناۋايخانىلار، سودا- تىجارەت دۇكانلىرى ئېچىلىپ ئاۋادىنغا يەتكەن. يېڭىشەھەر (خەنچېڭ) ۋە كونا شەھەر (خۇيچېڭ) نىڭ چوڭ رەستە كوچىلىرىدا ياغۇن تەرەپتىن بېكىتىلگەن، كېچىدە جىڭ چالىدىغان چارلىغۇچىلار بولغان. مەلۇم ئارىلىقتا مەخسۇس تۈۋرۈككە بېكىتىلگەن ئالتە بۇرجەكلىك پانۇس چىراغقا، كەچ كىرىشى

بىلەنلا پىلىك سېلىپ يېقىپ كوچىنى يورۇتىدىغان، تاك ئېتىش بىلەن چىراغ ئۆچۈرىدىغان مەخسۇس چىراغچىلار بولغان. گۈلباغنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك كوچىنىڭ ئىچىدە بەردى بەگ نىقىپ دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ھويلىسىدا ھەر كۈنى چىراقچىلار چۈشتىن كېيىن ياغاچ پەنىزگە تىزىلغان نۇرغۇن چىراغلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ياغ قويۇپ، پىلىك سېلىپ ئېلىپ كېتىپ تۇرغانىكەن.

سېپىلنىڭ شەرقىدىكى تۆمۈر دەرۋازىدىن سېپىل ئىچىگە كىرىش يولىدا دەرۋازىغا يېقىن جايدا پايپاك (زىنىنەت دەرۋازا، شەرقىي جەنۇب بۆلىكىنىڭ پايپاڭغا يېقىنراق جايدا) مەسچىتى بار ئىدى. بۇ مەسچىتنىڭ تۆراخۇنۇم ئىسىملىك ئىمامى ۋە جامائىتى بولغان. جۈمە نامىزى ۋە مېيت نامازلىرى ئۆتۈلۈپ تۇرغان. سېپىل ئىچىدە ئىككى ئورۇندا «چىڭخۇاڭ مياۋ» ۋە «ماۋاڭ مياۋ» بۇد خاتىرىلىرى بولۇپ، ئۆزىگە چۈشلۇق راھىبلىرىمۇ بولغان ئىدى.

بۇددا دىن مۇخلىسلىرى بۇدخانا راھىبلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوچە كۆيدۈرۈپ شاك يېقىپ بۇدلىرىغا چوقۇنۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش نورمال ھالەتتە بولۇپ تۇرغان. مۇسۇلمانلار پايپاك مەسچىتتە ئەزان چاقىرسا، بۇدخانىلاردا بۇددا قوڭغۇرىقى چېلىنىپ كۆجە كۆيدۈرگەن. ھەر مىللەت ئېتىقادچى ئاممىسى ئۆز ئىبادىتى بىلەن خاتىرجەم بولۇشقان. سېپىلنىڭ غەربىي شىمال بۆلىكىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا خەنزۇچە ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپكە (شۈتاڭ) ئۇيغۇر، خەنزۇ پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلىنغان. گاۋجى سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىمتىھاندىن ئۆتسىلا ئەمەل بېرىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇشۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ گاۋجى سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن قاراقاش چۈرۈقلا كەنتلىك ناسىر بەگ (نالاۋسى) خوتەندىن زايىت بەگ، نايىپ بەگ، ئەمەت بەگ

(ئەرتىڭشۇ) قاتارلىقلارنى كۆرستىشى مۇمكىن. ئىلگىرى- كېيىن 400 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەنزۇچە ئوقۇپ، لاياقەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىققان. مەنچىلىك ۋە مىنگو دەۋرىدە بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن خوتەنگە ۋالىي، ھاكىم (ئامبال)، مۇئاۋىن ۋالىي بولغانلار بولۇپ، ئەڭ تۆۋىنى رايون بېگى ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا بۆلۈم دەرىجىلىك ئەمەلگە ئېرىشكەن. مىنگو دەۋرىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى لايىقىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئازادلىقتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، ئىدارە- جەمئىيەتلەرگە قوبۇل قىلىنغان تەرجىمانلارنىڭ كۆپچىلىكى سېپىل ئىچىدىكى مەكتەپنى (شۆتاڭ) پۈتتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. پايپاڭ، ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغان بايرىمىدا رەڭلىك رەختلەر بىلەن چەكمەك چېكىپ (بۆز، خام- ماتانى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، زىننەت دەرۋازىسىنى بېزەش)، بايراق ئېسىپ، رەڭلىك پانۇسلانى بېكىتىپ بايرامنى قارشى ئېلىش ئىپادىسىنى بىلدۈرىدىغان چوڭ دەرۋازا بولۇپ، بايرام مەزگىلىدە كۈندۈز ۋە كېچە پوجاڭ ئېتىپ نۇياڭگار ئويناپ بايرام تەبرىكلەنگەن. ئەجدىھار ئويۇنى، دەريادا كېمە ھەيدەش، يولۋاس ئويىنىتىش ئويۇنى، ياغاچ ئاياقتا مېڭىش، داردا مېڭىش، يۈزىگە ئاجايىپ- غارايىپ شەكىلدە گرىم قىلىپ ھەر خىل كىيىملەرنى كىيىپ تۈرلۈك ئويۇنلار كۆرستىلگەن. ئاخشاملىرى سېپىل ئىچىدىكى چاڭچىلەخانىدا كېچە يورىغىچە ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. خەنزۇ ئويۇن قويغۇچىلاردىن باشقا بايرام كېچىسى خوتەن شەھەردىن مەتتوختى چاڭچىلىكەش دېگەن بىر كىشى 28 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تەشكىللەپ، خەنزۇچە كوچا ئويۇنى كۆرسىتىش گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ ئۆزلىرى تەييارلىغان دەريادا كېمە ھەيدەش ماھارىتى ئويۇنى، ئەجدىھار ئويۇنى، يولۋاس ئويىنىتىش ئويۇنى، ياغاچ ئاياقتا مېڭىش

قاتارلىق كوچا ئويۇنى نومۇرلىرىنى ياغاچ دەستىلىك گۈللۈك پانۇسنىڭ يورۇقىدا داۋتەي يامۇن قورۇسىدا، ئامبال يامۇن، تۇڭلىن يامۇن ھويلىسىدا كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى داۋتەي- ئامباللار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن- بالىلىرى ۋە باشقا ئەمەلدار، چىرىكلەر ۋە پۇقرالار قىزىقىپ كۆرگەن، ئەمەلدارلار مۇكاپات بەرگەن. مەتتوختى چاڭچىلىكەشنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم- كېچەكلىرى، ھەر خىل باش كىيىملىرى، تاج، چالىدىغان جاڭ- جۇڭ، كىچىك دۇمباق- سۇنايلىرى، ھەر خىل قول پانۇس چىراغلىرى قاتارلىق ئويۇن ئەسلىھەلىرى بار بولغان. ھەر يىلى «يولدۇز چاغان» كېچىسى سېپىلنىڭ شەرقىي شىمال بۆلىكىدىكى چوڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ غەللە- پاراق ئالىدىغان مەيدان ئىچى يامۇن تەرەپتىن 360 رەڭلىك پانۇس چىراغ بىلەن يورۇتۇلۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئويۇن قويۇلغان. چاڭچىلە تىياتىرلىرى قويۇلۇپ، بايرام ناھايىتى قىزىق ھەم قىزغىن ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان.

ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ياتار ۋاقتىدا بەلگىلىك سائەتتە سېپىل ئىچىدىن تۇرسۇن دۇمباق دېگەن كىشى بىر قانچە پاي پاۋ ئاتقاندىن كېيىنلا سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بىراقلا تاقالغان (بۇنى يەرلىكلەر ئىككى جىڭدا پاۋ ئاتتى دېيىشكەن) ھەممە دەرۋازىدىن كىرىش- چىقىش بىراقلا توختىغان. سىرتتىن كىرىپ ئىچىدە قالغانلار ئىچىدە، ئىچىدىن سىرتقا چىقىپ پاۋ ئېتىشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلمىگەنلەر سىرتتا بىر كېچە تۈنىگەن. ئەتىسى بامداتتىن يانغاندا تۆت دەرۋازا بىراقلا ئېچىلىپ، قاتناش باشلانغان ھەممە دەرۋازىدا قورallıq پوستا تۇرىدىغان ئەسكەر بولغان.

داۋتەي- ئامباللار بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولسا، پەسرەك ئىككى چارقىلىق مەپىدە ئولتۇرغان. مەپىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر سەپ تارتىپ قوغداپ ماڭغان. داۋتەي- ئامبال

سىرتقا چىقىدىغانلىق بەلگىسى بېرىلگەن. ئەمەلدارلار كوچىغا چىققاندا ھەممە ئادەم، سودا- تىجارەتچىلەر دۇكانلىرى ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىجا كەلتۈرۈش ئادىتى بولغان. كوچا- رەستىلەردە كېتىۋاتقان ئاما قەدىمىنى توختىتىپ كوچىنىڭ چېتىدا تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن. خىلاپلىق قىلىنسا تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان. ئامبال- داۋتەي ئولتۇرغان مەپە ۋە ياساۋۇللار ئۆز ئۆدۈلىدىن ئۆتۈپ بولغاندا ئاندىن ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشقا يول قويغان. ئۇ زامانلاردا شەھەر كوچىلىرى تار بولۇپ، ئۈستىگە ياغاچ لاپاس ياسىلىپ بورا بىلەن يېپىپ قويۇلغان. خوتەن شەھەر ئىچىدىكى بىرلا كوچا بىر ئات قوشۇلغان مەپە ماڭالايدىغان ھالەتتە بولغان. كوچا- رەستىلەر ئەگرى- بۈگرى تۈزۈلگەن.

1883- يىلى خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى قۇرۇلۇپ قەشقەر دوتەي مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولۇپ، تاكى 1913- يىلىغىچە 30 يىل داۋاملاشقان. 1913- يىلى (مىنگونىڭ 2 - يىلى) خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشلىقى تاڭچوڭجۇڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

مىنگونىڭ 2- يىلى (مىلادى 1913 - يىلى) خوتەن ناھىيىسى قاراقاش بەگلىكىنى قوشۇپ ناھىيە تەسىس قىلىندى. چىڭ يۈەنچىڭ ئىسىملىك خەنزۇ ئامبال بولۇپ، مىنگونىڭ 9- يىلى (مىلادى 1920 - يىلىغىچە) خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى ئامبال يامۇلىدا ئىش بېجىردى. 1920- يىلدىن تاكى 1937- يىلى 10- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە «خوتەن ئىسلامىيە ھۆكۈمىتى» ۋە ماخۇسەن خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنى ئىگىلەپ ھاكىمىيەت باشقۇردى. 1937- يىلى 10- ئۆكتەبىر شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ماخۇسەننى مەغلۇب قىلىپ، يېڭى

ھۆكۈمەت قۇردى. ئەلچىسى خوتەنگە كېلىپ خوتەن سېپىلىغا ئورۇنلاشتى. خوتەن گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە 38 ـ پولك (ئاتلىق قىسىمنىڭ) ئورنى سېپىل ئىچىدە بولدى. 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى پەن توڭ (پەن بونەن) خوتەننىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك گارنىزون قوماندانلىققا تەيىنلەندى ۋە 4 ـ ئايدا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى گوشيەنەن (گوجىژيۈەن) خوتەن گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي تەمىرات باشقارما باشلىقلىقىغا، تەن چىڭرۇڭ (تەن گوبياۋ) خوتەن 38 ـ پولك ئاتلىق قىسىم 1 ـ لىيەننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا سەنمۇلۇققا يۆتكىلىپ باردى. 1943 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى. 1944 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلى ئۆكتەبىرگىچە گومىنداڭنىڭ 8 ـ پولكى خوتەن سېپىلىنى ئىگىلىدى . 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتى بۇرھان شەھىدىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىغا ئاۋاز قوشتى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيە 2 ـ كورپۇس 5 ـ دىۋىزىيە 15 ـ پولك كوماندىرى جياڭ يۇخې، سىياسىي باشقارما مۇدىرى ليۇ يونىڭ باشچىلىقىدا ئالدىدىن يۈرۈش ئەترىتى تەشكىل قىلىپ ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، ئاپتوموبىل ئارقىلىق قەشقەردىن خوتەنگە تېزلىك بىلەن يۈرۈش قىلىپ، 12 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ يېڭىشەھەر سېپىلىغا ئورۇنلاشتى.

خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلى 1949 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى. 50 يىلدىن بېرى سېپىلنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، قەۋەتلىك بىنالار،

ماگىزىنلار سېلىنىپ تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرىپ شەھەر ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

بۇ سېپىل ئۆز تارىخىدا نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلارنى، بومباردىمان قىلىنىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە يەنە بىر قىسىم سېپىل تاملىرى ۋە شىمالىي تامدىكى «قاراقاش دەرۋازىسى» ساقلىنىپ، ئەمگەكچان، باتۇر، جاپاكەش ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ قان- تەر ئاقتۇرۇپ، بۇ سېپىلنى ياساش جەريانىدىكى زۇلۇمى، چەككەن جاپاسىغا شاھىدلىق بىلدۈرۈپ تۇرماقتا.

ئىزاھات:

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 477 - بەت.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983- يىل 4- سان 195- بەت.

③ جىن شياڭىن —— قەشقەر پەيزاۋاتلىق خۇيزۇ فېئودال بولۇپ، قەشقەر كوناشەھەرنى بېسىپ ياتقان سىدىق بەگ قىپچاق (قىرغىز) قوقەندە قېچىپ يۈرگەن جەنۇبىي شىنجاڭلىق خوجا ئەۋلادلىرىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش غەرىزىدە جىن شياڭىنى ئالاقە باغلاشقا قوقەندگە ئەۋەتىدۇ. 1865- يىلى 1- ئايدا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ يېقىن تايانچلىرىدىن 68 كىشىنى يىغىپ، جىن شياڭىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ياقۇپ بەگ جىن شياڭىنى خوتەنگە بىللە ئېلىپ كېلىپ، ئەسكەرلىرىگە باش قىلىپ، خوتەن خەلقىنى قىرغىن قىلىشتا باش جاللات قىلدى. نىياز ھېكىم بەگ خوتەندىن قېچىپ كەتكەچكە، جىن شياڭىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، جەھەننەمگە ئۇزاتتى.

④ «ئۇيغۇر تارىخى» 1- قىسىم (2) 990- بەت .

⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983- يىل 4- سان 196- بەت .

⑥ خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنى سېلىش ۋاقتىدىكى تارىخىي ۋاقىئاتلار (قولىيازما).

⑦ خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنى سېلىش ۋاقتىدىكى تارىخىي ۋاقىئاتلار (قولىيازما).

⑧ بىۋاستە ئۆلچەپ خاتىرىلىگەن خاتىرىگە ئاساسەن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ

يەكۈنى.

⑨ ئاۋرىل، ستەيىن «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑩ «ئاتاقلىق ھەربىي ئالىم ۋە سىياسىئون كارل ماننېرھېمنىڭ خاتىرىسى»، شىنجاڭ گېزىتى 1994- يىلى 8- ئاينىڭ 30- كۈنىدىكى سانىدىن (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى).

⑪ «خوتەن تەزكىرىسى» خوتەن ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن.



ئاپتور رەجەپ يۈسۈپ 1927- يىلى 10- ئايدا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئالتۇنجى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1934- يىلدىن تارتىپ دىنىي مەكتەپ ۋە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1941- يىلى ناھىيەدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. قاراقاش ناھىيە شەھەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1953- يىلدىن 1957- يىلغىچە قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1957- يىلى 2- ئايدا ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمىگە يۆتكەپ، مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەم خوتەن ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق سەنئەت ئۆمىكى»گە بىر مەزگىل ئۆمەك باشلىقى بولغان. 1979- يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغاندا رەجەپ يۈسۈپ بۇ ئورۇننىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك كىتابخانىنىڭ مەسئۇلى بولغان.

1986- يىلى بۇ ئورۇن «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي سىستېمىسى خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالىنىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ئۆز ئورنىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭدا مۇكاپاتلانغان.

ئۇنىڭ «زەللىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «〈قۇتادغۇبىلىك〉 تىكى خوتەن

دېئالېكتلىرى تەركىبلىرى توغرىسىدا»، «ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئۇدۇن بۇددا دىنى توغرىسىدا»، «مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى»، «ئىلچى سېپىلىنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە ھازىرقى خوتەن (ئىلچى) شەھىرىنىڭ ئاباد بولۇشى توغرىسىدا»، «ئىلچى (خوتەن) يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان، رەجەپ يۈسۈپ 1988- يىلدىن 1994- يىلغىچە خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي ھەيئىتى بولغان. 1982- ۋە 1988- يىللىرى ئىككى قېتىم ۋىلايەت بويىچە خىزمەت نەمۇنىچىسى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1989- يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجە ياراتقۇچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ 1994- يىلغا قەدەر جۇڭگو مىللەت نەزەرىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دۇنخۇاڭ- تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ مىللەت نەزەرىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 1989- يىلى پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، خىزمەت ئېھتىياجى ۋە تەشكىلنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن 1994- يىلى 4- ئايغىچە خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكىدە مەسلىھەتچى ۋە سىياسىي يېتەكچى بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەتئىمىن سابىر

# نادىر بەدىئىي ئەسەر — خوتەن زىلچىسى

خوتەن گىلىمى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەڭ نادىر مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى. ئۇ بىر خىل چۈشەك بويۇمى بولۇشقا قارىماي، ئالاھىدە چىداملىق، كۆركەم، رەڭدار، يېقىملىق بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يۇقىرى ئىستېمال قىممىتى ۋە يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولغان تاۋار. نۇرغۇن قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرى ھازىرقى زامان سانائىتى تەرىپىدىن شاللاپ تاشلانغان بۈگۈنكى كۈندە، خوتەن گىلىمى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىگە تايىنىپ، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپلا قالماي، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلماقتا.

## گىلەم ۋە زىلچا گىلەم

گىلەم — سۇپا، كارۋات، شۇنداقلا ئۆي تېگىگە سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېلىنچىلارنىڭ بىر تۈرى. بەزى جايلاردا «پالاس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گىلەم — جاۋا گىلەم، بۆز گىلەم، زىلچا گىلەم قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. جاۋا گىلەم ساپ يۇڭ يىپنى ئارقاق- ئۆرۈش قىلىپ توقۇلىدۇ. بۆز گىلەم ساپ پاختا يىپنى ئارقاق- ئۆرۈش قىلىپ توقۇلىدۇ. بۇ ئىككى خىل گىلەم يۈزىدە تۈۋىت بولمايدۇ ۋە «سۇرگىلەم» دېگەن

ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدۇ. زىلچا گىلەم (بۇرۇنقى زامانلاردا يۇڭ يىپتىن) يىقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا بوز يىپتىن توقۇلغان تەگلىككە يۇڭ يىپتىن تۆۋەت چىگىپ توقۇلىدىغان مەھسۇلاتتۇر.

«زىلچا» — «نەپىس»، «گۈزەل»، «سۈپەتلىك» دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان «زىل» دېگەن سۆزگە «چا» دېگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلىشىدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، «نەپىس گىلەم»، «گىلەملەرنىڭ ئەڭ نوچىسى» دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ.

«زىلچا گىلەم» دېگەن ئاتالغۇ جاۋا گىلەم، بوز گىلەم ۋە زىلچا گىلەملەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەدىمكى دەۋرلەردە، تۆۋەتلىك گىلەمنى سۇر گىلەملەردىن پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇڭا ئۇ، تۆۋەتلىك گىلەمنىڭ ئانا ماكانىدا بارلىققا كەلگەن تۇغما (ئەزەلىي) نامدۇر. زىلچا گىلەم خوتەندىن باشقا جاي، باشقا رايونلارغا تارقالغانلىقى ئۈچۈن «خوتەن زىلچا گىلىمى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن بارا-بارا قىسقارتىپ «خوتەن گىلىمى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بۇ خۇددى «قۇمۇل قوغۇنى»، «ئاتۇش ئەنجۈرى»، «باغدات خورمىسى»، «سۇجۇ كەشتىسى» دېگەندەك مەلۇم ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى شۇ مەھسۇلات چىقىدىغان جاينىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتاپ ئەزىزلىغانغا ئوخشاش شۆھرەتلىك ئاتاق بولۇپ، بۇ نامۇ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

ھازىر بىر جەھەتتىن جاۋا گىلەم، بوز گىلەملەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قىلىشنىڭ جىددىي ئازىيىپ، تاۋار بازىرىدىن چېكىنىشى، يەنە بىر جەھەتتىن زىلچا گىلەمنىڭ نۇسخا ، رەڭ تۈرى، مەھسۇلات تۈرىنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىشى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى، ئىچكى- تاشقى ئىستېمالنىڭ بارغانسىرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ «زىلچا گىلەم»

دېگەن تۇغما نامنى قوللىنىش بارا- بارا ئازىيىپ، «خوتەن گىلىمى» دېگەن ئىنئام نامى (شۆھرەت نامى)نى قوللىنىش بارغانسېرى كەڭ ئومۇملاشماقتا. شۇنداق قىلىپ «خوتەن گىلىمى» دېگەن نام «خوتەن زىلچا گىلىمى»نى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالماقتا.

## خوتەن زىلچا گىلىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى

خوتەن زىلچىسىنىڭ ئىختىرا ئاساسى بولغان جاۋا گىلەم ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى بۇنىڭدىن 3800 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىن كەڭلىكى 1.80 مېتىر، قالدۇق ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى جاۋا گىلەم تېپىلغان. بۇ، دۆلىتىمىز، جۇملىدىن شىنجاڭدا بايقالغان، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان جاۋا گىلەم ئەۋرىشكىسىدۇر①. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان لوپ ناھىيە سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيا قەدىمكى شەھرى خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن بۇنداق جاۋا گىلەم ئەۋرىشكىلىرى خېلى كۆپ تېپىلدى.

1959- يىلى نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە بىر پارچە (زىلچا) گىلەم ئەۋرىشكىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ، مىلادىيە 220~225 يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان. ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئىشلىرىدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى گىلەم ئەۋرىشكىسى شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى گىلەم ھېسابلىنىدۇ②. 1980- يىلى شۇ خارابىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق قېزىپ تەكشۈرۈشتە، بىر يولى مويلۇق (تىۋىتلىق)، بىر يولى مويسىز، موي

(تۈرت) ئۈچى كېسلمەي، لۆڭگە مويىغا ئوخشاش ئىلمەك ھالەتتە توقۇلغان (زىلچا) گىلەم بايقالغان. توقۇلۇش تېخنىكىسى ۋە سۈپىتىدىن قارىغاندا... شۇ خارابىدىن 1959- يىلى بايقالغان گىلەمگە قارىغاندا خېلى ئىلگىرى ئورۇندا (تېخىمۇ قەدىمىي گىلەم ھېسابلىنىدۇ ــــ ئا) تۇرىدۇ③. 1995- يىلى شۇ خارابىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا 2.36X1.76 مېتىر ۋە 2.90X1.26 مېتىر كېلىدىغان ئىككى پارچە گىلەم بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقىسى چىغ يوللۇق، كېيىنكىسى رەڭدار، ئۈچ بۆلۈك ئېچىگە ئادەم شەكلى توقۇلغان. بۇ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى گىلەملەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ گىلەم ھېسابلىنىدۇ④. 1984- يىلى لوپ سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە 73 X 76.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئەگەر زىلچىسى تېپىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، شىنجاڭ، جۈملىدىن خوتەندىكى قەدىمكى ئىنسانلار تۆت مىڭ يىللار بۇرۇنقى چاغلاردا يۇڭ يىپنى ئۆرۈش- ئارقاق قىلىپ، تۈرتسىز جاۋا گىلەم توقۇشنى كەشپ قىلغان. كېيىن، بۇ خىل گىلەملەرنىڭ ئۆرۈش- ئارقاقلىرىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىلىرىغا يۇڭ تۈرت چىگىپ، چىغ يوللۇق (بىر يولى تۈرتلۈك، بىر يولى تۈرتسىز) گىلەم توقۇشنى، ئاندىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، زىلچا گىلەم توقۇشنى كەشپ قىلغان. «خوتەن خەلقى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا قوي يۇڭى ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىدىغان چىرايلىق، رەڭدار، ئۆزگىچە نۇسخىلاردىكى زىلچا گىلەم توقۇشقا ماھىر ئىدى»⑤.

مىلادىيەنىڭ ئالدى- كەينىدىكى دەۋرلەردە تارىم ۋادىسىدا كېۋەز ئېكىنچىلىكى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، پاختا يىپتىن بۆز گىلەم توقۇش بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۆز يىپ ئۆرۈش- ئارقاقنى چەم، يۇڭ

يىپنى تىۋىت قىلىپ توقۇلىدىغان زىلچا گىلەملەر بارلىققا كەلگەن ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## زىلچا گىلەم خامئەشيالىرى

زىلچا گىلەمنىڭ ئوق يىپى «تىۋىت يىپى» دېيىلىدۇ. تىۋىتلارنىڭ ئۈستۈن ئۇچلىرى ئۆزىدىكى ھەر خىل رەڭلەر ئارقىلىق گىلەم گۈللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. تىۋىتلارنىڭ يىلتىزى تەگلىكىگە ئولغاپ چىگىش (« ») ئۇسۇلىدا چىگىپ چىقىلىدۇ. ئۆرۈش يىپلارنىڭ ئارقاق يىپلارنى گىرەگە ئېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ۋە تىۋىت يىلتىزلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قاتتىق تەگ قىسمى «چەم» دېيىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، گىلەمنىڭ تەتۈر يۈزى «چەم يۈزى» دېيىلىدۇ. ھازىرقى گىلەملەرنىڭ چەم قىسمى پۈتۈنلەي بۆز يىپ ئۆرۈش- ئارقاقلاردىن توقۇلىدۇ.

گىلەمگە تىۋىت چىگىشكە ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ يىپلار «يۇڭ شوينا» ياكى «گىلەم شوينىسى» دېيىلىدۇ. تىۋىتلىق يۇڭ شوينىلار قەدىمدىن تارتىپ خوتەن قويىنىڭ يۇڭىنى خامئەشيا قىلىپ يىكچاق ئارقىلىق ئىگىرىپ تەييارلانغان. يېقىنقى يىرىم ئەسىردىن بۇيان يىپ ئىگىرىش ماشىنىلىرىدا ئىگىرىلگەن يىپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئىچكى بازاردا سېتىلىدىغان قىسمەن گىلەملەر ھېلىمۇ قولدا ئىگىرىلگەن شوينىلار ئارقىلىق توقۇلىدۇ.

خوتەن قويى خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى چەرچەن قاتارلىق جايلاردا قەدىمدىن تارتىپ بېقىلىپ كەلگەن قوي سورتى بولۇپ، يۇڭىنىڭ رەڭگى ئاق، سەل- پەل بۇدىرە، تالاسى ئۇزۇن، يىرىم يىرىك، ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، پارقىراق، سوزۇلۇشقا، سۈركىلىشكە چىداملىق كېلىدۇ. ئاسانلىقچە سۇنمايدۇ ۋە يېتىۋالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭ

سۈمۈرۈش ۋە رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ئالاھىدە ياخشى. شۇڭا، كونىراپ كەتسىمۇ رەڭگىنى يوقاتمايدۇ. خوتەن گىلەمنىڭ شۆھرەت قازىنىشىدا توقۇش ھۈنەر- سەنئىتى، مىللىي ئۇسلۇب، جۇلالىق، چىرايلىقلىقى قاتارلىق ئامىللاردىن ئۆزگە خوتەن قوينىڭ يۇڭىدىن توقۇلغانلىقىمۇ مۇھىم بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

## خوتەن گىلىمىنىڭ بوياق ئالاھىدىلىكى

خوتەن گىلىمىنىڭ ئۆرۈش يىپلىرى بويالماي، ئەسلى رەڭدە ئىشلىتىلىدۇ. ئارقاق يىپلىرى كۆپىنچە سۇس قىزىل، سۇس كۆك رەڭلەردە بويۇلىدۇ. ئەسلى رەڭ گىلەملەرنىڭ تۇۋەت يىپلىرىغا تەبىئىي رەڭلىك (قوينىڭ تېنىدىن ئېلىنغان ھالەتتىكى ئاق، قارا، بوز قاتارلىق رەڭلەردىكى) شوينا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، بۇنداق گىلەملەر ناھايىتى ئاز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى گىلەملەرگە بويالغان يىپلاردىن تۇۋەت چىگىلىدۇ. بويالما تۇۋەتلىك گىلەملەرگە ئاز ساندا ئاق- قارا قاتارلىق ئەسلى رەڭ يىپلار ئىشلىتىلگەندىن سىرت، كۆپ قىسىم تۇۋەت يىپلىرى بوياپ ئىشلىتىلىدۇ.

گىلەم شوينا يىپلىرىنى بوياشقا، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بوزغۇن، ئوردان يىلتىزى، تۇخۇمەك چېچىكى، داۋا، ئانار پوستى، سامان، كېۋەز شاكىلى قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى ۋە تەبىئىي نىلرەڭ ئىشلىتىلگەن. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىر قىسىم سانائەت بوياقلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. 1960- يىللاردىن كېيىن كىسلاتالىق سانائەت بوياقلىرىنى ئىشلىتىش ئومۇملاشتى. خوتەن گىلەملىرىگە ئومۇمەن قىنىق، توق رەڭلىك شوينىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا گىلەم مەھسۇلاتلىرى ئالاھىدە رەڭدار، شوخ، كۆركەم بولىدۇ. رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ياخشى

بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ.

## خوتەن گىلەمنىڭ نۇسخا- رەڭ تۈرلىرى

گىلەم نۇسخىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن گۈل نۇسخىلىرى ۋە شەكىل نۇسخىلىرىغا بۆلىنىدۇ. يەنى گىلەم گۈل نۇسخىلىرى —— گىلەم يۈزىدە قايسى خىل گۈل- نەقىش ئوبرازى ياكى گۈل شەكىل ئوبرازى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ گىلەم يۈزىگە قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنئەنىۋى گۈل نۇسخىلىرىدىن ھازىرغىچە بايقالغىنى كەلكۈن نۇسخا، يۇلتۇز نۇسخا، ئانارگۈل نۇسخا، شام (چىراق) نۇسخا، پاختا نۇسخا، بەشچېچەك نۇسخا، چاچما نۇسخا، ئىران نۇسخا، جايناماز نۇسخا، لوڭقا نۇسخا، مەنزىرە نۇسخا قاتارلىق 11 خىلغا بارىدۇ. 1950- يىللاردىن كېيىن، ئەدىيال نۇسخا، ئوبراز نۇسخا، خاتىرە نۇسخا، غازى نۇسخا، ئىلھام نۇسخا، شاھمات نۇسخا، كېپىنەك نۇسخا، راۋاب نۇسخا، ناسۋال قاپاق نۇسخا، ئەقلىيە نۇسخا، مۇستەقىل نەقىش نۇسخا قاتارلىق يېڭى نۇسخىلار بارلىققا كېلىپ، نۇسخا تۈرلىرى تېخىمۇ بېيىدى. بۇلار ئاساسىي نۇسخىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ قىسمەن پەرقلىق قېرىنداش نۇسخىسى بار. مەسىلەن، ئەدىيال نۇسخا گىلەم: پالاس ئەدىيال، پەتنۇس ئەدىيال، گىجىم ئەدىيال، مەغەز ئەدىيال، شاخ ئەدىيال، بۆرەك ئەدىيال، كارۋات ئەدىيال قاتارلىق يەتتە قېرىنداش نۇسخىغا بۆلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ يەنە قىسمەن پەرقلىنىدىغان بالچۇق نۇسخىلىرى بار. بۇلارنى ھېسابقا ئالغاندا، خوتەن گىلەمنىڭ گۈل نۇسخىلىرى 50، 60 خىلغا يېتىدۇ.

رەڭ تۈرى دېگىنىمىز ھەر خىل نۇسخىدا توقۇلغان گىلەملەرنىڭ تەگلىك رەڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى نۇسخىلار بىر خىللا تەگلىك

رەڭدە توقۇلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بىر قانچە خىل تەگلىك رەڭ تۈرى بولىدۇ. مەسىلەن، بەشچېچەك نۇسخا گىلەم ئال، قىزىل، سېغىزرەڭ، كۆك تەگلىك رەڭلەردە؛ غازى نۇسخا گىلەم كۆك، ھاۋا رەڭ، ئاچ ھاۋا رەڭ، مەللە رەڭ، ئال تەگلىك رەڭلەردە توقۇلىدۇ. تەگلىك رەڭ ئۆزگەرسە گۈللەرنىڭ شەكلى ۋە جايلىشىشى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما، گۈل رەڭلىرىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولىدۇ. خوتەن گىلىمىنىڭ تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ.

گىلەمنىڭ گۈل نۇسخا پەرقىدىن باشقا، شەكىل تۈرى پەرقىمۇ بار. گىلەمنىڭ شەكىل تۈرى دېگىنىمىز گىلەمنىڭ قانداق شەكىلدە توقۇلۇش پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنئەنىۋى گىلەم شەكىللىرى: ئۇزۇن چاسا شەكىللىك، چىن چاسا شەكىللىك، خورجۇن شەكىللىك، ئېگەر قېپى شەكىللىك، مەرۇزە شەكىللىك، قۇشقۇن- تۆشباغ شەكىللىك قاتارلىق ئالتە خىلغا بارىدۇ. يېقىنقى ۋاقىتلاردا يۇمىلاق شەكىللىك، تۇخۇمسىمان شەكىللىك، چولاق بۇرجەك شەكىللىك قاتارلىق يېڭى شەكىل تۈرلىرى بارلىققا كەلدى.

## خوتەن گىلەمچىلىكىنىڭ يېڭى باھارى

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە خوتەن گىلەمچىلىكى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1950- يىلى «خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى» قۇرۇلغان ئىدى. بۇ كارخانا 1950- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ گىلەمنىڭ ئۆرۈش- ئارقاقلىرىغا قول يىپى ئىشلىتىش ئورنىغا زاۋۇت يىپى ئىشلىتىشنى يولغا قويدى. 1960- يىللاردا گىلەم شوينىلىرىنى كىسلاتالىق بوياق بىلەن پار ئارقىلىق بوياشنى يولغا قويدى. بوياق

ئۆلچىمى بىرلىككە كېلىپ، گىلەم شويىلىرىنى 500 خىلدىن ئارتۇق رەڭدە بوياش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1970- يىللارنىڭ باشلىرىدا خەرىتىگە قاراپ گىلەم توقۇش يولغا قويۇلدى. ناھىيە، يېزىلار، باشقا ۋىلايەت، باشقا ئۆلكىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن گىلەمچى ئۇستىلار تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بىرىلدى. شۇ يىللاردا يەنە خەلقئارا ۋە ئىچكى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى 360 قۇرلۇق گىلەملەردىن سىرت، 400 قۇرلۇق، 450 قۇرلۇق، 540 قۇرلۇق، 720 قۇرلۇق، 900 قۇرلۇق گىلەم توقۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى (360 قۇرلۇق گىلەمنىڭ ھەر بىر كىۋادىراتمېتىر يۈزىگە 129 مىڭ تال تۈگۈن چىگىلسە، 900 قۇرلۇق گىلەمنىڭ ھەر بىر كىۋادىراتمېتىرىغا 810 مىڭ تال تۈگۈن چىگىلىدۇ). 1980- يىللاردا گىلەمنى ماشىنا ئارقىلىق يۇيۇپ تاراپ سورتلاش يولغا قويۇلدى. 1990- يىللاردا ئەنئەنىۋى يەرلىك بوياقلار بىلەن يىپ بوياپ گىلەم توقۇش ۋە ئەسلى رەڭ گىلەم توقۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

دېمەك، ھازىر خوتەن گىلىمى 50 خىلدىن ئارتۇق گۈل نۇسخىسى، 100 خىلدىن ئارتۇق تەگلىك رەڭ تۈرى، 10 خىلغا يېقىن شەكىل تۈرى ۋە ئالتە خىل زىچلىق ئۆلچىمىدە توقۇلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئەسلى رەڭ گىلەم ۋە بوياق رەڭدار گىلەم، تەبىئىي بوياق ۋە سانائەت بوياقلىرىدا بويالغان يىپلاردىن توقۇلغان گىلەم، يۇڭ چەملىك گىلەم، بۆز چەملىك گىلەم، بۆز چەم يىپەك تۈگۈنلۈك گىلەم قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالغاندا، خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلات تۈرى، گۈل نۇسخا

تۈرى، تەگلىك رەڭ تۈرى ۋە شەكىل تۈرىدە توقۇلىۋاتقان سورتلىرى نەچچە مىڭ خىلغا بارىدۇ.

ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، خوتەن گىلەمچىلىكى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. كەسىپي گىلەمچى ئائىلىلەر ۋە خۇسۇسىي گىلەم كارخانىلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1990- يىللاردىن باشلاپ پولات قۇرۇلمىلىق گىلەم توقۇش دۇكانلىرى ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكانلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، تېز ئومۇملاشتى. 1990- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ گىلەمچىلىك خوتەننىڭ بەش مۇھىم تۈۋرۈك كەسپىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خوتەن قويىنىڭ نەسلىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە سانىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە بېقىلىۋاتقان خوتەن قويى ئىككى مىليون 700 مىڭ تۇياقتىن ئاشىدۇ. گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلە 25 مىڭدىن، ئەمگەك كۈچى 60 مىڭ نەپەردىن ئاشىدۇ. ئىچكى- تاشقى بازارلاردا گىلەم سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئىككى مىڭ نەپەرگە يېقىنلىشىدۇ. يىللىق گىلەم مەھسۇلاتى 880 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

2008- يىلى خوتەندە دۆلەت بويىچە تۇنجى «گىلەم مۇزېيى» قۇرۇلدى. ھازىر خوتەن گىلەملىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت ئىچىدە سېتىلىپلا قالماي، دۇنيادىكى 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلماقتا. ئۇ خوتەن قاشتېشى، خوتەن ئەتلىسى، ئۇيغۇر دوپپىلىرى بىلەن بىر قاتاردا نادىر بەدىئىي سەنئەت ئەسىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ

سىموۋۇلى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدە كۆزنى مەھسۇلاتى سۈپىتىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تېخىمۇ شۆھرەت قازانماقتا.

ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار» (خەنزۇچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىل 1- نەشرى 1- باسمىسى 93- 95- بەتلەر.

② «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1994- يىللىق 3- سان. 51- بەت.

③ «شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى). ئۇيغۇرچە. 1985- يىللىق 2- سان 28- 73- بەتلەر.

④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» 1996- يىللىق بىرلەشمە 1- 2- سان. 44- بەت.

⑤ «ياغرىدى ھەر ياندا ساز» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىلى 1- نەشرى 1- باسمىسى 266- بەت.

مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى

# خوتەننىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سودا ـ سانائىتى ھەققىدە

1878- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە تىنچلىق- ئەمىنلىك بارلىققا كېلىپ، سودا- سانائەت ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ. جۈملىدىن خوتەندە چەت ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىدىغان سودا يوللىرى ئېچىلىدۇ. مەسىلەن، 1880- يىلى لوپ ناھىيەسىنىڭ دول كەنتىدىكى مۇھەممەت ھاجى ئوغۇللىرى توختى مۇھەممەت ھاجى، روزى ھاجى، راشىدىن ھاجىلارنى 40 ئات يېپەك بىلەن ھىندىستانغا سودىغا ماڭغۇزىدۇ. ئۇلا تىبەت يولى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىن نۇرغۇن گەزمال ۋە چەرچىن ماللارنى ئېلىپ كېلىپ كۆپ پايدا ئالىدۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا كىشىلەر لاداق يولىنىڭ خەتەرلىك ۋە جەبرى جاپالىق بولۇشىغا قارىماي، ھىندىستان بىلەن سودا قىلىشقا باشلايدۇ. ئىلچى كونىشەھەرنىڭ گۇجان دەرۋازىسىدىن يۇسۇپ ھاجى، بەردى ھاجى، مىراپ ھاجى، تارى ھاجى؛ ناۋاغدىن سەلىم ھاجى، ئىمىن ھاجى؛ يۇرۇڭقاشتىن نەمەتجان ھاجى، داۋۇت ھاجى، ئەلەم ئاخۇنۇم؛ ئاقتاش كەنتىدىن ھەسۇم ھاجى، يۇسۇپ ئاخۇنباي ۋە ئۆزبېك سودىگەرلەردىن ئابدۇللا ھاجى،

غوپۇر ھاجى، مۇساجان ھاجى قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر خوتەننىڭ گىلەم، كىگىز، يۇڭ، تېرە، تىۋىت قاتارلىق ماللىرىنى تاشكەنت، قوقان، ئەنجان، مەرغىلان، بۇخارا، نەمەنگان قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ جايلارنىڭ مەھسۇلاتىنى خوتەنگە ئەكىلىپ سېتىپ، ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ كۆپىيىشى ھەم سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن بازىرى ھەر قايسى ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن ماللارغا تولۇپ، ئاۋات سودا مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە، خوتەننىڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرى ۋە ئىشلەمچىلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە چىقىپ ئىشلەپ، پۇل تېپىپ باي بولۇپ قايتىپ كېلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، خوتەن شەھىرى ئىچىدىن قۇربان ھاجى خارەت دېگەن كىشى ئەنجاندا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ ياغاچچىلىق (خارەتچىلىق) قىلغانلىقى ئۈچۈن قۇربان ھاجى ئەنجان دەپ ئاتالغان. بۇزان چامغۇرچىدىن رەھمەت ئاخۇن ئۇستام، ساۋۇر ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر شايى- بەقەسەم توقۇپ، مەمەت ئەسەت قاتارلىق كىشىلەر مەدىكارچىلىق قىلىپ كۆپ پۇل تېپىپ، باي بولۇپ قايتىپ كەلگەن.

سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل سانائەت كارخانىلىرىمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. قەشقەرلىك ئاخۇنباي دېگەن كىشى 300- 400 ئىشچىسى بىلەن يۇڭ توقۇيدىغان مويكا قۇرغانىدى. ئۇنىڭ سودىغا مەسئۇل بولغان ئادەملىرى يۇڭ، تېرە، تىۋىت، داۋغان، يىپەك، سەرنەخ قاتارلىق خام ماللارنى قەشقەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، قەشقەردىن گەزمال، تۆمۈر، چىنە، قەنت- كېزەك، گۈگۈرت، ياغ قاتارلىق ماللارنى خوتەنگە ئېلىپ كېلىپ ساتتى. شۇ چاغلاردا خوتەندىكى 24 چوڭ سارايىنىڭ ھۇجرىلىرى ماللارغا لىق تولۇپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا غوپۇرجان

ھاجى، نەمەتجان ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاجان قارىلارنىڭ يۇڭ يۇيۇش مويكىسى، جېلىل ھاجى، قادىر ھاجى، مەمەت باباباي دېگەن ئۆزبېك سودىگەرلەرنىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بار ئىدى. سانائەت خامئەشيالىرىغا ئېھتىياجلىق نۇرغۇن سودىگەرلەر، دېھقانلارنىڭ خام ماللىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ قىممەت باھادا سېتىش ئارقىلىقمۇ ناھايىتى كۆپ پايدا ئالاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەردە «سوۋسىن تۆرك» سودا ئىدارىسىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يولى توسۇلغاندىن كېيىن، قەشقەردە دوگۋار ئاساسىدا مال ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. شۇ چاغلاردا قەشقەردىكى مۆيدىنجان باي بىلەن خوتەندىكى غوپۇرجان ھاجى قاتارلىق سودىگەرلەر تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز ئارا شېرىكلىشىدۇ. ئۇلار خوتەننىڭ خام ماللىرىنى قوقەندىكى پىلە ئۇرۇقى شىركىتى بىلەن دوگۋارلىشىپ ئۇلارغا ئۆتكۈزىدۇ؛ ئۇلاردىن خوتەنگە يىلىغا 160 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى ئەكەلدۈرىدۇ. ئەسلىدە بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقى بىر سەر تۆت مىسقال كۆمۈشكە توختىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنى ئىككى سەر بەش مىسقال كۆمۈشكە ساتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پىلە بېقىش ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن دېھقانلار پىلە ئۇرۇقىنى تالىشىپ سېتىۋالاتتى.

1924- يىلى ماشاۋۇ خوتەنگە دوتەي بولۇپ كېلىپ، پىلە ئۇرۇقى سودىسى ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئۇرۇقنى خەت دارىن دېگەن تۇغقىنىغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن كۆمۈش تەڭگىگە ئىگە بولىدۇ.

دېھقانلار بىر يىل جاپالىق ئىشلەپ پىلە چىقارسا، خۇدابەردى باي

باشلىق پىلە ئېلىپ يىپەك تارتىدىغان بايلار بىرلىشىپ، پىلىگە ئەرزان باھا قويۇپتۇ. دېھقانلار سېتىپ بېرىشكە ئۇنىمىسا، ئۇلارپىلە سودىسى قىلىشىنى توختىتىپتۇ. ئامالسىز قالغان دېھقانلار پىلىنى ئەرزان باھادا سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، بىر يىل سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىگە چۈشلۇق كىرىم قىلالمايتتى. شۇڭا، پىلىچىلىكتىن بولىدىغان ھەممە پايدا پىلىكەش بايلارغىلا بولاتتى. شۇ چاغلاردا خۇدابەردى باينىڭ چوڭ كارخانىسىدا 80 قازاندا، كىچىك كارخانىسىدا 28 قازاندا پىلە تارتىلىپ يىپەك ئىشلەپچىقىرىلاتتى، 40 دۇكاندا ئالىي گىلەم توقۇلاتتى. خۇدابەردى باينىڭ يەنە ئۇچەي پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىمۇ بولۇپ، بۇ كارخانا تۆت داچەندىن ئۇچەي ئېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنى 25 داچەندىن ساتاتتى. بۇ باينىڭ يىللىق كىرىمى 200 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كىركىن دېگەن چەت ئەللىك ئەجنەبىنىڭمۇ يىپەك، گىلەم، شايى، بەقەسەم توقۇيدىغان خېلى چوڭ كارخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خوتەننىڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرىدىن تۇردى ئاخۇن، ئىمىر ئاخۇن قاتارلىقلارمۇ ئىشلەيتتى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئاز بولسىمۇ، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەيتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا خوتەنلىك سودىگەرلەرنىڭ كارخانا قۇرغۇدەك دەسمايىسى بولمىغاچقا، سودا- سانائەت ئىشلىرى ئاساسەن چەت ئەللىك بايلارنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى.

شۇ چاغلاردا يەنە، خوتەن بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەردىن دول كەنتىدىن روزى ھاجى، ئابدۇراخمان خەلپە ھاجى؛ يۇرۇڭقاشتىن ئابلاجان قارىم، لوپتىن قۇربان نىياز ھاجى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ھىندىستانغا مەشۇت(يىپەك)، جەيناماز، كىگىز، شايى، ئەتلەس، قاشتېشى، چىنە قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بېرىپ، مالنى مالغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. 18 كۈنلۈك بۇ تاغ يولى

ئىنتايىن خەتەرلىك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات- ئۇلاغلارغا يەيدىغان ئوزۇق بولمىغانلىقى ۋە دائىم ئىس ئېلىپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئات- ئۇلاغ ۋە ئادەملەر كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتەتتى، بەزىلىرىنىڭ پۇت- قوللىرى ئۈششۈپ قالاتتى، شۇنداق بولسىمۇ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىللە، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودىمۇ ئىنتايىن جانلانغانىدى. خوتەن شەھەر ئىچىدىن سوپۇرگە ھاجى، مەتتۆمۈر ئاخۇن ۋە ئىسھاقجان (ئۆزبېك) دېگەن سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلاتتى. 1915- يىلى روزى ھاجى ھىندىستان بىلەن سودا قىلىشنى توختىتىپ، تۇرپاننى مەركەز قىلىپ، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىن ھەر خىل تاۋار- دۇردۇن، چىنە ۋە باشقا چەرچىن مال، دورا- دەرمەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا كېرىيەدىن ئوسمان ھاجى قودەي، سىدىق ئاخۇن قودەي قاتارلىق سودىگەرلەر دۇنخۇاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلىپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇلار كاۋاۋچىن دەرىخىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆز بېغىدا يەرلەشتۈرگەن. گۇما، قاراقاش، ئىلچى، لوپ، چىرا، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا يەنە چەت ئەللىكلەرگە دېھقانلارنىڭ خام ماللىرىنى ئەرزان ئېلىپ بېرەلەيدىغان دەللاللارمۇ بار ئىدى.

خوتەن ناھايىتى باي جاي بولسىمۇ، ئەمما چەت ئەللىك ۋە يەرلىك بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسى ئاستىدا، دېھقانلار ناھايىتى نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 1938- يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چەت ئەللىكلەرنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، نامدار بايلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى «سوۋسىن تۇرك» سودا ئىدارىسى بىلەن دوگۋارلىشىشقا سودىگەر چىقماي قالدى. شۇ سەۋەبتىن،

بىر نەچچە سودىگەر بىرلىشىپ «بىرلىك شىركىتى»، «پىلە- پاختا شىركىتى»، «دېھقانلار شىركىتى»، «ئىتتىپاق شىركىتى» قاتارلىق شىركەتلەرنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل باج- سېلىقلىرى تۇپەيلىدىن، بۇ شىركەتلەر ئارقا- ئارقىدىن تاقىلىپ، ئۇلارغا پاي قوشقانلارنىڭ قولىغا ھېچنىمە تەگمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سودا ئىشلىرى بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ نامراتلىشىدۇ.

1944- يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بازاردا مال باھاسى ئۆرلەپ پۇل پاخاللىشىپ، خەلق ئاچ- يالىڭاچلىق تۇرمۇشقا قالغانىدى. 1949- يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خوتەننىڭ سودا- ئىشلىرى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. بولۇپمۇ 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، سودا- سانائەت ئىشلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بارغانسىرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

مەھەممەد ھېيت ھاجىم

# خوتەننىڭ يېقىنقى زاماندىكى سودا ـ تىجارەت ئەھۋالى

تارىختا ئۇدۇن نامى بىلەن ئاتالغان «يىپەك يۇرتى»، «قاشتېشى ماكانى» دەپ شۆھرەتلەنگەن خوتەن دىيارى شەرق بىلەن غەرپنىڭ سودا، مەدەنىيەت تۈگۈنى بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئالاھىدە ئەۋزەل شارائىتى تۈپەيلى نۇرغۇن توقۇش، يونۇش، قىزىش، بېقىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، توقۇمىچىلىق سانائىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى.

خوتەننىڭ قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ، ئۆز جايىنىڭ ئىستىمالىدىن ھالقىپ تۈۋار ـ تىجارەت بازىرىنى ۋە مۇناسىپ ھالدىكى تىجارەتچى، سودىگەرلەر تەبىقىسىنى، يىراق چەتئەللەرگە مال يۆتكەپ ساتىدىغان ئالماشتۇرغۇچىلار سېپىنى ياراتتى. ئۇلار خوتەندە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرىدىكى مال ھەم خام ئەشيالارنى ئەتراپىنكى قوشنا دۆلەتلەرگە، ئىچكىرى جايلارغا ئاپىرىپ ساتسا، ئۇ يەرلەردىن زۆرۈر دەپ قارىغان نەرسىلەرنى خوتەنگە يۆتكەپ كېلەتتى. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش بىر تەرەپتىن بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ سودىگەرلەرنى زور دەرىجىدە پۇل ـ بايلىققا ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن

يەرلىك ھۈنەر- سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كىشىلەر (مەبلەغ سالغۇچىلار) نى جەلپ قىلىشقا تۈرتكە بولغان ئىدى.... مانا، شۇ سەۋەبتىن خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تەسىرى چوڭ، بايلىقى كۆپ بولغان خېلى نۇرغۇن نامدار سودىگەر- بايلار، چارۋىدارلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ھىندىستان، كەشمىر تەرەپلەرگە خوتەندە ئىشلەنگەن جايناماز، خام يىپەك (مەشۇت)، تىۋىت، ئۈچەي... قاتارلىقلارنى تاپلاپ، ئاتقا ئارتىپ ئاپىرىپ ساتاتتى. ھىندىستان، كەشمىر تەرەپتىن ئىپار، ھەر خىل دورا، ياردان، دەرىيارى، تاۋار- دۇردۇن، داكا... دىگەندەك تاۋارلارنى يۆتكەپ كېلىشەتتى. ئەنجان تەرەپكىمۇ ئوخشاشلا يىپەك، گىلەم، يۇڭ، تېرە، ئۈچەي، ئەلتىرە... قاتارلىق خام ماللارنى يۆتكەپ سېتىپ، ئۇ يەردىن گەزمال، ھەر خىل يىنىك سانائەت ماللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىشەتتى.

بۇ ماللار ئەنئەنىۋى كارۋان يوللىرىدا يۈز تۈنلەپ ئات- خېچىرلار ئارقىلىق توشۇلاتتى. سەپەردە نەچچە ئون ئات- ئۇلاغ بىر كارۋان قىلىنىپ، ئۇلاغلارنى ھەيدەشكە ئاتچى- چاكارلار ياللىشاتتى، چاكارلارغا كارۋان بېشى مەسئۇل قىلىناتتى. سودىگەرلەرنىڭ ھىندىستان، ئەنجان تەرەپلەردە ساراي- دەللىرى ۋە ياكى دائىمىي تۇرۇشلۇق شىرىك- گۇماشتىلىرى بولۇپ، يۆتكەپ بېرىلگەن ماللار شۇلارغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق سېتىپ بىر تەرەپ قىلىناتتى. خوتەن تەرەپكە ئېلىپ كېلىنگەن ماللارمۇ ئوخشاش تىجارەتچىلەرگە، گەزمال دۇكانلىرىغا نەق ياكى مەلۇم مۇددەتلىك نىسىي بېرىلەتتى. نىسىينىڭ ۋاقتى ئالتە ئايلىق ياكى بىر يىللىقچە بولاتتى. ئومۇمەن توختام- ھۆججەت يېزىلمايتتى. پەقەت بېرىلگەن مالنىڭ سانى، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇل مىقدارى دەپتەرگە تىزىملاپ قويۇلسىلا كۇپايە ئىدى. بۇ خىل سودىنىڭ

(نېسىنىڭ) جازانە ئۆسۈمى ھېسابلانمايتتى. مال- تـوۋار مەيلـى نەق بىرىلسۇن، مەيلى نىسىي بىرىلسۇن باھاسى، تاپشۇرىدىغان پۇلى بىر خىل ئىدى...

1942- يىللىرى ئەتراپىدا شـىڭ شىسـەي ھاكىمىيىتىنـىڭ سـوۋېت روسىيىسىگە بولغان غەرەزلىك مايىللىقى، ئۇ تەرەپلەرگە بېرىـپ تۇرغـان سودىگەرلەرنىڭ تەسىر يۇقتۇرىشـى بىـلەن خوتەنـدە يەكـكە ئۇششـاق تىجارەتچىلەر پاي تۈزۈمدە بىرلىشـىپ تىجـارەت قىلىـش، پىشىـقلاپ ئىشلەش، يۆتكەش خاراكتېرىدىكى كارخانا- شىركەتلەرنى قۇرۇش دولقۇنى مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل شىركەتلەرنىڭ كەسپىي خاراكتىرى بولسـا، بىـر بۇلۇك كىشلەر جاي- جايلاردىن يـۇڭ، يىـپەك، تىـرە، ئۇچەي، گـىلەم، ئەتلەس- شايى، ئۈزۈم، ياڭاق... قاتـارلىق مەھسـۇلاتلارنى سـېتىۋېلىپ «سىپىسىن تۇرك» نامىـدىكى بـاش ئورگانغـا ئۆتكـۈزۈپ، سـوۋېتنىڭ گەزلىمە، قەن- كېزەك، تۆمۈر، ئۆي سەرەمجان بۇيۇملىرى قاتـارلىقلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇلار تاي باھاسى بىـلەن تـوپ سـېتىش ئوتتۇرىسـىدىكى تاپاۋەتتىن كىرىمنى ئاشۇرسـا، ئۇششـاق تىجـارەتچىلەر تـوپ ئېلىـپ پارچىلاپ سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن پايدا تاپـاتتى. شـۇ چـاغلاردا خوتەنـدە «دېھقـان شـىركىتى»، «ئىتتىپـاق شـىركىتى»، «بىرلىـك شىركىتى»، «گىلەم شىركىتى»، «ياڭاق شىركىتى» دىگەندەك ئىسـىملار بىلەن ئاتالغان شىركەتلەر قۇرۇلغان ئىدى. بۇ شىركەتلەرنىڭ پـايچىكلىرى باجدىن ئاشقان سـاپ پايـدىنى دەسمايىسـىنىڭ ئاز- كـۆپلىگى بـويىچە نىسبەتلەشتۈرۈپ بۆلىشۋالاتتى.

ئىسمدە قېلىشـىچە خوتەنـدە تۆۋەندىكـىدەك ھـۈنەر- كەسـىپ تۈرلىرى بار ئىدى:

كانچىلىق- قېزىش تۈرىدە: ئالتۇن قېـزىش، گۆڭگـۇرت قېـزىش،

قاشتېشى قېزىش...

توقۇش تۈرىدە: خالۋاپ (زىلچا- گىلەم توقۇمچىلىقى)، شايى- ئەتلەس توقۇش، تاغار- خۇرجۇن توقۇش، بۆز- خام توقۇش، چەكمەن (يۇڭ بىلەن توقۇلىدۇ)، ئۈشتىگەرلىك، داستىخان، ياغلىق، پوتا- بەلۋاغ توقۇش، غەلۋىر- ئەلگەك توقۇش...؛

پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىدە: قاشتېشى ئويمىچىلىقى، كىگىز- جايىناماز ئىشلەش، كۆن- قىرىمچىلىق، ئەۋرىشىم قەغەز (ئۈجمە قوۋزىقىدا قەغەز ياساش)، موزدوزلۇق (ئاياغ كىيىم تىكىش)، كۇلا- كۆشۈك، ئارغامچا ئېشىش، جۇۋازچىلىق... دوپپا- بۆك تىكىش، تەلپەكسازلىق، ماشىنا- سەيفۇڭچىلىق؛

قىرغىچىلىق، زىبۇ- زىننەت تۈرىدە: سەرگەزلىك، بوياغچىلىق، زىرە- سۆكە، بىلەيزۈك، ئۈزۈك ياساش (زەرگەر)، گۈل بېسىش- كەشتىچىلىك، ياغاچتىن ئويۇپ گۈل- نەقىش ئىشلەش، ئاياغ- قوشۇق، كاساڭچىلىق؛

ئىستېمال، يېمەك- ئىچمەك تۈرىدە: ناۋاي (گۆشكىردە، سامسا، پەرمۇدە، گىردە- نان)، ئاشپەزچىلىك، كاۋاپچىلىق (تونۇر كاۋىپى، زىخ كاۋاپ، سوقما كاۋاپ)، باققال، قۇرۇق يەل- يېمىش تىجارىتى، قاسساپچىلىق؛

مىمارچىلىق- قىرغىچىلىق تۈرىدە: دىمكار (تامچى)، سۇۋاغچى، خارەت- ياغاچچى، سىرچى- نەققاشچى، ئۆي- ئىمارەت ئويمىچىلىقى (گەژ- ھاكتىن، ياغاچتىن ئويۇپ گۈل چىقارغۇچى)، خۇمدانچى (خىش پۇشۇرغۇچى)...؛

باشقا تۈرلەردە: تۆمۈرچى، مىسكەر، تاقچى، ئاتقۇچى (پاختا، يۇڭ ئاتقۇچى)، زەيچى (قوي، ئۆچكە ئۈچەيلىرىدىن زەي ياسىغۇچى)،

ئەينەكچى (ئادەتتىكى ئەينەكنى سىرلاپ كۆرىدىغان ئەينەك قىلغۇچى)، ئارا- تاماقچى، قازانچى (چۆيۈن بىلەن قازان قۇيغۇچى)، تۈگمەنچى، جۇۋازچى، مەشچىلىك، ياماقچى، ساتىراچ، پىچاق- قايچىچىلىق، سائەت تۈزگۈچى، تىكىش ماشىنىسى رېمونتچىلىقى... قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار ھۈنەر- سەنئەت ۋە بۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىشلەپچىقارغان مال- بۇيۇملار سودىگەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق سىرتقى ماكانلارغا چىقىرىلىش سەۋەبى بىلەن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ دىققىتىنى —— خوتەنگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ ۋە خوتەننى چەتئەللەرگە تونۇتۇش يولى بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى پايدا ئېلىپ كاتتا مال- مۈلۈك ئىگىلىرىگە ئايلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىرت ماكانلىقلارنى، ئۇلارنىڭ مەبلىغىنى خوتەنگە جەلپ قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خوتەن يېقىنقى 100 يىلدا ھۈنەر- سەنئەت، تىجارەت بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، سودا جانلانغان، پاي تۈزۈمىدىكى شىركەتلەر ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلغان، جۈملىدىن تەسىرى بىر قەدەر چوڭ، پۇل- مەبلىغى كۆپ بايلار، چارۋىدارلار بار ئورۇن بولۇپ قالدى...

ئائىلىمىزدىكىلەر ئۈچ ئەۋلات سودا- تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، كەمىنە (ماقالە ئاپتورى) 17 يېشىمدىن باشلاپ سودا- تىجارەتكە بېرىلگەن. دادام ھېيت ھاجىم 70 يىللىق ئۆمرىدە 15 يېشىدىن تارتىپلا تىجارەت- سودىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان،دادامنىڭ دادىسىمۇ بىر ئۆمۈر سودىگەر بولغانىكەن. شۇڭا خوتەن سودىگەرلىرى، بايلىرى، چارۋىدارلىرى بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەلراق تونۇشلۇقىمىز بار ئىدى. مەن ئاشۇ باي، سودىگەر، چارۋىدارلارنىڭ ئاتالغانراقلىرىنىڭ ئىسىم- شەرىپى، ئىقتىسادى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

توختى ھاجىم: بۇ كىشى لوپ ناھىيە دول كەنتىدىكى مەھەممەت

ھاجىمنىڭ ئوغلى، زېمىندار بايلاردىن ئىدى. بۇ زات 1889- يىللىرىدىن باشلاپ ھىندىستانچىلىق (مەخسۇس ھىندىستان تەرەپلەرنىڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى) قىلاتتى. ئۇنىڭ 300 ئېتى يۈك ئارتىپ خوتەندىن ماڭسا، يەنە 300 ئېتى يۈك ئارتىپ ھىندىستاندىن يولغا چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتچىلىرى قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئۇچرىشاتتى، سەرمايىسى ھازىرنىڭ پۇلى ھېسابىدا 500 مىليونغا يېتەتتى. توختى ھاجىم خوتەندىن مەخسۇس قاشتېشى ئەسۋابلىرى، يىپەك، جايناماز، شايى- ئەتلەس يۆتكەپ بېرىپ، ھىندىستان تەرەپتىن دۇخاۋا، تەتۈللا، كىمخاپ، ياردەن، ئەلپاكى خەسە، رەڭ، تۈرلۈك چەرچىن ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى (1933- يىلى چەتكە چىقىپ كەتكەن).

روزى ھاجىم (توختى ھاجىمنىڭ ئىنىسى): بۇ زاتمۇ ئاكىسى توختى ھاجىم باراۋىرىدىكى كاتتا باي كىشى ئىدى. ئۇ 1901- يىللىرىدىن كېيىن ھىندىستانچىلىقنى توختىتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر تىجارىتىگە يۈزلەندى. ئۇ يەردىن چەرچىن مال، توقۇلما رەخت، چاي يۆتكەپ سېتىپ زور پايدا ئالدى. روزى ھاجىم كېيىنكى ئۆمرىدە تۈرپاننى مەركەز قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە تىجارىتىنى يولغا قويدى. مەزكۇرنىڭ چۆچەك، ئالتاي، خوتەن، گوچېڭ... قاتارلىق جايلاردا ۋاكالەتچى گوماشتىلىرى بولغان ئىدى. 1921- يىللىرى تۈرپاندا 83 پېشدا ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. خاس ئالتۇن- يامبۇسىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى...

بەردى ھاجىم (مەھەممەت يۈسۈپ ھاجىم ئوغلى): خوتەن شەھىرى گۈجان دەرۋازىلىق (ھازىرقى كونا شەنۋېي قوروسىدىكى ئۈي- ئىمارەتلەرنىڭ ھەقداسى). بۇ زات ھەم ھىندىستان ھەم ئەنجان، موسكۋا... تەرەپكە يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ھەر خىل چەرچىن مالدىن باشقا ئورۇس گۈگۈت، تىكىش ماشىنىسى يۆتكەپ كېلەتتى. ئۇنىڭ قوش

يۇنىلىشلىك سودىسى 1890- يىللىرىدىن كېيىن ۋايىغا يەتكەن ئىدى. بايلىق دەسمايىسى ھازىرقى خەلق پۇلى ھېسابىدا 300 مىليۇندىن كۆپ ئىدى، ئۇ 55يېشىدا ۋاپات بولغان. بەردى ھاجىم ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىغا، ئوغۇللىرىدىن سىدىق ھاجىم، ئەھەت ھاجىم قاتارلىقلار ۋارىسلىق قىلىشتى. تاكى 1933- يىللىرى چەتئەل سەپىرىگە چىقىپ كەتكىچە تىجارىتى گۈللىنىپ، بايلىقى ئېشىپ بارغان ئىدى. شۇ يىللىرى سىدىق ھاجىم 65 ياشتا، ئەھەت ھاجىم بولسا 56 ياشلاردا ئىدى...

مىرابلا ھاجىم (بەردى ھاجىمنىڭ ئىنىسى): 1907- يىللىرى پەرغانىچىلىق بىلەن راسا بىيىۋاتقاندا ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئوغلى تۇرسۇننىياز ئاخۇن موسكۋادا باش سودا تىجارىتى قۇرۇپ شىرىكلىرىدىن مەھەممەت ئىبراھىم ھاجىمنى قەشقەر، مەمەتئابلا ھاجىمنى خوتەن سودىسىغا قويغان ئىدى. بۇ شىركەت قەشقەردىكى «سەپىسىن تۇرك» بىلەن دىگۋارلىشىپ تىجارەت يۈرگۈزەتتى. تەخمىنەن 100 مىليۇن يۈەندىن ئارتۇق دەسمايە مەبلىغى بار ئىدى. بۇ زاتلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى شىڭ شىسەي قەتلىسىدە ۋاپات بولۇشتى. بارلىق مال- مۈلكى مۇسادىرە قىلىنۋېلىندى. شۇ چاغدا مەمەتئابلا ھاجىم 41 ياشتا، مەھەممەت ئىبراھىم ھاجىم 35ياشتا ئىدى...

قاسىمجان ھاجىم: بۇ زاتمۇ موسكۋا تەرەپلەرنىڭ سودىسى بىلەن مەشغۇل خوتەنلىك كىشى ئىدى. سەرمايىسى 10 مىليۇندىن كۆپ ئىدى. 1933- يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى...

ئىمىن ھاجىم، سېلىم ھاجىم: بۇ زاتلار بىر تۇققان سودىگەرلەر بولۇپ، ئولتۇراق جايى ھازىرقى ۋىلايەتلىك پارتكوم قوروسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ــــ ناۋاغ مەھەللىسىدە ئىدى. باغ، ئۆي- ئىمارەتلىرى كاتتا ئىدى. بۇلارمۇ پەرغانە تەرەپلەرگە خوتەننىڭ پۈتۈن خام ماللىرىنى

دىگەندەك يۆتكەپ چىقىپ، ئۇياقتىن كەلتۈرگەن چەرچىن ماللىرىنى تۇپ ھالدا نەق ۋە نىسىي ساتاتتى. تەخمىنەن 15 مىليون يۈەنلىك سەرمايىگە ئىگە ئىدى. بۇ ئاكا- ئىنى سودىگەر بايلار 1910- يىللىرى ئارقا- ئارقىدىن ۋاپات بولۇشتى...

يەركەنتلىك توختاخۇن باي (نىياز ئاخۇننىڭ ئوغلى): بۇ زات خوتەنگە 1915- يىللىرى قەشقەرلىك ئاخۇنبايۇپنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ خوتەندىكى تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان ئىدى. ئاخۇنبايۇپ نامىدا يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىغا مويكا (يۇڭ، ئۇچەي پىششىقلاش ئورنى) بەرپا قىلغان ئىدى. ھەر يىلى تۆت- بەشيۈز ئۇلاغلىق يۇڭ پىششىقلاپ قەشقەرگە ماڭغۇزاتتى. قەشقەر تەرەپتىن كەلتۈرگەن ھەر خىل ماللارنى ساتاتتى. توختاخۇن باي پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باجلىرىنى كۆتۈرە ئېلىۋېلىپ، ناھىينىڭ باجلىرىنى پارچىلاپ سېتىپ، خاس باجدىنلا يەتتە- سەككىز مىڭ سەر كۈمۈش تاپاتتى. ئۇنىڭ يېشى 80 لەردە ئىدى. قەشقەر ساراي دىگەن جايدا (ھازىرقى ئىلچى مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا) ئولتۇراق ئورنى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن دىگەن كىشى ياردەملىشەتتى. دەسمايىسى 500مىليۇن يۈەندىن كەم ئەمەس ئىدى. شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئىقتىسادىنى مۇسادىرە قىلغان ئىدى.

قۇربان ھاجىم قايماق: بۇ زات خوتەندىن بولۇپ، قەشقەر سودىگەرلىرى بىلەن ھەمدەملىكتە سودا- تىجارەت يۈرگۈزىدىغان كىشى ئىدى. سەرمايىسى 20 مىليۇندىن ئاشاتتى. شىڭ شىسەي مال- مۈلكىنى تالان- تاراج قىلىپ، ئۆزىنى قەتلى قىلغاندا 65ياشلاردا ئىدى.

سۇپۇرگى ھاجىم: بۇ زاتمۇ خوتەندىكى نامدار سودىگەر بايلاردىن ئىدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئاساسلىق تىجارەت سەپەر نىشانى قىلغان

بولۇپ، سەرمايىسى 60 مىليون يۈەندىن كەم ئەمەس ئىدى. 1928- يىلى ۋاپات بولغان.

قادىراخۇن باي: بۇ زات خوتەن گازۇن كەنتلىك كىشى بولۇپ، ئۆزى سەپەرگە چىقمايتتى. ئىچكىرى ۋە چەتئەللەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن تاۋارلارنى سېتىۋېلىپ خوتەننىڭ ناھىيە، يېزا- بازارلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ زور پايدا كۆرگەن. 1928- يىللىرىدىن باشلاپ پىلە ئېلىپ مەشۇت تارتقۇزۇپ ھىندىستان تەرەپلەرگە مال ماڭدۇرغان. ماخۇسەن خوتەندە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە «فىنمىن گوڭچاڭ» ناملىق بىر كارخانا ماڭدۇرغان. قادىراخۇن باي بۇ كارخانىغا چاڭجاڭ بولدى. شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئۇ كىشىنى 60 يېشىدا قولغا ئېلىپ، ئالتە مىليون يۈەن مىقداردىكى سەرمايىسىنى تالان- تاراج قىلدى.

ساۋۇر ھاجىم شاڭزۇڭ: بۇ زات 1910- يىللىرىدىن ئېتىۋارەن ئەنجان سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن ئىدى. كېيىن قەشقەردىكى «سەپسىن تۇرك» شىركىتى بىلەن سودا ماڭغۇزغان ۋە ئۇلارغا شاڭزۇڭ (سودىگەرلەر باشلىقى) بولغان. 55 ياشلىرىدا (1933- يىللىرى) چەتكە چىقىپ كەتكەن. سەرمايىسى 10مىليونچە بار ئىدى.

ئابدۇراخمان خەلچە ھاجىم: بۇ زات ھىندىستانچى سودىگەرلەر تەركىبىگە مەنسۇپ كىشى ئىدى. ئۆزىنىڭ 100 ئېتى بار ئىدى. ھەر يىلى ئىككى قېتىم ھىندىستانغا مال يۆتكەپ، مال كەلتۈرەتتى. تەخمىنەن 15 مىليون يۈەن سەرمايىسى بار ئىدى. 1933- يىلى خوتەن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ، شىڭ شىسەي قولغا ئېلىپ كۆزدىن يوقاتقان ۋە مۈلكى- بىساتىنى مۇسادىرە قىلغان ئىدى.

## خوتەن يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چارۋىدارلار

مەتقاسىم ھاجىم: بۇ زات خوتەن توساللا كەنتلىك كىشى بولۇپ 5000 چارۋىسى، نۇرغۇن يەر- زېمىنى بار باي ئىدى. 1929- يىلى ۋاپات بولدى.

خېلىل ئاخۇن ھاجىم: بۇ زاتمۇ خوتەن توساللا كەنتلىك كىشى ئىدى. چارۋا- ماللىرى 2000 دىن ئاشاتتى. 1953- يىلى 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مەترۇزاخۇن ھاجىم: بۇ زاتمۇ توساللا كەنتىدىن بولۇپ 1200 چارۋىسى بار زېمىندار باي ئىدى. 1953- يىلى 70 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئايۇپ ھاجىم: بۇ زات خوتەننىڭ گۇجان كەنتىدىن بولۇپ، 3000 چارۋىسى، نۇرغۇن باغ- يېرى بار كىشى ئىدى. 1951- يىلى 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مەھەممەتئابلا بەگ ھاجىم: بۇ زات خوتەن بورزان بوۋا قەمبەر كەنتلىك كىشى بولۇپ، 1700 چارۋىسى بار ئىدى.

تۇرسۇننىياز ھاجىم: بۇ زاتمۇ خوتەن بورزان كەنتلىك كىشى بولۇپ 800 چارۋىسى بار ئىدى. 1933- يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان.

قۇربانىياز ھاجىم گوش: بۇ زات خوتەن تامباغ كەنتىدىن بولۇپ، چارۋىسىنىڭ سانى مىڭدىن ئاشاتتى. ئۇ 1940- يىلى 70 يېشىدا ۋاپات بولغان.

قۇربانىياز ھاجىم ئورۇس: بۇ زات خوتەننىڭ توساللا كەنتىدىن ئىدى. چارۋىسى 3000 دىن ئاشىدىغان، يەر- زېمىنى كۆپ نامدار باي ئىدى. 1937- يىلى 68 يېشىدا ۋاپات بولغان.

جامالىدىن ھاجىم: بۇ زاتنىڭ مىڭدىن ئارتۇق چارۋىسى، نۇرغۇن

يېرى بار ئىدى. 1951- يىلى 72 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئەخمەت ئاخۇن: خوتەنلىك بۇ چارۋىدارنىڭ 800 دىن ئارتۇق چارۋىسى بار ئىدى. 1953- يىلى 70 يېشىدا ۋاپات بولدى.

مىزىرەپ باي: بۇ زات خوتەن لاسكۇيىدىن بولۇپ چارۋا سانى 1200دىن ئاشاتتى، زېمىندار باي ئىدى.

يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغانلار پەقەت خوتەن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا- كەنتلەردە ياشاپ ئۆتكەن چارۋىدارلار بولۇپ، تاغ- يايلاقلاردا مەخسۇس چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئەينى چاغدىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى، تۇرمۇش ئىستىمالى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، تېخىمۇ مۇھىمى تېرە- يۇڭ، ئۆچكە، گىلەم، چەكمەن... ئىشلەش قاتارلىق قول ھۈنەر كەسىپىگىمۇ زور تۈرتكە بولغان. بۇ تۈرتكە ئاخىرقى ھېسابتا خوتەننىڭ ئەينى زاماندىكى سودا- تىجارەت، ئوبوروت ساھەسىنى جانلاندۇرغان ۋە بىز يۇقىرىدا نامىنى زىكىر قىلىپ ئۆتكەن ھىندىستانچى، تاشكەنتچى، شەمەيچى، كۆلى- شاڭخەيچى سودىگەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى- مەۋجۇتلىقىنى مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن ئامىل ئىدى...

نادىرخان ھاجى ئابدۇۋەلى

# خوتەننىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت ئەھۋالدىن بىلىدىغانلىرىم

خوتەن خەلقى ئەزەلدىن تارتىپ خۇشخۇي، چاقچاقچى بولۇپ، ئويۇن- تاماشاغا ئامراق، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ياخشى كۆرىدىغان، سەنئەت سۆيەر خەلق. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يەرلىك خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سازچى، ناخشىچى، قوشاقچى، لەتىپىچى، چاقچاقچىلار بىلەن داڭ چىقارغان. خوتەن- ھەربىر ئەسىردە ئۆز قوينىدا ئەنە شۇنداق سەنئەت خۇمارلارنى يېتىشتۈرۈپ، خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا، ئېغىر مېھنىتىگە ئارام بېرىپ، زالىملارنى مەسخىرە قىلىپ، خەلق سۆيەر كىشىلەرنى مەدھىيەلەپ كەلگەن. شۇ كىشىلەردىن خەلق ئىچىدە ئابروي قازانغان، كىشىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغان پېشقەدەم سەنئەتكارلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز. ئۇلار ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان داڭلىق «ئون ئىككى مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى خەلق ئىچىگە كەڭ تاراتقان. ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، شۇنداقلا خوتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرگە قەدەر ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچىلار

قادىرىم: بۇ كىشى كېرىيەدىن بولۇپ، ساتار بىلەن مۇقام ئوقۇيدىغان مەشھۇر زات.

شىرىپ بەگ: بۇ كىشى ھەم كېرىيەدىن بولۇپ، داڭلىق مۇقامچى، داپ، دۇتار قاتارلىق سازلارغا ئۇستا.

تاراخۇن: بۇ زات ھەم كېرىيەدىن بولۇپ، ئۇستا ساتارچى، مۇقامچى.

1938- يىلى ھاكىم ئەمەتجان مەخسۇم خوتەن ۋىلايىتىدىن كېرىيەگە بارغان ئۇيغۇر ئويۇشما سانائەتپەسە ئارتىسلىرى ۋە مۇزىكانتلىرىغا يۇقىرىقى ئۇستازلار باشچىلىقىدىكى سەككىز نەپەر كىشىنى مۇقام چېلىپ بېرىشكە تەشكىللىگەن. شۇ نەق مەيداندا مەن (نادىرخان) بار ئىدىم. بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن مۇزىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئون ئىككى مۇقامدىن ئىنتايىن تەسىرلىك ئارىيە ئورۇنداپ بەرگەن.

سۇلايمان ئاخۇن: داڭلىق مۇقام ئۇستازى بولۇپ چىرىلىق، مەشھۇر قالۇنچى، ساتارچى ھەم مۇقامچى، شۇ چاغلاردابۇ كىشىنىڭ يېشى 70لەردە بولۇپ، ئۇستىسى يار كەنتلىك زاتكەن. بۇ ئۇستىنى ياقۇپ بەدۆلەت ئۆزبېكىستاندىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ۋە يەكەندە مۇقام كۇرسى ئېچىپ، بۇ كۇرۇستا ئاقسۇ، كۇچار، قەشقەر، خوتەن، كېرىيە، چىرىلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، شۇ زاتنى مۇقام ئۆگىتىشكە ئۇستاز قىلغان. بۇ زات داڭلىق قالۇنچى، ئۇستا مۇقامچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆگەتكەن. ئۆگىنەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆك تاياقنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ياتقۇزۇپ قورساق قىسمىغا ئۇرىدىكەن.

مۇشۇنداق ئۇرۇشتا ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار قورقۇپ، قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ مۇقاملارنى ئىگەللىگەن. بۇ سۆزلەرنى -- ۋەقەلىكنى بىۋاستە ئۆز بېشىدىن كۆچۈرگەن ئۇستازىم سۇلايمان ئاخۇن ماڭا (نادىرخانغا) ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن.

سۇلايمان ئاخۇن ئۇستاز ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇن ئىككى مۇقامنى تولۇق چېلىپ، خەلق ئارىسىدا كۆپ ئابروي قازانغان. خوتەننىڭ سەنئەت خىزمىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. سۇلايمان ئاخۇن ئۇستازنىڭ قالۇن بىلەن ئورۇنلىغان «پەنجىگاھ مۇقامى»نى تا ھازىرغىچە ئاپتونوم رايۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئاڭلىتىدۇ.

بۇلبۇل ئاخۇن: خوتەن ناھىيەسىنىڭ لايقا يېزىسىدىن بولۇپ، مەشھۇر بالىمانچى ھەم سۇنايچى ئىدى.

توختاخۇن قالۇنچى: قالۇن بىلەن مۇقام چېلىشتا داڭلىق كىشى بولغاچقا «قالۇنچى» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئىسمىغا ئايلانغان.

ساۋۇت خان: بۇ كىشى قاراقاشلىق ئاتاقلىق مۇقامچى ھاشىم ھاجىمنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرىدە كامالەتكە يەتكەن. ئۇستا سىرنكچى، دارۋاز، مەشھۇر ساتارچى.

ئايىم خان ھاجىم: بۇ زاتمۇ ھاشىم ھاجىمنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ، ئاياللار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تالانتلىق، كامالەتكە يەتكەن ئۇستا مۇقامچى ۋە ئۇستا تەمبۇرچى.

تۇرسۇن ئاخۇن سائەتچى: كېرىيەدىن بولۇپ، سائەتچىلىك ۋە مەش ياسايدىغان ھۈنىرى بار. ئۇندىن باشقا ئۇستا مەشرەپ مۇقامچىسى ھەم تالانتلىق تەمبۇرچى ئىدى. خەلق ئىچىدە مەشرەپچى دەپ داڭ چىقارغان.

يۈسۈپ شاھ ئاكام: ئاتاقلىق مۇقام سۇنايچىسى بولۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسىدىن.

1925- يىللىرى خوتەن كونشەھەردە پىل- پىل دەپ ئاتىلىدىغان 20مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ مۇنار بار ئىدى. بۇ كىشى مانا مۇشۇ ياغاچ مۇنار ئۈستىدە رامىزان كۈنلىرى بىر ئاي سەھەردە زوھورغا، كەچتە ئىپتارغا سۇناي چېلىپ «مۇشاۋرەك» بىلەن «ئۆزھال مۇقامى»نى ئورۇنلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت كىشى سەككىز ناغرا چالاتتى. بىر چوڭ بوم ناغرىنى بىر كىشى چالاتتى. سۇناي باشلامچى بولۇپ مۇقامنى باشلىسا، باشقىلار تەڭكەش بولاتتى. يەنە بۇلارغا ئىككى چوڭ مىس كاناي قوشۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە خوتەن شەھرىنى داغدۇغا قاپلاپ، كىشىلەرنى خوشاللىققا چۆمدۈرەتتى. بۇ كىشىلەرنى مەن (نادىرخان) ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەم تونۇيمەن.

خوتەندە شۇ زامانلاردا بار بولغان سازلار ۋە يۇقىرىقى مۇقامچى ئۇستازلارنىڭ چالغان سازلىرى تۆۋەندىكىچە:

ھەشتەر -- بۇ ساتاردىن بۇرۇنقى ساز بولۇپ، ساتاردىن قىسقا، كىچىك يەتتە سىملىق قەدىمي ساز.

ساتار -- ھەشتەردىن كېيىن ياسالغان ساز بولۇپ، ھەشتەرنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى، 12سىملىق ساز.

تەمبۇر -- بەش سىملىق ساز بولۇپ، بۇنى «تارىخىي مۇسقىيۇن» دېگەن كىتاپتا 17ئۇستازنىڭ بىرسى بولغان سۇلتان شەيخى بەسرى دېگەن كىشى ئىجاد قىلغان دەپ سۆزلەيدۇ. سۇلتانى شەيخى بەسرى- بەسرىلىك زات بولۇپ، تەمبۇرنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ،

كابۇلدىكى شاھلار بەزمىسىدە «چۆل ئىراق» مۇقامىغا چالىدۇ. سازنىڭ كىشىنى مەس قىلىدىغان يېقىملىق ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەن بۇلبۇل ئۆزىنى تەمبۇرنىڭ دەستىسىگە ئۇرۇپ ئۆلىدۇ. بۇ زاتنىڭ ئالدىغا بۇلبۇلنىڭ ئۆلىكى چۈشكەندە ئۆزىمۇ بىھوش بولۇپ، شۇ بىھوشلۇقتا ئالەمدىن ئۆتىدۇ دېيىلىدۇ.

بالىمان -- بۇ، قومۇش پىپى بولۇپ، نەيدىن بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان.

نەي -- ئەرەپچە «بايادەك» دېيىلىدۇ.

سۇناي -- ئەڭ بۇرۇنقى جەڭ مەيدانلىرىدا ئىشلەتكەن قەدىمكى مۇزىكا.

قالۇن -- كۆپ سىملىق ساز.

چاڭ -- قالۇندىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

دۇتار -- بۇ پارسچە «ئىككى تارلىق ساز» دېگەن سۆز.

غىجەك -- بۇمۇ ساتاردىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

راۋاپ -- قەدىمكى قويچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. راۋاپ ئۈچ خىل بولىدۇ: ئۆزبېك راۋاپ، مىللىي راۋاپ، قويچى راۋاپ.

خۇشتار -- بۇ ساز ساتارنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى.

داپ -- داپمۇ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: مۇزىكا ۋە داپ ئۇسۇل دېيى، كىچىك داپ، پىرىخونلارنىڭ چوڭ دېپى.

قوشۇق -- جۈپ ياغاچ قوشۇق بولۇپ، قەدىمي سازلار ئىچىدە بار.

ناغرا -- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەڭلەردە، ھېيت، بايراملاردا، توي-تۆكۈنلەردە سەنئەت ئىشلىرىدا چالىدىغان مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ بىرى.

چوڭ مىس كاناي — بۇ قەدىمكى ساز بولۇپ، جەڭ مەيدانلىرىدا، ھېيت كۈنلىرىدە، رامزان كۈنلىرىدە سۇناي، ناغرا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چېلىپ ھەشەمەت پەيدا قىلاتتى.

1937- يىلغىچە خوتەندە ئوينىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىدىن تۆۋەندىكى بىر نەچچىسىنى تىپىك قىلىپ كۆرستىمىز:

«قىرىق بىر يالغان».

«ئەمەت بىلەن نەمەت (چېلىش ئۇسۇلى)». بۇنىڭدا بىر ئادەم ئىككى كىشىنىڭ شەكلىدە كىيىم كىيىپ چېلىشىدۇ.

«ئۇغۇل بالا چاققان». بۇ ئويۇندا ئىككى جۈپ ئولتۇرۇپ بىرسى سۆزلەيدۇ، بىرسى ھەركىتىنى كۆرستىدۇ.

«چىلىم ئۇسۇلى». بۇ ئۇسۇل چوڭ ئولتۇرۇشلاردا ئوينىلىدۇ. ئاساسەن قىز- يىگىتلەر بىر- بىرسىگە نەزمە بىلەن چىلىم تۇتۇشۇپ ئوينايدىغان ئۇسۇل بولۇپ، لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا كۆپ ئوينالغان بولۇپ بۇلار: تۇغۇت ئۇسۇلى، بوۋا ئۇسۇلى، چىراغ ئۇسۇلى قاتارلىقلار بار ئىدى. مەسىلەن، توكۇر باخشىم ئۇسسۇلى- بۇ داڭلىق ئۇسسۇل بولۇپ، ئىنتايىن قىزىقارلىق، بەزى كىشىلەر دەپ يۈرىدىغان «توكۇرغا ئۇسۇلنىڭ نىمە ئىشى» دېگەن سۆزلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. قىزىقارلىق ئۇسۇل ھەركەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىپ، خوشاللىق، كۈلكە بېغىشلايدۇ.

«داستىخان ئەھۋالىدىن ھۆكۈم» (ئوچاق مەملىكىتىدە پىشقان تاماقلار. كۈلكىلىك ئوخشىتىشلار، قىزىق لەتىپىلەر ئارقىلىق داستىخان مەيدانىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، كىشىلەرگە شادلىق بېغىشلايدۇ.

قوناق ئاقلاش داۋامىدا ئېيتىلىدىغان چۆچەك ۋە ھېكايىلەر.

تىيى پادىشاھ ھېكايىلىرى.

«قويچى قوشاقلىرى».
«پىيالە ئۇسسۇلى».
«تەخسە ئۇسسۇلى».
ئۇنىڭدىن باشقا «ۋاتىرۋات»، «ئاللىمىدى ھە- ھە» قاتارلىق ئويۇنلارنىمۇ ئوينىغان. يوقىرقى ئويۇنلار تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىدە كۆچمە ئويۇن بولۇپ تارقىلىپ، تا ھازىرغىچە ئوينىلىپ كەلمەكتە.

1938- يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان سانايىنەپىسەنىڭ ئەھۋالى

1937- يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئويۇشما قۇرۇلدى. بۇ ئويۇشمىنىڭ تەركىبىدە تەشۋىقات بۆلۈمى بولغان. بۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە 1938- يىلى ھازىرقى چايخانا مەكتەپ ئورنىدا سانايىنەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلغان. بۇ ئۆمەكتە تۆت مۇزىكانت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر ئويۇشما تەرىپىدىن مائاش ئورنىغا بۇغداي بېرىلەتتى. باشقا ئون بەشتەك كىشىنى ياللاپ ئىشلىتىپ، ئۇلارغا ئويۇن قويغاندا چۈشكەن پۇلدىن پىرسەنت بويىچە ئىش ھەققى بېرەتتى. سانايىنەپىسەنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى قەھەرجان بولۇپ، تاشكەنتلىك ئۇستا ناخشىچى ئىدى. مۇزىكانتلاردىن تالىپ ئاخۇن قەشقەرلىك بولۇپ، ئۇستا ئىسكىرىپچى ئىدى. ئابدۇرېھىم لېتىپ قەشقەردىن بولۇپ، ئۇ كىشىمۇ ئىسكىرىپكا چالاتتى.

ئابلىز (قەشقەردىن) چاڭچى ئىدى. ئوبۇل قەشقەردىن) نەيچى ئىدى. مەن (نادىرخان) داپچى ئىدىم.

شۇ چاغدىكى ئارتىسلاردىن: قەھەرجان، جورىۋاي (تاشكەنتتىن كەلگەن ئۆزبېك)، ئابلىز ھاجى (قەشقەرلىك ناخشىچى)، زىيائىدىن

(ئۆزبېك ناخشىچى)، ئابدۇرۇپ (ئۆزبېك ناخشىچى)، روزى قارى (قەشقەردىن) ئارتىس، ماخمۇتجان (ئۆزبېك) رەسسام.

يوقىرقىلار ياللىغان ئارتىسلار بولۇپ، جەمئى 20كىشىدىن تەركىپ تاپقان سانايىنەپىسە گۇرۇپپىسى خوتەن خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرغان. ئۇلار تۇنجى بولۇپ «ئايخان» دىرامىسىنى ئوينىغان. بۇنىڭ دىكراتسىيەلىرىنى قەشقەردە سىزدۇرۇپ كېلىپ، ھازىرقى چايخانا مەكتەپ ئورنىدىكى باغدا ئوينىغان. شۇ ئويۇنغا قاتناشقانلاردىن ھازىر خوتەندە بار كىشلەر زىيائىدىن ۋە مەن (نادىرخان) بار.

تۇنجى مۇزىكا كۇرسىنىڭ ئېچىلىشى

1940- يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى چايخانا مەكتەپتە مۇزىكا كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تاشكەنتلىك ھاجى مۇھەممەت دېگەن كىشىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا خوتەن جىڭساجۇينىڭ كويەنى ئىدى. كۇرسقا ئون بەش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كۇرسىنىڭ مەسئۇللىقىغا مەن (نادىرخان) تەيىنلەندىم. كۇرس ۋاقتى ئۈچ ئاي بولۇپ، ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئىسكىرىپكا دەرسىنى ھاجى مۇھەممەت ئۆتكەن. مەن (نادىرخان) بىلەن ھوشۇر ئەيسا ئۆگەنگەن. نەي — دىمىن ئىمىن. (خوتەندىن) ئۆگەنگەن. چاڭ — ماخمۇتجان. (قاغىلىقتىن) ئۆگەنگەن. تەمبۇر — تۇرسۇن توختى. (خوتەندىن) ئۆگەنگەن. داپ — ئابدۇقادىر غوجى (خوتەندىن) ئۆگەنگەن. ھەممىسىنى ھاجى مۇھەممەت ئۆگەتكەن.

ئۈچ ئاي توشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان يوقىرىقى بەش كىشى تاللاپ ئېلىندى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما سانايىنەپىسەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.شۇ

چاغلاردا مەن چايخانا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلسام، كەچتە مۇزىكا كۇرسىدا ئوقۇغۇچى بولدۇم.

1941- يىلدىن ئارتىپ خوتەن ئۇيغۇر ئويۇشما سانايىنەپىسە تەرىپىدىن سەھنىدە بەزى دراما، ئوپېرا ۋە كومېدىيىلەر ئوينالدى. بۇ ئويۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1) «چىمەنگۈل ئوپېراسى» (چايخانا مەكتەپ كۇلۇبىدا ئوينالغان).

2) «قانلىق داغ ئوپېراسى» (بۇمۇ چايخانا مەكتەپ كۇلۇبىدا ئوينالغان).

3) «رابىيە- سەئىدىن ئوپېراسى» (1943- يىلى خوتەن كۇلۇبىدا ئوينالغان).

1943- يىلى خوتەن قورچاق جىڭساجۇي ئۆز ئالدىغا سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «غېرىپ- سەنەم» ئوپېراسىنى جىڭساجۇيدە ئوينىغان. ئۇنىڭدىن باشقا جىڭساجۇي سەنئەت گۇرۇپپىسى 1944- يىلى «لەيلى- مەجنۇن» ئوپېراسىنى ۋە «غېرىپ- سەنەم» ئوپېراسىنى خوتەن خەلق كۇلۇبىدا ۋە قاراقاشتا ئوينىغان. 1945- يىلى ئۇيغۇر ئويۇشما سانايىنەپىسە «پەرھات- شىرىن»نى تەييارلاپ، خەلق كۇلۇبىدا ئوينىغان. يەنە «تاھىر- زۆھرا»، «ھارۋا باسقان» قاتارلىقلارنى، 1946- يىلى «ئارشىن مال ئالان»، «ئوينىغاننىڭ دەردى شۇ»، «سامساق ئاكاڭ قايتايدۇ» قاتارلىقلارنى ئويناپ، خوتەن خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېگە بولغان ۋە خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغان.

بۇ سەنئەت گۇرۇپپىسىغا ئەييۇك باشچىلىقىدىكى بىر قانچە ئارتىس ۋە ئارتىسكىلارنى، مۇزىكانتلارنى، داۋېيەنلەرنى قاتناشتۇردى. ئارتىسلارنى ھەممىسى كويەنلەر، مۇزىكانتلار غولجىا، قەشقەردىن كەلگەن كويەنلەر بولۇپ، ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ۋە ناخشىچىلار كويەن ۋە باشلىقلارنىڭ

ئاياللىرى ئىدى.رېژىسسور- نۇرزات بولۇپ، خوتەن دوختۇرخانىدىن ئىدى. ئۆزى ئۇستا ئىسكىرىپكىچى، مەن (نادىرخان) ساز باشلىقى، ئىسكىرىپكىچى ئىدىم. غولجا، قەشقەردىن كەلگەن ئالتە كويەن چاڭچى، تەمبۇرچى، دۇتار، داپچى ئىدى. شۇ چاغدا دەسلەپتە ئۇلار «غېرىپ-سەنەم»نى ئوينىغان. روللاردا:

سەنەم- ھاۋا ساقى، ئەييۇڭنىڭ ئايالى.

غېرىپ- ئابلىمىت سوجاك.

شاھى ئابباس- ئابدۇرېھىم سوجاك (قەشقەردىن).

ئاغىچى ئانا- ھەدىيە ماموت، تۇرسۇن قادىر ئايالى.

ئابدۇللا شاتىرى- تۇرسۇن قادىر (كۇچاردىن)، سوجاك.

ياش كېنىزەك- ساكخان، كويەن، تەرجىماننىڭ ئايالى.

گۇلچېھرى- ئەنبەرنىسا، قەشقەرلىك كويەننىڭ ئايالى.

دىكراتۇر- چېك جۇگيەن، نادىرخان.

چىراقچى- چېك جۇگيەن.

1942- يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر ئويۇشما سانايىنەپىسە تەرەققىي قىلىپ ئارتىس، ئارتىسكىلارنىڭ سەۋىيەسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. بولۇپمۇ داڭلىق خەلق قىزىقچىسى، مەشھۇر ئارتىس ئەمەت ئۆمەر ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ خوتەنگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەننىڭ سەنئەت ئىشلىرى جانلىنىپ، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىدى. 1942- يىلدىن كېيىن سانايىنەپىسە باشلىقى ئەمەت ئۆمەر بولدى. ئابدۇقادىر تۇردى ھاجىم تەشۋىقات مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇزىكانتلاردىن مەن (نادىرخان)، ھوشۇر ئەيسا، مەترۇزى مۇسا، ئابدۇقادىر روزى (نەيچى، چىرىدىن)، مەخمۇتجان (چاڭچى، قاغىلىقتىن)، ئابدۇقادىر غوجا (داپچى،

خوتەنــدىن)، تۇرسـۇنتوختى (تەمبـۇرچى) قاتـارلىقلار بـار ئىـدى. ئارتىسلاردىن: ھاۋاخان (ھوشۇر نىياز شىياۋجاڭنىڭ ئايالى، ئۈرۈمچىـدىن). ئەيسا ياسىن (كورلىدىن بولۇپ، تاھىر رولىنى ئالغـان). سـاھىپجامالخان (خوتەن بولـۇپ، 1946- يىلـدىن باشـلاپ شـىرىن رولىنـى ئالغـان). تۇنىساخان (ئارتىسكا، ئۇسۇلچى)، خەيرىنىساخان، ھەبىبىخان، پاتەم باقى قاتارلىق ئارتىسلار ھەرخىل تۇسالغۇلارنى يېڭىپ، كۈرەش جەريانىدا ئالغا باستى.

ئەمەت ئۆمەر توغرىسىدا

ئەمەت ئۆمەر قەشقەر كونىشەھەر قورغاندىن بولۇپ، دادىسى ئۆمەر ئاخۇن خەلپىتىم باللارغـا دىنىـي بىلىـم ئۆگـىتىش بىـلەن ھايـاتىنى ئاخىرلاشـتۇرغان. ئەمەت ئۆمەرمـۇ دەسـلەپتە دادىسـىغا ھەمكارلىشـىپ خەلپەتلىك قىلغان. كېيىن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ئۈچ يىل ئوقۇغان. ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن 1939- يىلى 9- ئايـدا خـوتەن باشلانغۇچ مەكتەپكە (ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى) ئوقۇتقۇچى بولغان. 1943- يىلدىن 1947- يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما سانايىنەپىسـە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. بـۇ جەريانـدا ئەمەت ئۆمەر ئۆزىنىـڭ رول ئېلىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرسا، ئۆزىنىـڭ يۇمۇرلۇق سۆز- ھەركەتلىرى بىلەن ئەكسىيەتچى كـۈچلەرنى قـامچىلاپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. مەسىلەن: ئەمەت ئۆمەر سانايىنەپىسـەنى باشقۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئورۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە بـاش رول ئېلىپ، ئۆزىنىـڭ تـالانتىنى نامـايەن قىلـدى. يەنـى «شـاڭخەي كېچىسى» درامىسىدا ياپون قوماندانىنىڭ رولىنى، «پەرھات- شـىرىن»دا پادىشاھ رولىنى، «قانلىق داغ»دا لوزۇڭ رولىنى، «غېرىپ- سـەنەم»دە

جۇنەيدىل باغدادى رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان.

ئەممەت ئۆمەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋېتىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئېلىنغان ئەسەرنى سەھنىلەشتۇرۇپ، ئۆزى ياپون ئوفىتسېرىنىڭ رولىنى ئېلىپ گىرىم قىلغان. دەل شۇ چاغدا ئويۇندا ئىشلەتكىلى رەسمىي مىلتىق لازىم بولۇپ قېلىپ، ئەممەت ئۆمەر ۋەلىسىپىت مىنىپ بېرىپ گۇڭئەنجۈيدىن ئەكەلمەكچى بولغان. ئۇ گۇڭئەنجۈيگە كىرگەندە، پوستىكى ئەسكەرلەر بۇ ھەيۋەتلىك ياپون ئوفىتسېرىنى كۆرۈپ دەرھال دىققەتتە تۇرۇپ چاس بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن. ئۇ گۇڭئەنجۈي باشلىقى ئەييۇڭغا: «سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار دوست- دۈشمەننى بىلمەيدىكەن. ماڭا قاراپلا ياپون ئوفىتسېرى كەپتۇ دەپ چاس بەردى. سىلەرنىڭ تەربىيەلىگەن ئەسكىرىڭلار شۇمۇ» دەپ زاڭلىق قىلغان. يەنە بىر كۈنى 38- تۈەن (شىڭنىڭ خوتەندىكى پولكى) نىڭ بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى ئۇيغۇر ئويۇنىمىسىدا ئىشلەيدىغان بىر كىچىك كاتىپ بالىنى پۇلۇمنى بەرمىدىڭ دەپ ئۇرۇۋاتقاندا، ئەممەت ئۆمەر كېلىپ قالىدۇ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ بۇ ئەسكەرنى راسا دۇمبالايدۇ ۋە يەنە «بۇنىدىن كېيىن مۇشۇ بالىدا قىمار ئويناپ ئۇتتۇۋالغان پۇلۇم بار دەپ ئېغىزىڭدىن چىقىرىدىكەنسەن، مېنىڭ تايىقىمدىن قۇتۇلالمايسەن» دەپ قورقۇتقان. ئەتىسى قولىنى خام بىلەن شىرداپ تېڭىپ 38- تۈەننىڭ تۈەنجاڭىغا «سىزنىڭ بىر ئەسكىرىڭىز بىر كىچىك بالىنى قىماردا ئۇتتۇۋالغان پۇلۇمنى بەرمىدىڭ دەپ ئۇرۇۋاتقان ئىكەن، ئاجرىتىپ قوياي دەپ بارسام، مېنىمۇ ئۇرۇپ قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتتى» دەپ ئەرز قىلىدۇ ۋە يالغان سۇنۇقنى تۈەنجاڭغا كۆرسىتىدۇ. تۈەنجاڭ شۇ ئەسكەرنى تونۇمسەن دەپ سورىغاندا، تونۇيمەن دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. تۈەنجاڭ ھەممە ئەسكەرلەرنى سەپ قىلىپ

شۇ ئەسكەرنى تاپقىن دەيدۇ. ئەمەت ئۆمەر ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئالدىنقى كۈنى ئۆزى ئۇرغان ئەسكەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرنىڭ مەن ئۇنى ئۇرمىدىم، ئۇ مېنى ئۇردى دېگىنىگە قارىماي، ياتقۇزۇپ ئەللىك كالتەك ئۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ ئەنتىنى ئەنە شۇنداق ئېلىپ بېرىدۇ.

---

نادىرخان 1923- يىلى خوتەن شەھرىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ئابدۇۋېلى ھاجىم ھاياتىنى تېۋىپلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

نادىرخان 1938- يىلىغىچە دىنىي مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1939- يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە بىر يىل ئوقۇپ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، چايخانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1941- يىلى خوتەندە ئېچىلغان تۇنجى مۇزىكا كۇرسىنىڭ مۇدىرى ھەم ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۈچ ئايلىق مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسىنى ئەلا دەرىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ۋىلايەتلىك سانايىنەپىسەنىڭ مۇزىكانتى، قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1945- يىلى ئۆلكىلىك سانائەت مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى بولغۇچە، بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. 1945- يىلىدىن كېيىن يەنە چايخانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1947- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرى ئىمتىھان بېرىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا بارغان ۋە ئىككى يېرىم يىل ئوقۇپ بولغاندا، ئانىسىنىڭ كېسىلى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى تۈگەتمەيلا قايتىپ كېلىپ يەنە سانايىنەپىسەدە ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن «يېڭى قاشتېشى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى» دە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەمتىمىن توختى، ئابدۇقادىر مۇھەممىدى
دۆلەت بېگىم، ئابابەكرى تۇرسۇن (ۋاڭ شىڭزى)

# ماخوسەن خوتەندە

## 1. ماخوسەننىڭ خوتەنگە كېلىشى

1934- يىلى يازدا ماخوسەن قوشۇنلىرى، شىڭشىسەي قوشۇنلىرى، خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ماموت سىجاڭ قاتارلىقلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا سۈرۈلۈپ، 6- ئاينىڭ 23- كۈنى خوتەن رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ مەزگىل خوتەندە 1933- يىلى 2- ئاينىڭ 17- كۈنى (سەيشەنبە) مەمتىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا قوزغالغان «ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى» ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ تۇرغىنىغا بىر يىل بەش ئايدەك ۋاقىت بولغان چاغ بولۇپ، بۇ جەريانىدا قوزغىلاڭچىلار يەركەن، قەشقەرگە قەدەر يۈرۈش قىلىپ، يەرلىك ھاكىمىيەت كۈچلىرى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى چۇلاق زىخۇي قوشۇنى ۋە خوجانىياز ھاجى، تۆمۈر سىلىڭ، ئوسمان قىرغىز، ماجۇڭيىڭ قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، بەزى مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، خوتەنگە يېغىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىماقچى بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى.

ماخوسەن قوشۇنلىرى 1934- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە كېلىپ، مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئەسكەرلىرى

بىلەن بىر كۆن جەڭ قىلىپ، ئاخىرى پەقەت چوماق، نەيزە، كالتەك بىلەن قوراللانغان مەمتىمىن ھەزرەت ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، كەچ تەرەپتە خوتەن شەھەر ئىچىگە كىرىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت زاۋىيدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خوتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ 500دەك ئەسكىرى بىلەن ھازىرقى لاڭرۇ گۇڭشېنىڭ پوپونا دېگەن يېرىگە قېچىپ كېتىدۇ (بۇ يەر قاراقاش دەرياسىنىڭ بويى بولۇپ، ئېگىز تاغلىق ئىدى). لېكىن، بۇ يەردە يەنىلا ماخوسەننىڭ قوغلاپ چىققان ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت ئەسكەرلىرى بىلەن دەريا بويىدىكى تىك چوققىدا يول تاپالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئاخىرى ئەسكەرلىرى قاراقاش دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، قارشى قىرغاققا ئۆتۈشكە بەل باغلايدۇ. مانا شۇ ھالقىلىق پەيتتە يول باشلىغۇچى كېلىپ، مەمتىمىن ھەزرەتنى چېقىل بىلەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى دەرياغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كالتەك- چوماق بىلەن قوراللانغان مەمتىمىن بۇغرا ئەسكەرلىرى شۇ چاغلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زامانىۋى بولغان مىلتىق، پىلىمۇتلار بىلەن قوراللانغان ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ- دە، «ئىسلامىيە ھاكىمىيىتى» ئاغدۇرۇلۇپ، ماخوسەن ھاكىمىيىتى تىكلىنىدۇ.

## 2. ماخوسەننىڭ خوتەندىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى

خوتەن رايونى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا ھىندىقۇش تاغلىرى ئارقىلىق ھىندىستان، كەشمىر بىلەن، شەرقتە شىزاڭ، چىڭخەي بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

خوتەن رايونى پۈتۈنلەي ماخوسەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندە، بۇ

زېمىن قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەن قاتارلىق توققۇز ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (نىيا ئۇ چاغدا ناھىيە بولمىسىمۇ، ھازىرقى ناھىيە بويىچە ئېلىندى). ماخوسەننىڭ ئاپالى شۇ چاغدىكى شىنجاڭدا ھۆكۈمران بولغان ماجۇڭيىڭنىڭ سىڭلىسى بولغاچقا، ماخوسەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ماخوسەن خوتەنگە كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا كەينى- كەينىدىن يەتتە لۈي ئەسكىرى كېلىدۇ. ئۇ خوتەندىكى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قاغىلىقتىن چەرچەنگىچە ئۆزىنىڭ ئەسكىرى قىسمىنى تۇرغۇزىدۇ. خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ- سەيسىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ. شۇنداقلا خوتەن رايونىدا ھەربىي جەھەتتىن سەككىز باشقارما قۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بېكىتىدۇ. بۇ سەككىز باشقارما تۆۋەندىكىچە:

1) ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى.
2) ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى.
3) ھەربىي قانۇن باشقارمىسى.
4) مەھرەملەر باشقارمىسى.
5) سىياسىي تەلىم باشقارمىسى.
6) ھەربىي ئات- ئۇلاغ باشقارمىسى.
7) ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى.
8) مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى.

ماخوسەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ھەربىي تۈزۈمنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھاكىيەتنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكىرىي قىسمى ئىچىدە: پىيادىلەر قىسمى، توپچىلار قىسمى، مىلتىق قىسمى، ساقچى قىسمى، ئاتلىق قىسمى، قىلىچ- نەيزە

قىسمى قاتارلىق مۇنتىزىم قىسىملىرى بار ئىدى. خوتەن شەھەر ئىچىدە بولسا، ئاساسلىق قىسمىنى تۇرغۇزغان ئىدى. قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، لوپ ھەم كېرىيەدە بىر لۈيدىن ئىككى لۈيگىچە ئەسكەر تۇرغۇزغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىر لۈي ئىككى تۈەن، ئىككى يىڭ، ئالتە لىيەن ئىدى. بىر لىيەندە ئىشچى- خىزمەتچىلىرى بولۇپ 150 ئەسكىرى بار ئىدى. بىر لۈيدە 1200 دەك ئەسكەر بار بولۇپ، خوتەن رايونىدا ماخوسەننىڭ جەمئى 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىري بار ئىدى.

ماخوسەننىڭ ئەسكەر تۇتۇش تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، بۇ خوتەن خەلقىغە بىر بالايى- ئاپەت ئىدى. ئۇ ئۈچ ئوغلى بار ئائىلىدىن بىردىن ئوغۇلنى ئەسكەرلىككە تۇتاتتى. بەرمىگەنلەرنى ئۇرۇپ، ئېسىپ، بۇلاپ- تالاپ ئۆلتۈرەتتى. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىچە پاجىئەلىك بىر ۋەقە بولغان: قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋىدىكى جالالىدىن غوجام دېگەن كىشىنىڭ 20ياشلىق ئوغلى ئەبەيدۇللا غوجامنى ئەسكەرلىككە تۇتماقچى بولىدۇ. جالالىدىن غوجام ماخوسەننىڭ ئەمەلدارلىرىغا يالۋۇرۇپ «قانچىلىك مال- دۇنيا دېسەڭلارمۇ بەرسەم، بالامنى ئەسكەرلىككە تۇتمىساڭلار» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەمەلدار 15چارەك ئالتۇن تەلەپ قىلىدۇ. جالالىدىن غوجام 15چارەك ئالتۇننى تۆلەيدۇ. لېكىن، بۇ ئەمەلدار ئالتۇننى ئېلىپ بولۇپلا ئەبەيدۇللا غوجامنى نەق مەيداندا دادىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1936- يىلى يازدا ماخوسەننىڭ ئون ئەسكىرى تاغ تەرەپكە قاچقاندا، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ خوتەننىڭ سوچاڭ دېگەن يېرىدە پۈتۈن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ ئون ئەسكەرنىڭ پېشانىسىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ يۈزىگە، بۇرنىنى كېسىپ ئېڭىكىگە، قۇلىقىنى كېسىپ يۈزىگە، ئەمچىكىنى كېسىپ قورسىقىغا ساڭگىلىتىپ قويۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇنداق پاجىئەلەرنى كۆرگەن خەلق ماخوسەنگە

بولغان نەپرىتىنى باسالماي، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم قوزغىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ماخوسەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۈچ يېرىم يىل ئىچىدە بۇ ھەركەتلەر مەغلۇپ بولغان.

ماخوسەن ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. يەنى شۇ چاغلاردا مېلىك ھەزرەت (مەتنىياز ئەلەم) خوتەننىڭ دوتىيى (ۋالىيسى) ئىدى. ھەربىي ئىچىدىن چىققان چىڭ سىلىڭ مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئىشنى شۇ باشقۇراتتى. ھەرقايسى ناھىيەلەردە ئامبال (ھاكىم، شەنجاڭ) تۇرغۇزغان بولۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇللا قارى ئىدى. ھاكىمنىڭ ئاستىدا بەگ (رايون دەرىجىلىك)، يۈز بېشى (دوغا بەگ)، ئون بېشى، چوقا بېشى (يۈز مو يەردە بىر چوقا بېشى بولاتتى) قاتارلىقلار ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. ماخوسەن ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاغلاردا خوتەن ناھىيەسىدە توققۇز بەگلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنىشى ۋە مەسئۇل بولغان بەگلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىلچى بەگلىكى (بىغچىن دەپمۇ ئاتىلاتتى). بۇ يەرنىڭ بېگى ئىبراھىمجان بەگ (ئىبراھىمجان شالتاق) بىلەن بەردى بەگ ئىدى.

2) يۇقارقى توساللا بېگى: ئېلى بەگ لاتا بىلەن نەجمىدىن بەگ ئىدى.

3) تۆۋەن توساللا بېگى: مەھەممەت ھاجى بەگ بىلەن مەتتۇرسۇن مېلىك ھاجىم ئىدى.

4) يۇقارقى بورزان بېگى: مەھەممەت سىدىق قازى بەگ بىلەن ئەخمەتتوختى بەگ ئىدى.

5) تۆۋەن بورزان بېگى: نىياز ھاجىم بەگ بىلەن ئىمىن بەگ ھاجى ئىدى.

6) يۇقارقى سۇپا بېگى: ئابدۇكېرىم ھاجى بىلەن ئوبۇلقاسىم بەگ ئىدى (ئوبۇلقاسىم بەگ ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، 72ياش ئەتراپىدا)

7) تۆۋەن سۇپا بېگى: سادىر بېگىم بىلەن يەھيا بەگ ئىدى.

8) يېڭىئاۋات بېگى: توختى ئاخۇنۇم بىلەن سەيدى بەگ ئىدى.

9) تاغ رايونى بېگى: مىرزا كېرىم بەگ بىلەن غوجىئەخمەت بەگ ئىدى. يوقىرىقى بەگلەرنىڭ بىر قىسمى بىر قارار خەنزۇچە ئوقۇپ، كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن بەگلىككە تەيىنلەنگەنلەر بولۇپ، يەنە بىر قىسمى «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بەگلىكتە قالغانلار ئىدى. بۇ بەگلەرنىڭ مائاشى چوزا پۇلى بولۇپ (يەر ساتقاندا ئالىدىغان شېرىنكا پۇلى)، يۈز بېشىمۇ شۇ پۇلدىن تەمىنلىنەتتى.

ماخوسەن يوقىرقىدەك ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ئارقىلىق، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە ئالتۇن، كۈمۈش (يامبۇ) توپلايتتى. ئەسكەرلىرى مۇداپىيە كۆرۈشتىن باشقا يەنە ئىچكى جەھەتتە قوزغىلىشلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئالۋاڭ- سەيسە يىغىشقا مەسئۇل بولاتتى. يەنە بىر ليەن ئەسكەر كېرىيە تاغلىرىدىن مەخسۇس ئالتۇن كولايتتى. خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ- سەيسىنى كۈندىن- كۈنگە ئېغىرلاشتۇراتتى. بۇنىڭغا قارشى چىققان خەلقنى ئېسىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى.

ماخوسەننىڭ زۇلۇمىغا قارشى باتۇر خوتەن خەلقى كۆپ قېتىم قوزغالغان بولسىمۇ، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا يېڭىلدى. يەنى قاراقغۇ تاغ ۋەقەسى بىلەن تەۋەككۇل ۋەقەسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ (بۇلار ئۆز بابىدا سۆزلىنىدۇ).

ماخوسەن خوتەندە ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۆز ئالىدىغا پۇل ياساپ تارقاتتى. بۇ پۇللاردىن: خام قەغەزدە ئىشلەنگەن توپىشا قەغىزى، خاپيو

(قەشقەر تىزىسى)، يۈپيو (خەسگە باسقان پۇل يەنى خام تىزا) قاتارلىقلار بار ئىدى. بەزى چاغلاردا كونا داچەن پۇلنىمۇ خەجلەيتتى.

## 3. ئالۋاڭ – سەيسى

ماخوسەن دەۋرىدە خوتەن خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ- سەيسە ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 40 خىلدىن ئاشاتتى. ھەر كۈنلىكى بىر قانچە ئادەم ئالۋاڭ- ياساق دەرىدىدىن ئېسىپ ئۆرۈلۈپ، جېنىدىن ئايرىلاتتى. ماخوسەن خوتەندىكى 90%تىن ئارتۇق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقنى دەھشەتلىك ئىزىپلا قالماستىن، بەلكى تاغ جىلغىلىرىدا، يىراق يايلاقلاردا ياشايدىغان چارۋىچى خەلقلەرنىمۇ زۇلۇم سېلىپ قاقشىتاتتى.

ماخوسەننىڭ خوتەن رايونىدىكى 13مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەكى ۋە ئات- ئۇلاغلىرىنىڭ يېمىلىكىنى شۇنداقلا ماخوسەننىڭ ئالتۇن، كۈمۈش (يامبۇ) ئالۋاڭلىرىنى خوتەن خەلقى تەل قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ سېلىقلىرى ئىچىدە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن پىت سېلىقمۇ بار ئىدى. خەلق ئۈستىدىكى سېلىقلارنىڭ بەزىسى كۈندىلىك، بەزىسى ھەپتىلىك ۋە بەزىسى قەرەلسىز بولۇپ، خەلقنى ئۆي- ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى ئالۋاڭ- سېلىقلارنى كۆرۈپ باقايلى:

1) غەللە (يەرگە قويۇلغان ئاساسلىق باج).

2) ئۆشرە (مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىدىكى ئونىنىڭ بىرىنى بېرىش).

3) دەن ئاشلىقى (بىر دەن ئون چارەك).

4) چۆرىمە ئاشلىق (بوغازغا كېلىدىغان ئاشلىق).

5) ھەر مو يەرگە كەلگەن بۇغداي، قۇناق، گۈرۈچ، ئارپا

(ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن).
6) كېپەك (ئات بېقىش ئۈچۈن).
7) ئوتۇن، سامان، پىچان (ئىسسىنىش ۋە ئات- ئۇلاغلار ئۈچۈن).
8) ئالتۇن، كۈمۈش (يامبۇ).
9) خام، چەكمەن، پاختا يىپ (كىيىم كېچەكلىرى ئۈچۈن).
10) خۇرۇم، چەم، كۆن، تېرە (ئاياغلىرى، ئات جابدۇقلىرى ئۈچۈن).
11) يۇڭ، يۇڭ يىپ (يوتقان، كۆرپە، گىلەم ھەم ياتاق خورجۇنى ئۈچۈن).
12) تۆمۈر، مىس، چۆيۈن، قوغۇشۇن، قەلەي، تۇج، پولات (ئاتلىرى ئۈچۈن يۆگەن، تاقا، قېلىچ، كوكەر، مىشەك، بومبا ياساش ئۈچۈن).
13) ئارغامچا (ئادەم باغلاش، ئاتلىرىنى باغلاش ئۈچۈن).
14) تاغار، چوڭ- كىچىك خورجۇن (ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق توشۇش، ئاتلىرىغا سامان، پىچان توشۇش).
15) چىنە، قاچا، لىگەن پەتنۇس، چەينەك، چۆمۈچ، مەش، تۇگرا، ئاياق- قۇشۇق، كاساڭ قاتارلىقلار.
16) كالا، تۆگە (تايلاق)، ئات، قوي (يېيىش ھەم مىنىش ئۈچۈن).
17) توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، باچكا (تامىقى ئۈچۈن).
18) توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر تۇخۇمى (يېيىش ئۈچۈن).
19) ئىگەر، يۆگەن، ئۈزەڭگۈ، نوختا، پۇشتان (ئاتلىرىنى جابدۇشقا).
20) ئايالللارنىڭ چېچى كىرپە (ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن).

21) جىگدە، ئۈرۈك يىلمى (ئاياغ تىكىش ئۈچۈن).
22) قاشتېشى (نەپىس بۇيۇملار ياساشقا).
23) داۋغان تېرىسى (چاپانلىرىغا ياقىلىق قىلىش ئۈچۈن).
24) تۈلكە تېرىسى (چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۈچۈن).
25) پاي پۇلى (تەنزە پۇلى).

ماخوسەن يوقىرىقىدەك ئالۋاڭلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتۇپ، مەجبۇرىي ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خەلقنى ئازاپلايتتى. قارشىلىق قىلغانلارنى ئېسىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. ھۈنەرۋەنلەر بۇنداق زۇلۇمدىن بىزار بولۇپ، «ئۆز ھۈنىرىمىز ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولدى» دېيىشەتتى. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەن خەلق يۇرت- ماكانىدىن، بالا- چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇشاتتى. مانا مۇشۇنداق ئازاپلارنى تارتقان ھۈنەر ئىگىلىرى 40خىلدىن ئاشاتتى. يەنى: ياغاچچى، سەيفۇڭ، تامچى- سۇۋاقچى، كىگىزچى، جۇۋىچى، مۇزدوز، جۇۋازچى، تۆمۈرچى، گىلەمچى، ساتىراچ، ئاشپەز، ناۋاي، خامچى (چەكمەنچى)، مىسكەرچى، بۇياقچى، تورچى (يوتقان- كۆرپە تورى ئەتكۈچى)، ئاتقۇچى (پاختا ئاتقۇچى)، يىپچى، ئاياقچى (تاماق يەيدىغان ياغاچ قاچا)، بورىچى (قومۇشتا توقۇلىدۇ)، كۆن ساندۇقچى، تاغار- خورجۇنچى، تۇماقچى، ئىگەچى، زەرگەر، سۆەتچى، مۆلە- توقۇمچى، زەيچى، ئەلگەكچى، شاخاچى (سوپۇن قۇيىدىغان ئادەم)، قەغەزچى، نوختىچى (ئات- ئۇلاغلارنىڭ بېشىنى باغلاش ئۈچۈن)، ياڭلوچى (مەشچى)، قازانچى (بومبا قۇيۇش ئۈچۈن)، تاشچى، تۈگمەنچى، تۇزچى، خەيجاڭ، بۆتچى (شايى، ئەتلەس توقۇيدۇ)، سارات (ئىگە- جابدۇق ئەتكۈچى) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ كىشىلەرنى تۇتۇپ مەجبۇرىي ئىشلىتىشنىڭ سىرتىدا، يەنە خىلمۇ- خىل ئۇسۇللار بىلەن ئادەم تۇتۇپ

ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا سېلىپ ھايۋان قاتارىدا خورلايتتى. يوقىرىقىدەك ئالۋاڭ- سەيسىنىڭ كۆپلىكىدىن ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلسا، قىزلار ئوتۇن- سامان توشۇيتتى. ئاياللار ئىش- ئەمگەك بىلەن بولۇپ، مەھسۇلات ئالالمايتتى. شۇڭا ماخۇسەن ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دەۋرلەردە يەيدىغان نەرسە يوق، كۈنجىرىنى نان ئورنىدا يېگەن. بۇ زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق قوزغىلىپ قارشىلىقمۇ كۆرسەتكەن. لېكىن ماخۇسەن تەرىپىدىن پاجىئەلىك باستۇرۇلغان. مەسىلەن: 1935- يىلى يازدا قاراڭغۇ تاغ خەلقى ماخۇسەننىڭ ئالۋاڭ- سېلىقىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. ھەتتا قاراڭغۇ تاغ كۆۋرۈكىنى ئېلىۋېتىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئالۋاڭ- سېلىق تۆلىمەي كەلگەنلىكى ئۈچۈن ماخۇسەن غەزەپلىنىپ، ما لۇيجاڭ (خۇيزۇ) باشچىلىقىدا 180ئەسكەر چىقارتىپ قاراڭغۇ تاغ خەلقىنى قانلىق باستۇرغان. ئۇلار 188نەپەر ئادەمنى نەق مەيداندا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، 16مىڭ 500قوي، 3500قوتاز، 680ئات، 1500ئېشەكنى بۇلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ «كۆتۈرەلمەسەڭ، ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ھىلىگەرلىك قىلىپ خەلقنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىپ، قاقتى- سوقتى قىلىپ، خەلقنى قىينايدۇ. مەسىلەن: خېلىل ئاخۇن ھاجى («ئىسلام ھۆكۈمىتى» ۋاقتىدا توساللا بېگى ئىدى) قاراڭغۇ تاغقا بېرىپ خەلققە: «سىلەر ماڭا 500سەر ئالتۇن بەرسەڭلار، مەن سىلەرنى ماخۇسەننىڭ ئالۋاڭ- سېلىقىنى تۆلىمىدى دەپ ئازاپلايدىغان قىيناشلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قويىمەن» دەپ گوللىغان، شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ تاغنىڭ پېشى دېگەن يېرىدىن ئىدرىس ھاجىم چوناقنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت مۇسا 500سەر ئالتۇن بەرگەن. لېكىن، بۇ ئالدامچى خۇمپەر بۇ ئالتۇننى ماخۇسەنگە بەرمەي ئۆزى ئېلىۋالغان. بۇنى ئۇققان ماخۇسەن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ،

قاراقغۇ تاغ خەلقىگە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، تېخىمۇ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە قاراقغۇ تاغ خەلقىنىڭ تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىپ يۈرگەن تۆۋەندىكى قوشاقلىرى ماخوسەننىڭ زۇلمىنىڭ ئېنىق دەلىلى:

*ئازنە- شەنبە كۈنلەردە،*
*دۈشمەن ئالدىدا كىم كەلدى؟*
*ئەل نامازدا تۇرغاندا،*
*قىبلە تامدىن ئوق كەلدى.*
*خوتەندىن چىققان ئون كىشى،*
*دەيبياۋتۇ① دەپ ئات قويدى.*
*بەش پاشا②نىڭ مەنزىلىگە،*
*تۇڭگان گۈيلار ئوت قويدى.*
*ئوينىغان گۈي، كۈلگەن گۈي،*
*ۋەدىسى يالغان تۇڭگان گۈي.*
*ئاللا- ئاللا ئەرباللا،*
*باغلاپ كەتتى تۇڭگانلار.*
*نېسىغا③چىققان ئەر لۈيجاڭ،*
*پېشىغا④چىققان ما لۈيجاڭ.*
*ئاق تۇزسۇننى تۇتۇپ كەلدى،*
*يېڭى شەھەرلىك سەنمۇجاڭ⑤.*
*بۇ يىل يامغۇر بەك ياغدى،*
*لەيلەڭ بولدى داۋانلار.*
*ئۆز ئېرىدىن ئايرىلىپ،*

*ۋەيران بولدى جۇۋانلار.*
*قاراڭغۇ تاغنىڭ ئىچىدە،*
*قۇمۇش بىلەن تارىشا.*
*بىزگە بولدى نەسىھەت،*
*تاغدىن چىقماس بولدى پادىشا.*

بۇنىداق قوشاقلار ئىنتايىن كۆپ، قوشاقلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، خەلق ئۆزىنىڭ غەزەپ- نەپرىتىنى باسالماي ماخوسەنىڭ باستۇرۇشىغا، بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشىغا نارازى بولۇپ قەتئىي قارشىلاشقان. ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، زۇلۇم ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمىگەن.

① ۋەكىل بېشى. ② بەش پاشا. -- تاراجىم، مەمتىلى ھاجىم، ئاق تۇرسۇن موللام، ئاق سەيدى، مۇھەممەت سەيدى.③، ④ نېيىسى، پېشى: قاراڭغۇ تاغدىكى كەنتلەرنىڭ ئىسىملىرى. ⑤ قاراقاشلىق مېلىك ھەزرىتىمنىڭ سەنمۇجاڭى نۇراخۇن.

## 4. قاراڭغۇ تاغ خەلقىنىڭ ماخوسەنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

قاراڭغۇ تاغ خوتەن ناھىيەسىگە تەۋە تاغ بولۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، 136 ئائىلىلىك چارۋىچى ئورۇنلاشقان جاي (شۇ چاغدىكى سان). بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى يورۇڭقاش دەرياسىدىن كۆلا كۆۋرۈك ئارقىلىق، پىشە، بۇيا ۋە خوتەنگە كېلىدىغان يول بىلەن تۇتاشقان. شىمال تەرىپىدە كوئىنلۇن تاغ تىزمىسى، جەنۇپ

تەرىپىدە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى، شەرق تەرىپىدە مۇز تاغ، غەرپ تەرىپىدە يەنە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى بار. قاراڭغۇ تاغ خەلقى ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆتمۈشتە ئۇ يەردە خوتەننىڭكى بايلارنىڭمۇ، لوپنىڭكى بايلارنىڭمۇ يايلاقلىرى بار ئىدى.

1935- يىلى ماخوسەننىڭ ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىدىن قاراڭغۇ تاغ خەلقىگە گۆش ۋەزىپىسى قويۇپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ پەرماننى قاراڭغۇ تاغ مىڭبېگى خوجى ئەخمەت بەگ تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئوغلىنى بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا چىقىرىدۇ. بەگنىڭ ئوغلى مېنىڭ نېسىي قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلارنى يىغىپ 500 قوتاز، 1500 قوينىڭ ئالۋىڭىنى خەلققە چاچىدۇ ۋە بۇ چارۋىلارنى ئەتىسى چۈشكىچە يىغىپ ئەكىلىپ بەگكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. خەلق تۆت كۈندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. لېكىن بەگ ئوغلى بۇنى رەت قىلىدۇ. خەلق بىلەن بەگ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش يۈز بېرىش ئېھتىمالىغا ئىنتايىن يېقىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنى سەزگەن خەلق ئىچىدىكى ئاق تۇرسۇن موللا دېگەن كىشى بەگ قېشىغا بېرىپ، تاغنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەيدۇ ۋە ماللارنىڭ يايلاقتا ئىكەنلىكىنى، يايلاقتىن ئەكىلىش ئۈچۈن ئىككى- ئۈچ كۈن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ تۆت كۈندىن كېيىن يەتكۈزۈپ بېرەيلى، دېگەن گېپىنىڭ ئىنتايىن ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بەگنىڭ ئوغلى ئۇنىمای يەنە ئۆزىنى كۆرسىتىپ: «ھەي ئاق تۇرسۇن موللا، سەن مېنى بىلەمسەن؟ بىلمىسەڭ، بىلىپ قوي: مەن غوجەخمەت بەگنىڭ ئەركىن بالىسى بولىمەن. مەن ئەتە دېدىم، ئەتە بېرىسەن. ئەگەر ئەتە بەرمىسەڭ، قىيامەتنى شۇ چاغدا كۆرىسەن» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاقتۇرسۇن موللا دەر غەزەپ بولۇپ: «سېنى كىم بىلمەيدۇ، سەنمۇ مېنى تونۇپ قوي: مەن بولسام نېسىلىق ئاقتۇرسۇن

بولىمەن. سەن غوجەخمەت بەگنىڭ ئوغلىغۇ؟ داداڭ لوجىڭفانىڭ ۋاقتىدا يايلاقتىن باج ئالدى. ئىسلام بولغاندا سەن ئىمىر بولۇۋېلىپ، داداڭنى يۆگەپ قالدىڭ، يېڭىساردا ئىمىر سايىپنىڭ مۇھاپىزەت قىسمىدا ئىدىڭ. ماخوسەن بىلەن جەڭ قىلغاندا ئەسكەرلەرنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كەلدىڭ، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئىمىر سايىپ نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن شېھىت بولدى. نەتىجىدە، بىز خەلق زالىم ماخوسەنگە تۇتۇلدۇق. ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە بەگ بولۇۋېلىپ ماخوسەننىڭ دېپىنى چېلىپ، خەلق ئالۋاڭنى تۆت كۈندىن كېيىن بىرەيلى دېسە ئۇنىماي، بۈگۈن بىرىسەن دەپ قىستامسەن؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالىدۇ. تاغ خەلقى بەگ ئوغلىنى ئۇرۇپ بىر ئۆيگە قاماپ قويىدۇ. تاغ خەلقىنىڭ ئەلپازىدىن قورققان بەگنىڭ ئوغلى يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرىدۇ. ئاقتۇرسۇن موللا: «ساڭا جان لازىم بولسا تاغدىن ھازىر كەت، مېنىڭ ھەزرىتىم بىزنىڭ پادىشاھىمىز، سۆزىگە بوي سۇنىمىز، لېكىن، ماخوسەنگە بەيئەت قىلمايمىز» دەيدۇ ۋە بەگنىڭ ئوغلىنى ھەيدىۋېتىپ، ئاقتۇرسۇن موللا ئۆزىنى «تاغ پادىشاھى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداقلا تاغ تەۋەسىدىكى يالۋانلارنى يىغىپ ماخوسەن ئەسكىرى كېلىدىغان يولنى توسۇپ ياتىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل تاغ تۇمۇزى كېلىپ دەريادا سۇ ئۇلغىيىدىغان چاغ ئىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلار دەريادىكى كۆلا كۆۋرۈكنى ئېلىۋېتىدۇ.

ئاقتۇرسۇن موللىنىڭ بۇ ھەركەتلىرىنى بەگلەر خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى ئابلاجان قارىمغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئامبال بۇ ئەھۋالنى دوتەي مېنىڭ ھەزرەت بىلەن ماخوسەنگە يەتكۈزىدۇ. ماخوسەن بۇنى بىر ياقلىق قىلىشنى مېنىڭ ھەزرەتكە تاپشۇرىدۇ. ئۇ، لوپ ناھىيەسىدىكى ما لۈيجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاقتۇرسۇن موللىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشنى، ئەگەشكۈچىلىرىنى باستۇرۇشنى تاپىلايدۇ. بۇيرۇقنى ئالغان ما لۈيجاڭ

قىسملىرى بىر قانچە قېتىم بىرپىمۇ كۆلا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، دەريـادىن ئۆتەلمەي يېنىپ كېلىدۇ. بـۇ ئەھـۋال ئىككـى يىلـدەك داۋاملىشـىدۇ. ماخوسەن تاغ خەلقىدىن ھېچقانداق ئالـۋاڭ ئالالمايـدۇ. ماخوسـەن بـۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن قاتتىق غەزەپلەنسـە، يەنە بىـر تەرەپـتىن ھېيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق بىلەن تـۇزاق قـۇرۇپ، قولغـا چۈشۈرۈشـنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ تـاغ خەلقـى چوقۇنـىدىغان ئېلىيخـان ئىشاننى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئېلىيخـان ئىشـان خـوتەن ناھىيەسـىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىن بولۇپ، دائىم قاراڭغۇ تاغقا بېرىپ ئىشانلىق قىلىپ، مۇرۇت توپلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق كۆپ ئابروي تاپقـان. قـاراڭغۇ تـاغ، مىتىز، نىسە، ئەشپۇل، پىشە، بۇيا ئايماقلىرىدىكى خەلـق بـۇ ئىشـاننىڭ سۇپىلىرى ئىدى. شۇڭلاشقا مىلىك ھەزرەت قاراڭغۇ تاغقا ۋەكىـل بولـۇپ بارىدىغان بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ، شۇ گۇرۇپپىدىكى ۋەكىلـلەرگە ئېلىيخـان ئىشاننى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. بۇلار بېرىپ تاغ خەلقىگە خىـزمەت ئىشـلەپ تۇرغاندا، ئەر لۈيجاڭنى 180دەك ئەسكەر بىلەن يوشـۇرۇن ماڭدۇرىـدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلىل ئاخۇن ھاجى كۆپچىلىككە قاراپ: «بىز بۇيىغا كۈندۈزى بېرىپ قالساق، ئۇلار كۆرۈپ قېچىپ قالىدۇ، يېتىشىدىكىلەر قاراڭغۇ تاغقا خەۋەر قىلسا، قاراڭغۇ تاغلىقلار يەنە كۆلا كۆۋرۈكنى ئېلىۋەتسە، 14ئۇچـا (24مېتىر) كەڭلىكتىكى دەريادىن قانـداق ئۆتىمـىز؟» دەپ مەسـلىھەت بېرىدۇ. ئەر لۈيجاڭ قىسملىرى بۇ مەسلىھەت بـويىچە تېـرىم قىشـلاقتا قونماي مېڭىپ، يېرىم كېچىدىن كېيىن پىشىغا كېلىۋالىدۇ. ۋەكىللەر ئالدىدا ماڭىدۇ. ئەر لۈيجاڭ قىسملىرى كەينىدە مېڭىپ ئۇچرىغانلا يولـۇچىلارنى باغلىۋالىدۇ. ئېلىيخان ئىشان باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر قاراڭغۇ تاغقا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تاغ خەلقى ئېلىيخان ئىشانغا بەكمۇ چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنـىڭ

سۆزىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ «ماخوسەننىڭ ئەسكىرى كەلمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ، پوستىكىلەر پوستتا تۇرمايدۇ. خەلق بىخوتلىشىدۇ. شۇ كۈنى تاڭنىڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ «ماخوسەن ئەسكەرلىرى كەلدى» دېگەن چوقان كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئېلىيخان ئىشان باشلاپ ئوقۇغان بامدات نامىزىنىڭ ئۇزۇن سۈرە بىلەن باشلانغان پەرزى تۈگىمىگەنتى. ناماز ئوقۇۋاتقان 17ئادەم ئۆز ئورنىدىلا ئېتىپ تاشلىنىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى كۆۋرۈكتىن قانداق ئۆتتى؟ كۇلا كۆۋرۈك نىمە ئۈچۈن سېلىندى؟ ئەسلىي تاغلىقلار كۇلا كۆۋرۈكنى ئالاھىدە ئادەم قويۇپ ساقلاۋاتاتتى. بىراق بۇ چاغدا پېيشىلىق ئىشان نىياز ئاخۇننىڭ ئايالى توختىخان ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، نامازغا بارىدىغان خەلق كۇلا كۆۋرۈكنىڭ تاختايلىرىنى سېلىپ قويىدۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ماخوسەننىڭ ئەسكەر باشلىقى ئەر لۈيجاڭ 180 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كۇلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ناماز بامدات ئوقۇۋاتقان بىگۇناھ خەلقنى قانلىق باستۇرىدۇ. قاراڭغۇ تاغلىق تارى ھاجىم، مەمتىلى ھاجىم، مەتغازاخۇن، ئاق ئالىم ئاخۇن قاتارلىق چارۋىدارلاردىن 17كىشىنى يالىڭاچلاپ باغلاپ قويۇپ، 176ئادەمنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چېپىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان تارى ھاجىم، مەمتىلى ھاجىملارنىڭ ئىككى ئوغلى ئۆيدىكى مىلتىقنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يۈگرەيدۇ. لېكىن ئەر لۈيجاڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئىككى ئوغۇلنى تۇتۇپ، بورىغا يۆگەپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. چاۋىچىلارنىڭ بۇغدايلىرىغا ئوت قويىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ بۇغدايلىققا يوشۇرۇنۇۋالغان بەش نەپەر قىرى، ئاجىز كىشىلەرمۇ بۇغداي بىلەن بىللە كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇغدايلىققا يوشۇرۇپ قويغان ئىككى بۆشۈكتىكى ئىككى بوۋاقمۇ كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتۇپ

كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋېتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك 15مىڭ 500قوي، ئۈچ مىڭ 500قوتاز، 1500ئېشەك، 680ئات ۋە نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش (يامبۇ)لارنى بۇلاپ قاراڭغۇ تاغنى گۆرۈستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئاقتۇرسۇن موللا باشچىلىقىدىكى 18كىشىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ كىشىلەرنى پەيشەنبە كۈنلۈكتە ھازىرقى «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىنىڭ ئورنىدا پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ تاشلايدۇ. بۇلارنى چاپىدىغان چاغدا ماخوسەننىڭ ئاخۇنى ئاخۇن لۈيجاڭ بېشىغا سەللە ئوراپ يېنىغا تاپانچا ئېسىپ، بۇ 18كىشىنى يالىڭباشتاق قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، كونا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت پادىشاھلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە «ئۆلۈم» دېگەن تۆمۈر تامغىنى قىزىتىپ ئۇلارنىڭ گەدىنىگە يېقىپ، ئاندىن «سا» (بوغۇزلا) دېگەن پەرمان بىلەن تەڭلا چاپىدۇ. قاراڭغۇ تاغ خەلقىنىڭ ماخوسەننىڭ ئالۋاڭ- سەيسسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى گەرچە ئىككى يىلدىن ئارتۇق غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ، دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋالغان ئالدامچىلارنىڭ خائىنلىقى بىلەن ئاخىرى قانلىق باستۇرۇلىدۇ. لېكىن، قاراڭغۇ تاغ خەلقىنىڭ زالىملارنىڭ زۇلمىغا قارشى يۈرەك قېتىدىن چىققان قوشاقلىرى ھازىرغىچە خەلق قەلبىدە ساقلىنىپ، ماخوسەنگە بولغان چەكسىز غەزەپ- نەپرىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالماقتا.

## 5. تەۋەككۇل خەلقىنىڭ ماخوسەننىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

1935- يىلى 6- ئايلاردا ماخوسەننىڭ خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزىسىدا توققۇز نەپەر، ئىسلامئاۋاتتا يەتتە نەپەر ئەسكىرى بولۇپ، بۇلار

يورۇڭقاش دەرياسى ئېقىنىغا ئايرىپ تۇرغان تەۋەككۇل بىلەن ئىسلامئاۋاتتا ماخوسەننىڭ تۇرلۇك ئالۋاڭ- سەيسلىرىنى يىغىشتىن سىرت، تەۋەككۇل ئارقىلىق ئاقسۇ، كۇچارغا ھەم شىمالىي شىنجاڭغا بارىدىغان ۋە ئۇ يەردىن كېلىدىغانلارنى تۇتۇش، بۇلاش ئىشلىرىنى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ تەرەپلەردىن كېلىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قويغان ئەسكىرى كۆچى ئىدى. ئۇلار يەنە پۇقرالارغا دەن ئاشلىقى، ئوتۇن، سامان، پىچان قاتارلىق سېلىقلارنى سېلىپ، ۋاقتىدا بەرمىگەنلەرنى بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ، يېرىم جان قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماخوسەننىڭ چېرىكلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ خەلقنىڭ خوتۇن- باللىرىنى، قىزلىرىنى زورلۇق بىلەن ئاياغ- ئاستى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولاتتى. قورال كۈچى بىلەن ئاياللارغا زورلۇق ئىشلىتىپ بۇلاپ كېتەتتى. بۇنداق زوراۋانلىقلارنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىغان تەۋەككۇل دېھقانلىرى: «ماخوسەن ئەسكەرلىرى قاغىلىقنىڭ بۇ تەرىپىدىلا بارمىش، بۇلار ھۆكۈمەتمۇ ئەمەس ئوخشايدۇ» دېگەن گەپلەر بىلەن بىراقلا قوزغىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇلارنى يوقىتىۋەتسەك، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلغىلى بولغىدەك دېگەن خىيالغا كېلىدۇ- دە، ئەخمەت سەردار دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. ئەخمەت سەردار ئەسلىي قاراقاش ناھىيەسىدىن بولۇپ، ماخوسەننىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي تەۋەككۇلغا قېچىپ بارغان كىشى ئىدى. ئۇ تەۋەككۇلنىڭ دەرتمەنلىرىدىن ئېلى ھاجى، شاكىر كۆك، مۇھەممەت چاناق، ساۋۇر بوۋا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۈچرىشىپ پىلان تۈزۈپ، بۇلار باشچىلىقىدا جەمئىي 80نەچچە ئادەم قوزغىلىپ چىقىدۇ. بۇلار ئىچىدىن ئەخمەت سەردار «ئىمىن ھەزرىتىم»، شاكىر كۆك دېگەن كىشى «شاھ ماگىسۇر» بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئازنە

كېچىسى ماخوسەننىڭ ئازنە بازاردىكى ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ئىچىدىكى خەي فۇگۇەن، ما فۇگۇەن قاتارلىق داڭلىق جاللاتلارنى تاياق- توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. قالغان ئەسكەرلىرى پاتىپاراقلىشىپ تەرەپ- تەرەپلەرگە قاچىدۇ. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئازنە بازاردىكى ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بازىسىدا يېرىم كۈن تۇرۇپ، ئاندىن خوتەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرا لەڭگەرگە يېتىپ چىققاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىڭغا يېقىن دېھقان تەشكىللىنىپ ئەگىشىپ چىقىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئىسلامئاۋاتتىكى ماخوسەن ئەسكەرلىرىدىن لۇفۇگۇەن ئاتقا مىنىپ تېزدىن خوتەنگە چىقىپ ئاخۇن لۈيجاڭغا «تەۋەككۇلدا زىۋازا پەيدا بولدى» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋەككۇل تەرەپكە خوجانىياز ھاجى ئادەم باشلاپ چىقىپتۇ دەپ، ئەر لۈيجاڭنى بىر لۈي ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن تەۋەككۇلگە ماڭدۇرىدۇ. بۇلار خوتەندىن يولغا چىقىپ باش لەڭگەر دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، تەۋەككۇل تەرەپتىن چىققان قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئەر لۈيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنى ئوققا تۇتىدۇ. نەچچە ئونلىغان ئادەم ئۆلىدۇ. خەلق ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ. ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار گەرچە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قولىدا تاياق- توقماقتىن باشقا قورال بولمىغاچقا، مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ئەخمەت سەردار (سەردار —— 1933- يىلىدىكى «ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى»نىڭ روتا كوماندىرلىرىغا بېرىلگەن ھەربىي ئۇنۋان) بىر بۆلۈك ئادەملارنى باشلاپ دەريانى بويلاپ، جاڭگال يولى بىلەن ئاقسۇغا قېچىپ كېتىدۇ. يەنە بەزى قوزغىلاڭچىلار ئىككى- ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى توغراقلىق جاڭگاللارغا قېچىپ كېتىپ جان قۇتقۇزىدۇ. ماخوسەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ، ئالدىغا

ئۇچرىغانىنى ئېيتىپ- چىپىپ شۇ كۈنى كەچتە تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتقا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۈچ - تۆت كۈن «قەتلئىئام قىلىپ» — ئالدىغا ئۇچرىغانىنى ياش- قېرى دىمەي ئېيتىپ- چىپىپ قىرغىنچىلىق قىلدۇ. ھەتتا ئۆيمۇ- ئۆي ئاختۇرۇپ يوشۇرنۇالغانلارنىمۇ تۇتۇپ ئۆلتۈردۇ. يۇرت ئىچىدە ئانچە- مۇنچە نامى چىققان كىشىلەرنى تېپىپ كېلىپ ئېسىپ ئۆلتۈردۇ. ئۇلار ئېغىر تاياق زەربىسىگە چىدىماي، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى «زىۋازا» دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا تەۋەككۇلغا تارى بەگ دېگەن كىشى بەگ بولغان بولۇپ، ئۇ كىمنى كۆرسىتىپ بەرسە، شۇ كىشىنى «زىۋازا» دەپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى يېتىپ بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا تۇتۇلغان بىگۇنا ئادەملەردىن 35كىشىنى ئېلىپ چىقىپ، ئازنە بازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شورلۇقتا ئورا كولاپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردۇ. ئىتتىك قىلىچلاردا چېپىلغان ئادەملەر بىر ئىككى قىلىچ ئۇرۇش بىلەنلا ئۆلسىمۇ، گاھال قىلىچلاردا چېپىلغان كىشىلەر ئون نەچچە قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆلىدۇ. ئەتىسى يەنە ئادەم ئىزدەپ ھوك دېگەن يەرگە چىقىپ، ئىمىن ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدىن بىر خورجۇن ئاق تەڭگىنى بۇلاپ ماڭىدۇ. ئىمىن ھاجىم قارشىلىق كۆرسىتىپ توسقاندا، ئىمىن ھاجىمنى يەكشەنبە بازارغا ئېلىپ چىقىپ قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ.

تەۋەككۇل تەرەپتە 35ئادەمنى چاپقان كۈنى ئىسلامئاۋاتتىمۇ 34ئادەمنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردۇ. بۇ ئۆلگەن 34ئادەم ئىچىدىن مەتتوختى قوش دېگەن كىشى ئۆلمەي قېلىپ كېيىن قوپۇپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ كىشى شۇ قانلىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھايات ياشىماقتا. لېكىن ئۇنىڭ بوينى قىيسىق ساقايغانلىقتىن، ئۇنىڭ قوش دېگەن لەقىمى قىيسىققا ئۆزگىرىپ، كىشىلەر ئۇنى مەتتوختى قىيسىق دەپ ئاتىماقتا. يەنە

قاقشال دېگەن يەردىن بىر ئادەمنى چاپقاندا، ئايالى «ۋايجان»دەپ توۋلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايالنىمۇ چېپىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەتىسى يەنە ئازنە بازاردا قادىر يۈز بېشى، ئەخمەت چوقا دېگەن كىشىلەرنى «زىنۋازا» تۇتۇپ بەرمىدىڭ دېگەن بانا بىلەن ئازنە بازاردىكى ئادەم چاپقان شورلۇققا ئېلىپ چىقىپ قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى يېنىپ بېرىپ يەتتە كۈن ئۆتكەندە، يەنە شەھەر بويى دېگەن يەردە سەيدى ئاخۇن قاتارلىق توققۇز بىگۇنا كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن ماخمۇت ئاخۇن دېگەن كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ «زىنۋازا» تۇتۇپ بېرىسەن دەپ ئاتقا مىنگۈزۈپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەرياغا كەلگۈن بولغاچقا، ئەسكەرلەر سۇدىن ئورقۇپ ئۆتەلمەيدۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ماخمۇت ئاخۇن ئاتنى تاشلاپ ئۆزىنى سۇغا ئاتىدۇ. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئوق ئاتسىمۇ تەگمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ماخمۇت ئاخۇن ماخوسەن ئەسكەرلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ساق- سالامەت ئاقسۇغا بېرىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقاندا كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆي- ماكانلىرىنى تاشلاپ، دەشت- چۆللەرگە قېچىپ كېتىپ، بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن غەلۋە بېسىققاندا ئاندىن قايتىپ كېلىدۇ. تەۋەككۈل ۋە ئىسلامئاۋاتتىكى قىرغىنچىلىقتا بۇ ئىككى كەنتتىن جەمئىي 200دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلىدۇ. كېيىن خوتەندىن ئاخۇن لۈيجاڭ بىلەن مەمتىلى داموللام دېگەنلەر تەۋەككۈلگە بېرىپ ئادەم تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى توختاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن لۈيجاڭى سا لۈيجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن تەۋەككۈلدا داۋاملىق ئەسكەر تۇتۇشقا قالدۇرىدۇ. سا لۈيجاڭ تەۋەككۈلدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ئۇرۇپ قىينىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسكەرلىرى ئۆز باشلىقلىرىدىن تۆت ئادەمنى ئېتىپ

ئۆلتۈرۈپ، ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ.

ئەمدى ماخوسەننىڭ تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتا تۇتقان ئادەملىرىگە كېلەيلى: ماخوسەن قوشۇنلىرى تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتىكى خەلقنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا ئەگەشكەن، ئەگەشمىگەن خەلقتىن بولۇپ بىر بۆلۈك ئادەملەرنى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ، پىيادە ھەيدەپ خوتەنگە ئېلىپ چىقىدۇ. ھەتتا لوپ ناھىيەسىدىن تەۋەككۇلغا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىمۇ تۇتۇپ بىرگە ھەيدەپ چىقىدۇ. بۇلارنى بىر نەچچە كۈن ھەرخىل ئازاپلار بىلەن قىيناپ، سوراق قىلىپ ئاخىرى بىر شەنبە كۈنىدە (خوتەن كونىشەھەردە شەنبە كۈنى بازار بولاتتى) چۈشتىن كېيىن بازار قىزىغان ۋاقىتدا سۇ دەرۋازىسىدىكى قارا سۇ تۈگمەن يېنىدىكى تۈزلەڭ يەرگە (بۇ يەر ئەسلىي قىغ دۆۋىلەنگەن يەر ئىدى) تەۋەككۇلدىن تۇتقان ۋە يولدىن ئۆتكۈچى يولۇچىلاردىن بولۇپ 36نەپەر كىشىنى ئالتىدىن سەپ قىلىپ تىزىپ چىقىدۇ. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالتە كىشىنىڭ بۇرنىدىن سىم بىلەن تېشىپ ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. ئىككىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ قۇلىقىدىن سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. ئۈچىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ دولىسىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. تۆتىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئالقىنىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ چاتىدۇ. بەشىنچى، ئالتىنچى قاتاردىكى ئالتىدىن 12ئادەمنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ سىم بىلەن ئوراپ باغلايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يالاڭباشتاق قىلىپ يۈكۈندۈرگۈزۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاندىن 18نەپەر جاللات يەڭلىرىنى تۈرۈپ قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ ھەر بىرىنىڭ بېشىدا ئۈچتىن تىزىلىپ قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرىدۇ.

بىزنى مۇشۇ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن يولداشلاردىن مەمتىمىن توختى مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇشۇ پاجىئە يۈز بەرگەندە 16ياشقا كىرگەن

ئىدىم. ئۇ چاغدا ماخوسەنگە «گاۋا» لىقىا تۇتۇلۇپ قىلىشتىن قورقۇپ، ماخوسەن ئاچقان خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. شەنبە كۈنى بازارغا چىقىپ بۇ پاجىئەنى كۆرۈش ئۈچۈن مەن مەمەت رەجەپ قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن شۇ مەيداندىكى بىر تۈپ سۆگەتكە چىقىۋېلىپ ھەممە ئەھۋالنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغانىدۇق. خەلق پۈتۈن ئەتراپنى ئورىۋالغان ئىدى. ئاخۇن لۈيجاڭ قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قىسقىغىنە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. ئاندىن بىر پۈشتەك چالغانتى، جاللاتلار تەڭلا قىلىچ سېلىپ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بىر ئادەم قىلىچ تېگىش بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپ ئاندىن يىقىلدى. يەنە بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىپ ئاندىن يىقىلدى، بۇلارغا يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جاللاتلار ئىككىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئارقىسىدا تىزىلىپ تۇردى. يەنە بىر پۈشتەك بىلەن بۇلارنىڭ ھەم كاللىسى ئېلىندى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 36ئادەمنىڭ بېشى كېسىلدى. پۈتۈن خەلقنىڭ كۆزى ياش يۇقى بولۇپ، چەكسىز ئازاپلىنىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا جازا مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چوڭ يولدا بىر ئايالنىڭ ئاللا- چوقان كۆتۈرۈپ يىغا- زارە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر بۇ ئايالنى ئورىۋېلىشتى. ئۇ ئاق كىيىم كەيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بولۇپ، چاچلىرىنى چوۋۇپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاپ دات- پەريات قىلىپ يىغلايتتى. بىر نەچچە ئاياللار ئۇنى قۇچاقلاپ يۆلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يىغا- زارىدىن پۈتۈن خەلق چىداپ تۇرالماي ياش تۆكتى. ئەسلى بۇ ئايال لوپنىڭ جىيا يېزىسىدىن بولۇپ، 19ياشلىق ئوغلى ئېشەك ھەيدەپ تەۋەككۇلغا كېتىۋاتقاندا، تەۋەككۇلدىن تۇتقان خەلقنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىنىمۇ قوشۇپ

باغلاپ ئېلىپ چىقىپ، جازا مەيدانىدا ئىككىنچى قاتاردىكى ئالتە ئادەمنىڭ بىرسى بولۇپ بېشى ئېلىنغان ئىكەن. بۇ كۈنلەر 1936- يىلىنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، دەل- دەرەخلەر ئەمدىلا كۆكەرگەنىدى. 36ئادەمنىڭ بېشى كېسىلىپ ئارىدىن بىرەر سائەتمۇ ئۆتمەيلا شەرق تەرەپتىن ھاۋا بۇزۇلۇپ ئالەمنى سېرىق توپا باستى. كىشىلەر مانا بۇ ناھەق قان تۆكۈلگەنىنىڭ ئالامىتى دېيىشىپ، ئۆلۈكلەرنى يۆتكەشكە كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئاغىنىلىرىم بىلەن قايتىپ كەتتىم».

دېمەك، تەۋەككۇل، ئىسلامىئاۋاتتىكى ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى خەلقنىڭ ماخوسەننىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلىشى ئەنە شۇنداق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى.

ماخوسەن خوتەنگە كېلىپ توپتوغرا ئۈچ يېرىم يىل تەييارلىق قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچلىرىنى سەككىز لۈيگە يەتكۈزۈپ، شىڭ شىسەيگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. لېكىن قەشقەرگە ئەڭ دەسلەپتە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن يازى لۈيجاڭ ماخوسەندىن يۈز ئۆرۈپ، شىڭ شىسەيگە مايىل بولدى. ماخوسەن ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال قەشقەردىن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، يازى لۈيجاڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىدىن مۇداپىيە كۆرۈش ئۈچۈن چولاق زىخۇينى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن بەي سەنمۇجاڭنى يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن خوتەنگە ماڭدۇردى. ئۇ بەي سەنمۇجاڭ ئارقىلىق خوتەندە قالغان ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى قاچىلىقتا ئەكەلدۇرۇپ، ھىندىستانغا قاچتى. چېگرادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا بەي سەنمۇجاڭنى ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنىمۇ ماخوسەن ئۆزى ئېلىۋالدى. لېكىن ماخوسەن ھىندىستانغا چىققاندىن كېيىن، بۇ دۇنيالارنى ھىندىستان ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىۋالدى. ماخوسەن قېچىش بىلەن، ئۇنىڭ

ئەسكەرلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ تەرەپ- تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ.

## 6. ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاخىرقى زوراۋانلىقى ۋە مەغلۇبىيىتى

1937- يىلى 10- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشتە خوتەن ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز قوش قاناتلىق، كۆك رەڭلىك ئۈچ ئايرۇپىلان پەيدا بولىدۇ. ئايرۇپىلانلار پەسلەپ ئۈچۈپ شەھەرنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئېگىزلەپ ماخوسەن ئەسكەرلىرى جايلاشقان سېپىل ئىچىگە بىر قانچە بومبا تاشلاپ، يەنە بىر مۇنچە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى چېچىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ. شەھەردىكى خەلق قاچ- قاچ بولۇشقا باشلايدۇ. تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تىرىۋېلىپ كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: «ماخوسەن ئەسكەرلىرىنى ئۆيىۈڭلاردا ساقلىماڭلار، نەرسە- كېرەك بەرمەڭلار ھەم ساتماڭلار، ئۇلارنى يوشۇرماڭلار، ئۇلارنى يوشۇرغان، ئۆيىدە ساقلىغان، ئوزۇق- تۈلۈك، نەرسە- كېرەك بىلەن تەمىنلىگەن ۋە يول كۆرسىتىپ ياردەملەشكەنلەرنى قاتتىق جازالايمىز، پاش قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن ۋە كۆرسىتىپ بىزگە ياردەم قىلغانلارنى مۇكاپاتلايمىز» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، دۇبەن شىڭ شىسەي، رەئىس خوجا نىياز ھاجى دەپ مىق مەتبەئەدە بېسىلغان ئىكەن. ماخوسەننىڭ زۇلمىدىن قاتتىق بىزار بولغان خوتەن خەلقى بۇنىڭدىن ناھايىتى خوشال بولۇپ، ماخوسەننىڭ تېزرەك يوقىلىشىنى تىلەيدۇ. شۇ كۈنى كەچتە يېڭىشەھەرگە ئوت قويىدىكەن دېگەن گەپلەر تارقىلىدۇ. راست دېگەندەك تېخى قاراڭغۇ چۈشمەيلا يېڭىشەھەر ھاۋا بوشلۇقىنى قارا تۈتەكلەر قاپلاپ، قىپقىزىل ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. سېپىل

ئىچىدىكى پېشقەدەملەردە ئىدارە۔ جەمئىيەتتىن باشقا، خەلقلەر ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سودا۔ دوكانلىرى، ئاشپۇزۇل، ناۋايخانىلار كۆپ ئىدى. بۇ ئوت ئۈچ كۈندىن كۆپرەك كۆيۈپ، شەھەر ئىچى تامامەن كۆلگە ئايلىنىپ تۈپتۈز بولۇپ كېتىدۇ. پەقەت شەرق تەرەپتىكى ئاشلىق ئامبىرى بىلەن سېپىل تاملا قالىدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەر شەھەرگە ئوت كېتىشى ھامان، شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئېلىپ تالان۔ تاراج قىلىشقا باشلايدۇ. شەھەر مانا مۇشۇنداق قالايمىقانلاشقىلى تۇرغاندا، دىنىي مەھكىمە ئاخۇنلىرىدىن مۇھەممەت شېرىپ مۇپتى، ھوشۇر نىياز مۇپتى، نىياز قارىم قاتارلىق بىر نەچچە ئاخۇنلار شەرقىي «تۆمۈر دەرۋازا» ئالدىغا چىقىپ خەلققە: «باشقا نەرسە ئالساڭلار مەيلى، ئاشلىققا تەگمەڭلار، ئاشلىقنى مەھكەم ساقلايلى، يېڭى كېلىدىغان ھوكۇمەتنىڭمۇ ئەسكىرى بار، ئۇلارغىمۇ ئاشلىق لازىم، بىز سىلەرگە دۇئا قىلىپ رەھمەت ئوقۇيلى. ساڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ساڭنى مۇھاپىزەت قىلايلى» دەپ نەسىھەت قىلىپ، ئاشلىق ئېلىپ چىققانلارنىڭ ئاشلىقنى قايتۇرۋالىدۇ. شۇچاغدىكى خەنزۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن مەمتىمىن توختى، ۋاڭ شىڭزى (ئابابەكرى تۇرسۇن)، مەمەت رەجەپ، ئەمەت ئاخۇن ھاجى، زىكرۇللا، رەھىم، ھەسەننىياز قاتارلىقلارمۇ مەكتەپتىن بەرگەن كۆك كىيىملەرنى كىيىپ، قولىغا ئالا كالتەك ئېلىپ، «تۆمۈر دەرۋازا»نى توسۇپ، ئاشلىقنى سىرتقا توشۇشنى توسىدۇ. خەلق بۇ ئىشلاردىن رازى بولۇپ، يۈدۈپ چىققان ئاشلىقلارنى تاپشۇرۇپ، ساڭ ئەتراپىدىكى ئوتلارنى ئۆچۈرۈشكە ياردەملىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ساڭنىڭ ئاشلىقى ئاساسەن ساقلاپ قېلىنىدۇ. لېكىن، شەھەر ئىچىدىكى تالان۔ تاراج كۆپىيىپ كېتىدۇ. بىر تەرەپتىن پاتپاراقلاشقان ماخوسەن ئەسكەرلىرى كۈندۈزى يېزىلارغا تارقاپ يېتىپ، كېچىسى

شەھەرگە كىرىپ، باي بولسۇن، نامرات بولسۇن ئۆيمۇ- ئۆي كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆي، مال- مۈلۈكلىرى كۆيۈپ كەتكەن خەلقلەر ۋە ماخوسەننىڭ ھۈنەر- كارخانىلىرىغا مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، ھۈنەر قىلىۋاتقان ھۈنەرۋەنلەر قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ ئۆزماكانلىرىغا كېتىشىدۇ. ماخوسەن ئەسكەرلىرى بۇلاپ- تالاپ قولىغا كەلتۈرگەن ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك قاتارلىق پۇللۇق يەڭگىل ماللارنى ئېلىپ، چەرچەن يولى بىلەن قېچىشقا باشلايدۇ. بۇنداق قېچىش شىلىڭ شىبەي ئەسكەرلىرى خوتەنگە كېلىشتىن تۆت، بەش كۈن بۇرۇن داۋام قىلىدۇ. مەسىلەن: دەسلەپكى كېچىدە ھېيتكار مەھەللىسىدىكى ھېيت ئاخۇن تاشچىنىڭ (قاشتېشى سودىگىرى ھەم زەرگەر) ئۆيىگە ماخوسەننىڭ ئۈچ ئادىمى بېسىپ كىرىپ، قورال تەڭلەپ نەق بار بولغان ئالتۇنلىرىغا قانائەت قىلماي، ھېيت ئاخۇننى ئېسىپ قويۇپ، يەنە ئالتۇن تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. ھېيت ئاخۇن ئالتۇننىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، بۇلاڭچىلار ھېيت ئاخۇننى ئېسىپ قويغان يېرىدىلا ئېتىۋېتىدۇ. بۇ پاجىئەنى ئاڭلىغان بايلار ۋە ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشىلەر ئۆي- ماكان، مال- مۈلكىنى تاشلاپ، قولىغا چىققاننى ئېلىپ، جان قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرتەرەپكە قاچىدۇ. مانا شۇنداق بۇلاڭچىلىق بولۇۋاتقاندا، يەنە مەھكىمە ئاخۇنلىرى كوچىلارغا چىقىپ، بەزى يامان غەرەزلىك لۈكچەكلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك يامان ئاقىۋەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۇقرالارنى مەھەللىلەردە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئۆز- ئۆزىنى قوغداپ ھوشيار تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ئەمما ماخوسەن قوشۇنلىرى بۇلسا، ئالدىغا نىمە ئۇچرىسا شۇنى ئالىدۇ. ھەتتا قېچىش جەريانىدا يولدا ئۇچرىغان، جاڭگالدا ئۇچرىغان چارۋىلارنىمۇ بۇلاپ ئالدىغا سېلىپ، ھەيدەپ شەرققە قاراپ كېرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق يولى بىلەن

چىڭخەي تەرەپكە قاچىدۇ. مەسىلەن: تۇرسۇن شاڭخەي دېگەن كىشى ئەينى ۋاقىتتا 15ياشلاردا بولۇپ، چەرچەندە بىر باينىڭ قويىنى بېقىۋاتقانىدا، بۇ يەردىن ئۆتكەن ماخۇسەن ئەسكەرلىرى ئۇ بېقىۋاتقان 600قوي بىلەن بىللە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭىدۇ. بۇ قويلارنى ئەسكەرلەر يول بويى يەپ تۈگىتىپ، تۇرسۇن ئاخۇننى چىڭخەيگە ئاپىرىپ قويۇپ بېرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئايروپىلانلار ھەر كۈنى خوتەن ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، شەرق تەرەپكە ئۇچۇپ كېرىيە، نىيە، چەرچەن يولىدا چۆللەردە كېتىۋاتقان قاچقۇن ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇپ، كەچتە قايتىپ كېتىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە قاچقۇنلار كۈندۈزدە يول ماڭماي يوشۇرۇنۇپ يېتىپ كېچىسى قاچىدۇ. ئايروپىلانلار مانا شۇنداق ئون نەچچە كۈن قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. يۇرت ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ قالغانلارنى بولسا، شىڭ ھۆكۈمىتى خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن يىل ئاخىرىغىچە تازىلاپ بولىدۇ.

يېڭى ھۆكۈمەت كېلىدىكەن دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، خەلق دىنىي مەھكىمە ئاخۇنلىرىنىڭ باشچىلىقىدا شورباغ يولىغا چىقىپ ھازىرقى مالىيە- سودا مەكتەپىنىڭ ئۇدۇلىغا قەدەر يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قارشى ئالىدۇ (ئۇ مەزگىللەردە دەريالاردا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، كەلكۈن سۈيى يوق مەزگىللەردە قاتناش ئىشلىرى قاراقاش بىلەن ئايلىنىپ ماڭماي ئۇدۇل يول بىلەن بولاتتى). ئەڭ ئالدىدا 20تانكا، 40 زەرەھلىق ئاپتوموبىل (گاڭبەن چىچى) ئاندىن كېيىن ئادەتتىكى ئاپتوموبىللار كېلىدۇ. بۇ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى روس ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن ئاتلىق قىرغىز ئەسكەرلەر كېلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرقى كوئىنلۇن سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قەدىمىي چوڭ مەيدان (سوچاڭ)غا چېدىر تىكىپ

ئورۇنلىشىدۇ. مەۋلانوپ تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى قىرغىز پولكى بولسا، يىل ئاخىرىدا (جەمئىيەت ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلانغاندىن كېيىن) ھازىرقى خوتەن ناھىيە ۋە شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورنىدىكى خۇدا بەردى ئەرمىنى دېگەن باينىڭ قورۇسىغا قايتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. كېيىن باشقا قىسىملار كېتىدۇ. بۇلار ماخوسەن ئەسكەرلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆز- ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەچۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلغانلاردىن پەقەت پەيجاڭدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلارنى كەچۈرۈلۈش قىلىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم بېرىدۇ. ئېلىپ قالغان پەيجاڭدىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنى بولسا ھەر كۈنى قۇماتىنىڭ چۆلىدە بېسىقتۇرىدۇ. شۇ چاغلاردا مەلانوپ تۇەنجاڭنىڭ قوشۇنىدا بەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر قاراماي‌دا پېنسىيەگە چىققان بىر پېشقەدەم ئىشچى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەۋلانوپ تۇەنجاڭنىڭ قوشۇنىدا بەنجاڭ ئىدىم. ماخوسەن ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىشتا، ئۇلارنى ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغۇزۇپ چۆلدىكى قۇملۇققا ئېلىپ چىقاتتۇق. ئاندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ بويىنىدىن سىم بىلەن بىر- بىرىگە چېتىپ قوياتتۇق. ئۇلارغا ئوق ئىشلەتمەيلا چېتىلغان سىمنىڭ ئۇچىنى ئاپتوموبىلنىڭ توكىغا ئۇلايتتۇق- دە، ھەممىنى بىراقلا يوقىتاتتۇق»،

شۇنداق قىلىپ 1937- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ماخوسەن قوشۇنلىرى تازىلىنىپ تۈگەيدۇ. 1938- يىلدىن باشلاپ شىڭ شىسەي خوتەندە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

ئاۋۇدۇن ئالىم

# بىزنىڭ پەخرىمىز

مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، ئاتاغلىق تارىخشۇناس، تۈركولوگ، تىلشۇناس ۋە ئەدىب ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم 1924ـ يىلى 11ـ ئايدا خوتەن شەھىرىنىڭ خەلپىلىك ھويلا مەھەللىسىدە (ھازىرقى شەھەرلىك ئېلېكتىر شىركىتىنىڭ ئورنىدا) مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1994ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 70يېشىدا خوتەن شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى 1932ـ يىلدىن 1936ـ يىلغىچە خوتەن شەھەر غوجامكۆلبېشى مەھەللىسىدىكى مەشھۇر ئۇستاز ئەمەت ھاجىمنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، 1945ـ يىلغىچە خوتەن ھەم قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ ئىلاھىيەت ئىلمى، تۈرك، ئوردۇ، ئەرەب، پارس تىل- يېزىقلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرى ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك- دورىگەرلىك ئىلمى بويىچە چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1945ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئاتىسى يۈسۈپ ئاخۇنۇم ۋە باشقا داڭلىق تېۋىپلارنىڭ تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1954ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئېچىلغان

مىللىي تېۋىپلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇپ غەرپ تېبابەت ئىلمى بىلەن تونۇشقان. 1955- يىلى خوتەن ناھىيەسىدە قۇرۇلغان مىللىي تېۋىپلار بىرلەشمىسىدە ئامبۇلاتورىيەنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، 1957- يىلىلا ئۆگىنىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان رېتسېپلار قوللانمىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

ئۇ 1959- يىلى خاتا لۇشيەنىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان. ئۇ، بۇ مەزگىلدىمۇ تېبابەتچىلىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنى توختاتماي ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئوت- چۆپ دورىلارنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، دورىلارنى تونۇش، يىغىۋېلىش، ئىشلىتىش جەھەتتە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇ، مۇشۇ ئاساستا ئىككى پارچە دورىگەرلىك كىتابىنىڭ ئارگىنالىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان ئارگىنالىدىكى بەزى رېتسېپلار تۈرمە كادىرلىرى ۋە ئۆزگەرتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەرگەن. ئۇ، تۈرمە ئەمگەكلىرىدىن قايتىپ كەلگەندە خەنزۇچە خەتلەرنى تونۇش، ئوقۇش، يېزىش ۋە يادلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ خەنزۇ تىلىدا ساۋاتلىق بولۇپ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى 1977- يىلى ئاقلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ گەرچە ئوتتۇرا ياشقا يەتكەن بولسىمۇ، قىلچە

ئىككىلەنمەستىن غەيرەت، شجائەتنى ئۇرغۇتۇپ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك- دورىگەرلىك ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ ئىجتىمائى پەن، تەبىئى پەنگە ئائىت كىتابلارنى بولۇپمۇ، چەتئەل يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى كۆرۈپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ بىلىمى، نەزەر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان تېببى پېنى، بىئولوگىيە، خېمىيە، پىسخولوگىيەگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش بىلەن يەنە تىل، تارىخ جەھەتتىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، ئىلمىلىكى يوقىرى ماقالە ۋە چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يېزىپ تېبابەتچىلىك ئوقۇتۇشى ۋە ئىجتىمائى پەن ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە «يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا»، «بۆرەككە تاش چۈشۈش كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا»، «جىگەر قېتىش كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاش ھەققىدە»، «ئۇنۇتقاقلىق كېسىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا»، «ھەساسىيەت كېسەللىگى ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا»، «ھىسسىيات ۋە ئۇنى كونترول قىلىش توغرىسىدا»، «ياشلىق ۋە قېرىلىقنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسى نەزىرىيەلىرىدىن ئۆمرى- تەبىئە_ھەققىدىكى قاراشلىرىم»، «ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىك نەزىرىيەسى دەرىسىنى ئوقۇتۇش توغرىسىدا قاراشلىرىم» دىگەندەك تېمىلاردا 30پارچىدىن ئارتۇق ئىلمى ماقالىنى ئاپتونوم رايۇنلۇق «ئۇيغۇر تىبابەت ژورنىلى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكوم ئىلمى ژورنىلى»دا ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرى، ھەر ساھە زاتلىرى ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوقىرى باھاسىغا ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا

قىلغان. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىكى توغرىسىدىكى بىر پارچە تەتقىقات ماقالىسى 1987- يىلى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك- دورىگەرلىك بويىچە ئىلمىي- پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئوقۇلغان. ئۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بارلىق بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەلق ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغان، داۋالاش قىيىن بولۇپ كېلىۋاتقان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىش جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن: يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى مەتبۇخى ئەپتىمون شەربىتى بىلەن؛ ئاشقازان يارىسى، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسىنى جاۋارىش ئۇتتۇرۇش بىلەن؛ روھىي- ئەسەبىي كېسەللىكلەرنى خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، ئود سېلىپ، قاتارلىق دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان. ئۇ ئىجات قىلغان بۇ نۇسخىلار ھازىرمۇ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە جىگەر كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلەر ۋە ئۆتكە تاش چۈشۈش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئاددىي دورىلار بىلەن يۇقىرى داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ ئۆت تاش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئوپېراتسىيە قىلماي، دورا بىلەن داۋالاشنى تەشەببۇس قىلىپ دورا ئارقىلىق تاش پارچىلاپ چۈشۈرۈشتە ياخشى نەتىجە ياراتقان. ئۇ يەنە، قان راكىنى داۋالاشتىمۇ زور نەتىجە ياراتقان. مەسىلەن: خوتەن شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق غاپپار ھاجى دىگەن كىشى قان راكىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى دوختۇرخانىلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ كۆرۈنۈپ داۋالانغان بولسىمۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەن. ئۇنىڭغا ھەر ھەپتىسىگە 400گىرام قان سېلىپ تۇرمىسا ئورنىدىن تۇرالمىغان. ئۇ كىشى مۇشۇ يۇسۇندا بىر يىلدەك ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەن. ئابدۇلھىمىت يۇسۇپ داموللا ھاجى مەزكۇر كېسەلنى پەقەت

440يۈەن قىممىتىدىكى 400گىرام دورا بىلەن داۋالاپ، بىمالال ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ پىراق- يېقىنلارغا پارغۇدەك ھالەتكە يەتكۈزگەن.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە ئەمەلىي داۋالاش پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش، كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كېسەلنى كۆرسەتتىدىغان ۋە داۋالىتىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ مەيلى دوختۇرخانىغا مەيلى ئۆيىگە كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەرنى ئىللىق چىراي، قىزغىن مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سەۋرچانلىق بىلەن تەپسىلىي سوراپ دورا يېزىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا- قىشلاقلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ كېسەل كۆرسۈتۈپ داۋالىنىغاندىن باشقا، خوتەنگە كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەرساھە كىشىلىرى كېسىلىنى كۆرسۈتۈپ ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئېنىقلىتاتتى ياكى كېسەلگە دىئاگنوز قويدۇراتتى. ئۇنىڭ كىشىلەرگە قويغان دىئاگنوزى ھازىرقى زامان دىئاگنوز ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى، دىئاگنوز نەتىجىسى بىلەن ئوخشاش چىقاتتى. ھەتتا بۇ خىل ئۈسكۈنىلەردە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغان كېسەللەرگە توغرا، ئىلمىي دىئاگنوز قويۇپ كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى بالدۇرراق داۋالىتىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەتتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى (بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، ھازىرقى زامان دىئاگنىز ئۈسكۈنىلىرىدە ئەزالارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىزاجنىڭ ماددىلىق بۇزۇلىشىدىن بولغان كېسەللەرنى ئېنىقلىغىلى بولسىمۇ، ئەمما، ئەزالار خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىزاجنىڭ ماددىسىز بۇزۇلىشىدىن

بولغان كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش قىيىن بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بۇ خىل كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە). ئۇ نەپىنى دەپ كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتمايتتى. تەنتەرقى ئەرزان دورىلارنى بېرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسىتىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى يوقىرى بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە كىشى بولۇپلا قالماي يەنە ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كەلگۈسى ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشكىمۇ ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇ، ھەمىشە باشقىلارغا «ھەربىرىمىز ئون ئادەمنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن تەربىيەلىسەك، ئون ئادەم يۈز ئادەمنى تەربىيەلىسە ئاندىن بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت جەھەتتە مىسلىسىز زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدۇ»، دەيتتى.

ئۇ مۇشۇ ئارزۇسى بويىچە 20يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان شاگىرت ئەگەشتۈرۈپ ئىز باسار تەربىيەلەش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى كەسپىي مەكتەپلەرگە تەكلىپ بىلەن بېرىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك- دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ ئالاقىدار پەنلىرى بويىچە دەرس ئۆتۈپ كەلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پىروگىراممىسىنى تۈزۈش، دەرسلىك تۈزۈش ۋە ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە مۇنتىزىم ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار ۋە ئىز باسارلار ھازىر خوتەننى ئاساس قىلغان ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىلىرى ۋە تەلىم- تەربىيە ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ دامـوللا ھاجىمـدا ئەخلاقـى- پەزىـلەت بابىـدا باشقىلاردا ئاز تېپىلىدىغان ئېسىل خىسلەتلەر مەۋجۇت بولـۇپ، كەمـتەر، كىچىك پېئىل ئـىدى. ئۇ ئۆزىـدىن چـوڭ بولسـۇن كىچىـك بولسـۇن ئوخشاشلا ھۆرمەتلەيتتى. تۇرمۇشتا ئاددى- ساددا ياشايتتى، قىلچە نـام- مەنپەئەت كۆزلىمەيتتى. بەزىلەر «ئابدۇلھەمىت يۈسـۈپ دامـوللا ھـاجى پۇلنى كۆزلىگەن بولسـا، نۇرغـۇن پـۇل- مـال توپلىغـان بـولاتتى»، دېيىشىدۇ. شۇنداق! باشـقا تېۋىپلارنىـڭ «تىلـلا تۆكۈلـىدىغان مەخپـى رېتسېپلىرى» بولغىنىغا ئوخشاش، ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ دامـوللا ھاجىنىڭمۇ كېلىنىكا ئەمەلىيىتىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن نۇرغۇن مۇھىم رېتسېپلىرى بـار ئىدى. ئۇ مۇشۇلارغا تايىنىپ جان بېقىشنىڭ كويىغا كىرگەن بولسا ھـال- كۈنى خېلى ياخشى ئۆتەتتى. ئەمما، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى نام- مەنپەئەت، پۇل- دۇنيا بولماستىن، بەلكى خەلقىمىزدىكى ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت جەھەتتىكـى قـالاقلىقنى تـۈگىتىش، ئۇيغـۇر تېبابەتچىلىـك، دورىگەرلىك ئىشـلىرىنى راۋاجلانـدۇرۇپ خەلـق ئاممىسـىنىڭ سـاقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ھەقىقىي خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئازراق بولسـىمۇ تۆھپە قالدۇرۇش ئىدى.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ دامـوللا ھاجى كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىـق تېبىبـي ئالىم، تۈركولوگ، تىلشۇناس، تارىخشۇناس ۋە ئەدىب بولۇپلا قالمـاي يەنە تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنـپەرۋەر دېنىـي زات ئـىدى. ئۇ ئۆزىنىـڭ دىنىـي جەھەتتىكى ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلىقى بىلەن دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقاتچى ئاممـا ئىچىدە يۇكسەك ئابرويغا ئىگە ئـىدى. ئۇ پـارتىيەنى، سوتسىيالىسـتىك ۋەتەننى ۋە خەلقنى قىـزغىن سـۆيەتتى. پارتىيەنىـڭ تۈرلـۈك فـاڭجېن، سياسـەتلىرىنى ھىمـايە قىلاتتـى. ئىتتىپـاقلىقنى، مـۇقىملىقنى ئاكتىـپ قوغدايتتى. ئۇ، مەملىكەتلىك سياسـى كېڭەشـنىڭ ئەزاسـى، خـوتەن

شەھەرلىك سىياسى كېڭەشنىڭ دائىمى ھەيئىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپ قېتىم ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ھەرخىل سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئاممىغا پارتىيەنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى قوللاش، ئىتتىپاقلىقنى، مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە قايىل قىلارلىق سۆزلەر بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللا ھاجى 1985- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇھىم تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن بىرى بولغان ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان ھەمدە پروگراممىغا ئاساسەن دەرسلىك تۈزۈشكە كىرىشكەن. 1987- يىلى مەكتەپ قۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەزكۇر مەكتەپكە رەسمىي يۆتكىلىپ كېلىپ، ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈش، دەرسلىك تۈزۈش، دەرس ئۆتۈش ۋە قوشۇمچە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1990- يىلى 11- ئايدا سەھىيە نازارىتى ئۇنى مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئۇ قاتمۇ- قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرى- ئاخىرى بولۇپ «جۇڭگو تېببى قامۇسىنىڭ تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تومىنىڭ 1- تومى» نى «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئاساسىي نەزەرىيەسى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دىئاگنوستىكا ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى روھى ۋە ئەسەبى كېسەللىكلەر ئىلمى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ 13 خىل —— بىر يۈرۈش دەرسلىك كىتاۋىنى يېزىش، تۈزۈش، نەشر قىلدۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئويناپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى مائارىپىدا

ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى تارىخ، ئەدەبىيات پەنلىرى جەھەتتىمۇ بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ، خوتەن شەھەرلىك سىياسى كېڭەش تارىخى ماتېرىياللار گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ، خوتەننىڭ يېقىنقى 100يىللىق تارىخىنىڭ تىزىسىنى يېزىپ چىققان. ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن باستۇرۇلغان «خوتەن تارىخ ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتابنى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. ئۆزىمۇ «خوتەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە يېزىپ يوقىرىقى كىتاپقا كىرگۈزگەن. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تېبابىتى، ئىسلام تېبابىتى، ھىندى تېبابىتى قاتارلىق تېبابەتلەر توغرىسىدىمۇ بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ تارىخىي مەسىلىلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزىم نوقتىسىدىن ھۆكۈم چىقارغان. ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەيدا بولىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىي توغرىسىدا نوقتىلىق ئىزدىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مەخسۇس ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇ 1978- يىلى ئاپتونوم رايۇنلۇق ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ مەھمۇت كاشغەرىينىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى جەھەتتىمۇ بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن 1983- يىلى «ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ 10- ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابى ۋە سەلبى تەسىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇھاكىمە

يۇرگۈزگەن، ھەمدە 10- ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇ ماقالە شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىنىدا ئوقۇلۇپ كۆچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئۇ يەنە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم شەكلى بولغان ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بىلەن بۇ جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ھەمدە ئۆزىمۇ مۇشۇ ۋەزىندە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ تىل- ئەدەبىيات، تارىخ جەھەتتىكى بىلىمىگە ئاساسەن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئەدەبىيات، سىياسى- مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆپ قېتىم ئىلمىي دوكلات بېرىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا ئاساسەن ۋەتەننى، خەلقنى، ئانا تىلنى كۈيلەيدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك، بەدىئىلىكى يۇقىرى شېئىرلارنى يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن (شېئىرى بېرىلدى).

مەيلى ئىشخانىلاردا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە بولسۇن ياكى مەكتەپتە ئوقۇش، ئوقۇتۇش، ئىز باسارلارنى تەربىيەلەش، يەن- تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە بولسۇن ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە تەن سالامەتلىك ئەھۋالى بىلەن ھىسابلاشماي، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋار بولغان.

1982- يىلى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بويىچە ۋىراچلىق ئۇنۋانى

بېرىلگەن. 1983- يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك- كادىرلار مىنىستىرلىكى، جوڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پەن- تەتقىقات خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلگەن. 1986- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىم» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى، 1994- يىلى 9- ئايدا سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ كادىرلار مەھكىمىسى، پەن- تېخنىكا، مائارىپ مەھكىمىسى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سەھىيە ئورگىنى ۋە «ساغلاملىق ئىدارىسى» بىرلىكتە «چەت، يىراق رايوندىكى مۇنەۋۋەر تىببىي پەن خىزمەتچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن. مەكتەپ تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن.

ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم يېقىنقى 10نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ پارتىيەگە، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە بولغان ساداقىتى، تېبابەتچىلىك، تىل، تارىخ ۋە دىنىي جەھەتتىكى بىلىم سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى، خەلق ئىچىدىكى ئابروينىڭ يۇكسەكلىكلىگى بىلەن مەملىكەتلىك 7-، 8- نۆۋەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جوڭخۇا مەملىكەتلىك جوڭگو تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2- نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك جۇڭيى تېبابىتى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «تۈركى تىللار دىۋانى» تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، جوڭخۇا تىببىي قامۇسى ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، «تىنىيەنجىن جۇڭيى تېبابىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، جوڭگو ئىلىم- پەن جەمئىيىتى شىنجاڭ

شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تېببىي پەنلەر مەخسۇس ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ 1- 2- نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 3- نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ پەخرى باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تىببىي قامۇسىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرى مۇدىرى، سىياسى كېڭەش خوتەن شەھەرلىك 1- 2- 3- 4- نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسى كېڭەش خوتەن شەھەرلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ۋە تەھرىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەتلەردىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان.

ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللا ھاجىنىڭ مەغرۇرلۇق ۋە قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىپ، جاپا- مۇشەققەتلەرگە چىداپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتەك ئىگىلمەس- سۇنماس روھى، بارلىقىنى ھەرمىللەت بىمارلىرىنى كېسەل ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا بېغىشلاشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، ئۆز كۈچىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەشكە بېغىشلاشتەك ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھى، كەمتەر،كىچىك پېئىل، شەخسىيەتسىز بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئاساسەن ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەش

بەنگۇشتىگى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن يولداش غوپۇر ئابدۇللا، مجىت ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر شۇنداقلا مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوست- بۇرادەرلىرى بولغان زىيالىلاردىن ئىبراھىم مۇتئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى، جاپپار ئەمەت، ئىبراھىم ئىلى، ھەم ئالىمنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن شائىر رۇزى سايىت ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىق يولداشلار ئارقا- ئارقىدىن تەزىيە تېلېگراممىسى، تەزىيە خېتى ئەۋەرتىپ، مەرسىيە نامە يېزىپ مەرھۇم ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇرىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىدىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

## ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ دامولا ھاجى شېئىرى
## ئانا تىلىم

*ئەي تىلىم- ئۇيغۇر تىلى، سەن ئانا تىل- ئەلنىڭ تىلى،*
*سەن بۈيۈك تىل، سەن يېتۈك تىل، بارچە تىللار سەرخىلى.*
*سەن گۈزەل تىل، سەن سۈزۈك تىل، سەن ھۇزۇرۇم، تائىلىغىم،*
*سەن يۇۋاش تىل ھەم ئاسان تىل، سەندە نۇسرەت شادلىغىم.*

ئەۋۋەلى «ئىڭگە» دە سىڭدىڭ جانغا دىلنى لال قىلىپ،
كەينىدىن بولبۇلغا ئوخشاتتىڭ، زوۋاننى بال قىلىپ.
سەندە چىقتى پۇشتى ئۇيغۇرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچىلاپ،
سەن بىلەن تارقالدى ئۇيغۇر لەۋزىدىن خوشبۇي گۇلاب.
سەندە ھازىرلاندى «مىللەت» شەرتىنىڭ بىر ماددىسى،
سەن بىلەن بىخ سۈردى «مىللەت» شاخلىرىنىڭ قالدىسى.
مىللىيەت مەۋجۇت ياران، مىللى تىلىڭ يوق بولمىسا،
نەدە ئۇ مىللىي شەرەپ، ئىززەت تىلىڭ «توق» بولمىسا.
ئانا تىل- مىللىي تىلىڭ بولغاچقا ئۇيغۇرلۇق سېنىڭ،
ئانا تىل بىرلە جاھان ئىچرە يۈزۈڭ نۇرلۇق سېنىڭ.
ئەي ياران مەن «ھاجى»لىقتا قايسى يۇرتنى كەزمىدىم؟
ئانا تىل ئۇيغۇر تىلىمدەك تەمدە بالنى سەزمىدىم!
جان ياشاردى ئۆز زوۋانىم بىرلە بىر سۆز ئاڭلىسام،
قالدى ھەيران خەق شۇ تىلدا ئۆز ئىلمىنى داڭلىسام.
چۈنكى بۇ تىل قانغا سىڭگەن ئەنئۇا تىل —— يۇرت تىلى،
ئوشبۇ تىلدا پۈتتى داستان شائىرىم —— يۇرت بۇلبۇلى.
ئوشبۇ تىلدا يازدى ئەللامە- ئەدىبلەر كۆپ زامان،
ئوشبۇ تىلدا قالدى مەۋجۇد شۇ يۈسۈپ، مەھمۇد ھامان...
تىلغا ئەل ھەغدا، ئۇنىڭ ۋايى قەلەمكەش تىلچىدىن،
ئۆچمىسۇن بۇ تىل ئىلى، تۇرپان، قەشقەر، ئىلچىدىن.

# خوتەن شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى



ئاۋۇدۇن ئالىم 1940- يىلى خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1959- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ، 1966- يىلىغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان.

1958- يىلدىن 1976- يىلىغىچە گۇما ناھىيە سانجۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە، خوتەن ناھىيە ئىسلامئاۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، خوتەن ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈمىدە بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976- يىلدىن 1984- يىلى 2- ئايغىچە خوتەن ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئىلچى يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1984- يىلى 2- ئايدىن 1993- يىلى 2- ئايغىچە خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، 2000- يىلى 6- ئايغىچە خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ھەم مەخسۇس ۋەزىپىدىكى دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىگەن.

ھۇشۇر ئەمەت

# ئەدىب ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

تىلى راۋان، دىلى خۇشخۇي مەرھۇم ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللا 1901- يىلى لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1991- يىلى 6- ئايدا 90يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ 70يىلدىن ئارتۇق ئۆمرىنى ئىلىم مەرىپەتنىڭ ئىشقىدا ئۆتكۈزگەن. ئىلىم- مەرىپەتنى ھارماي- تالماي ئۆگەنگەن، خۇشخۇي، تىرىشچان ئەدىب ئىدى. ئۇ ئائىلە تەربىيەسىدىن كېيىنلا ئىلچىدىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا كېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ئۇنىڭ زېھنى- قابىلىيىتى ياخشى بولۇپ، مول بىلىمنى بىلەن تىل ئۈستىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ پارس، ئەرەب ۋە كونىچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لوغەت تەركىبىنى ھەم ئۆزگىرىش مەنىلىرىنى يېڭى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنىلىرىگە ماس ھالدا تەدبىق قىلىشنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ نەزەرىيە قائىدىلىرىگە ئالاھىدە قىزىقىپ سەنئەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيەۋى بىلىملىرىنى شەرھىيلەپ بىرنەچچە تۈرلۈك خاتىرە ۋە ماتېرىياللارنى يازغان ئىدى. ئۇ 80يېشىدا «مەتلەئىل ئۇلۇم» ناملىق چوڭ كىتاپنى تەرجىمە قىلدى. («مەتلەئىل ئۇلۇم» ناملىق كىتاپنىڭ ئىلمىي بايانى ھەققىدە يېزىلغان پارسچە ئۇنىڭچى ماۋزۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1991- يىلى 5- سان «يېڭى قاشتېشى»

ژورنىلىنىڭ 73- بېتىدە تەييارلىغۇچى مەتقاسىم ئەكرەم تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان).

ئۇ 85 يېشىدا سەئىدىنىڭ «بوستان» ناملىق پارس تىلىدىكى كىتاۋىنى نەسرى يول بىلەن پارىسچىدىن ئۇيغۇرتىلىغا تەرجىمە قىلدى. 86يېشىدا «كاشكۇل سەلمى» ناملىق كىتاپنى پارىسچىدىن تەرجىمە قىلدى. ئۇنىدىن باشقا پارچە تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ كۆپتۇر. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئابدۇۋېلى يۇسۇپ داموللام خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2-، 3- قېتىملىق ۋۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى ھەيئىتى ئىدى. 1991- يىلى 6- ئاينىڭ بېشىدا مەرھۇم ئۇلۇپ كېتىشتىن 10كۈن بۇرۇن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى كېسلىنى كۆرگىلى كىرگەندە، ئابدۇۋېلى يۇسۇپ داموللام تولىمۇ خوشال بولۇپ، «ھايات چېغىمدا سىلەرگە يەتكۈزەي» دەپ، قول يازمىدىن تۆت دەپتەرنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ بىر دەپتىرىدە ئۆزىنىڭ يازغان تۆرلۈك تېمىدىكى شېئىرلىرى، يەنە بىر دەپتەردە ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن «نەۋبەتى شېئىرلىرى» 14باپ، قاپىيەلەرنى بىلىشنىڭ بايانى قاتارلىقلارنى خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇرغان (89ۋاراق، 178بەتلىك خاتىرىدە).

يەنە بىر خاتىرىسى 166بەتلىك بولۇپ ئۇنىڭغا پارىسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ يازغان شېئىرلىرى يېزىلغان.

4- خاتىرىسى تولۇق تەرجىمە ئەسەر بولۇپ، بۇ تۆت خاتىرە خوتەن شەھەرلىك سىياسى كېڭەش ئىشخانا مۇدىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئەدىب ئابدۇۋېلى يۇسۇپ داموللام 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت

ئىچىدە پارتىيەنى، خەلقنى، ۋەتەننى كۈيلەيدىغان شېئىرلارنى يېزىپ «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى، «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىپ تۇراتتى.

ئابدۇۋېلى يۇسۇپ داموللام ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. يەنى خانئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى بولغان. ئۇ مائارىپتا ئىشلىگەن تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق نەزمە قىلىدۇ.

*مائارىپقا بايان قىلاي ئەھۋالىمنى،*
*ئايان قىلاي قەلبىم رىشتى ئەسرارىمنى.*
*ئەمدى تاپتىم قولدىن كەتكەن دوست- يارىمنى،*
*تاپتىم بۈگۈن يول كۆرسەتكۈچى ئۇستازىمنى.*

*قىرىق يىل بۇرۇن جامالىڭغا كۆيگەن ئىدىم،*
*ئىزلىرىڭنى تاۋاپ قىلىپ سۆيگەن ئىدىم.*
*ئون بەش يىلدەك دىيارىڭنى كۆرگەن ئىدىم،*
*مائارىپچى نامىنى ئېلىپ يۈرگەن ئىدىم.*

مانا، مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم ئابدۇۋېلى يۇسۇپ داموللا ئۆتمۈشتە مەدرىستە ئوقۇپ شۇ يەردە بىلىم ئېلىپ، تىل ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىپ، تالىپلارنى ئوقۇتقان بولسا، كېيىنچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى بولۇپ 15 يىلدەك مائارىپتا ئىشلىگەن.

يەنە مائارىپقا مۇراجەت قىلىپ ئۆز ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

*مەن ئايرىلىپ سەندىن ھالىم بەتەر بولدى،*
*ئۆتنۈز يىللىق ھالىم خەتەر بولدى.*
*تەگلىكتىن يىگەنلىرىم زەھەر بولدى،*
*غېرىپ كەبى تۇرلى بالا يېتەر بولدى.*

*قىرىغاندا پارتىيەمدىن شەپقەت يەتتى،*
*تەنلىرىم ئىلىمدىن سۇ ئىچىپ قۇدرەت تاپتى.*
*يەتمىش ياش چېغىمدا ياشلىق تونىنى ماڭا ياپتى،*
*يۈز- ئابروي، ئىززەت- ھۆرمەت ماڭا يەتتى.*

مەرھۇم ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللام ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ مۇئەللىم دېگەن شېئىرىنىڭ 11- قىسمىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

*مۇئەللىمنى ياخشىلار ھەرگىزمۇ يول ماڭدۇرماس،*
*دەپتەر- قەلەم ھازىرلاپ مەكتەپتىن قالدۇرماس.*
*ھەركۈنلىكى بالا يىغىپ مۇئەللىمنى ماڭدۇرماس،*
*ياخشى ئادەم ھېچقاچان ئۇستازلارنى خار قىلماس.*

يوقىرقى شېئىرىغا قاراپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، بالىلىرىنى چاقىرىشقا سالماي دەپتەر، قەلەمنى تەييارلايدۇ، ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەپ ئۇنى ياخشى ئادەملەر ھەرگىز خار قىلمايدۇ دېيىش ئارقىلىق، ھەقىقى مەرپەت ئىگىلىرىنىڭ يېڭىچە ئوبرازىنى نامايەن قىلغان.

شائىر «خوتەن» دېگەن 21 كۇپلىتلىق شېئىرىنىڭ 3- سىدە ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل، يايلىقى مول، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئەلگە داڭلىق

ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ.

*يىتىپ باردى سىنىڭ سوۋغانلىرىڭ ئەللەرگە ھەم بارى،*
*كۆڭۈللەرنى قىلۇر خۇرسەنت يىپەك، ئەتلەس، گىلەم، شايى.*
*قىلۇرلەر ئارزۇ بۇ سوۋغىنى پۇخرا ھەم شاھى،*
*پۈتۈن ئەلگە كۆرۈندى سۈيىگىنىز خۇددى تولۇنئاي.*

ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللام 10يىللىق بالايى- ئاپەت يىللىرىدا (مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا) شەھەردىكى ئۆيىدىن، مال- مۈلكىدىن ئايرىلىپ يېڭىئېرىق مەيدانىغا ھەيدىلىپ كىرىدۇ. ئۇنى بۇ شېئىردىن كۆرگىلى بولىدۇ:

*تۆت كىشىلىك گوروھتىن جىن- شەيتان جاكالاندىم،*
*ئۆي- مۈلكىمدىن ئايرىلىپ جاڭگالغا تېز پالاندىم.*
*مەرىپەتتىن ئايرىلىپ كېچە- كۈندۈز زارلاندىم،*
*گومىنداڭ قالدۇقى دەپ، ئون بىر يىلدەك پالاندىم.*

يەنە شائىر ئۆز- ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ مۇنداق يازىدۇ:

*تۆت زىيانداش زۇلمىدىن خارلانمىغان كىم قالدى؟*
*ئۇلۇغ ۋەتەن خەلقىدىن خارلانمىغان كىم قالدى؟*
*ئالەم پىغان دېگىنىزغا تاشلانمىغان كىم قالدى؟*
*ھەرخىل يالغان- تۆھمەتلەر چاپلانمىغان كىم قالدى؟*

يەنە شۇ ئاپەتلىك يىللاردا خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەتتىن بىزار بولۇپ، بازار مەسلىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

*دوكانلارغا بارغاندا ھېچ نەرسىنى ئالالماي،*
*نامرات بولغاچ دېھقانلار ئارقا ئىشىككە بارالماي.*
*سارجا، سوكنا، چىپەرقۇت، شىپىڭ ئەتلەس ئالالماي،*
*ئون يىلى ئۆتتى ئارىدىن مۇرادىغا قانالماي.*

پارتىيەنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن مەرھۇم ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللام خوشاللىق ئىلكىدە مۇنداق يازىدۇ.

*سىرىنباشىدىن قۇتۇلۇپ قانداق بولدىيۇ ۋەتەن،*
*گۈزەللەشتى گۈللەندى يېڭى جۇڭگو مىڭ تۈمەن.*
*يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى شەھەر- يېزا ھەم خوتەن،*
*ھەممە ئادەم بولدىغۇ ئادالەتتىن بەھرىمەن.*

*ئۆلۈپ بولۇپ تىرىلدۇق كىم بەردى بۇ ھاياتنى؟*
*يوقاپ يۈلۈپ بار بولدۇق، كىم بەردى نىجاتنى؟*
*يېڭى روھقا ئىگە بولدۇق كىم قىلدى بۇ زىماتنى؟*
*ھاياتقا كىم ئۆزگەرتتى مۇنقەرىزلىك مىماتنى؟*

تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق ئىچىدە مەرھۇم شائىر شۇنداق بايان قىلىدۇ.

*كومپارتىيە يېپ- يېڭى ئازاتلىقنى بەردىغۇ،*
*ئۈچ مىليوندەك ئادەمنىڭ قالپىقىنى ئالدىغۇ.*
*ۋەتەن خەلقى بۇ ھەقتە زور خۇرسەندە بولدىغۇ،*
*ۋەتەن خەلقى بېشىغا رەھمەت سۇيى ياغدىغۇ.*

كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق تۇرمۇشىنى مەدھىيىلەپ مۇقۇملىقتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك كۈچنى شۇنداق بايان قىلىدۇ.

*ئىشچى- دېھقان ئالىمى ئالدى كۆپلەپ دارامەت،*
*كۆپ ئىشلىدى خالايىق كۆڭلى بولغاچ ئارامەت.*
*ئورنىتىلغاچ ۋەتەندە تىنچ- ئىتتىپاق داۋامەت،*
*بىر- بىرىگە بەك ئوماق تەن قۇرلىشى سالامەت.*

بازارلارنىڭ ئاۋاتلىشىشىدىن خوشال بولغان شائىر مۇنداق بايان قىلىدۇ.

*ھەممە ئەلنىڭ كۆڭلىدە خوش قىزىپ تۇرار بازار،*
*خوتەن شەھرى ئىچىدە يەتمىش ياڭزا تاماق بار.*
*ھەرقاچاندا بارسىڭىز غىزايىڭىز تېز تەييار،*
*ئەمىلىيەتتە كۆرسىڭىز خوتەن شەھرى گۈل- گۈلزار.*

شائىر سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن رازىمەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ خوشاللىقىنى بۇ شېئىر ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

*قولغا تەگدى خەلقنىڭ دىموكراتىك ھوقۇقلار،*
*ئىختىسادى سىياسى نۇرغۇنلىغان ئۇتۇقلار.*
*قەلبىمىزدىن كەتتىغۇ ئەندىشە ھەم قايغۇلار،*
*ئادالەتنىڭ سۆبھىدىن زوھۇر قىلدى يورۇقلار،*

بۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىر بوز يەرگە كىرىپ ئىشلىگەندە باشقىلارغا زور ئىلھام، مەدەت بېرىپ ئۆزىنىڭ شېئىرى ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا، ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

*قۇم تىكەنلىك چۆلدە مېھنەت قىلغىنىم سۇلتانلىقىم،*
*تاغنى تالقان چۆلنى بوستان قىلغىنىم ئىنسانلىقىم.*
*چۆل- جەزىرىدە ئىشلىشىم پەرھات كەبى بولغانلىقىم،*
*دىلرەبا شەھرى ئۈچۈن ئىشلەش مېنىڭ ئوبدانلىقىم.*

شائىر پارتىيە، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۈچۈن «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى ھەم قوشاقلارنى بايان قىلىپ، خاتىرە قالدۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ.

*ئابدۇۋەلى يۈسۈفى ئەمدى توختات سۆزۈڭنى،*
*يېڭى ئۈزۈن سەپەرگە قاراتمامسەن كۆزۈڭنى.*
*ئىشچى- دېھقان سېپىگە قوشقىن دەرھال ئۆزۈڭنى،*
*سوتسىيالىزىمغا تىرىشىپ ئاپئاق قىلغىن يۈزۈڭنى.*

دەپ، 1981- يىلى 6- ئاينىڭ 5- كۈنى بۇ شېئىرلارنى تاماملايدۇ. بۇنداق مىساللارنى ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللام يازغان شېئىرلاردىن كۆپ كۆرەلەيمىز. مەن ئۇنىڭ يۈزدىن بىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇم. بارا- بارا تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇششىمىز مۇمكىن. مويسىپىتنىڭ دەسلەپكى ئەشئارلىرى تالىپلىق ۋاختىدىن باشلانغان بولۇپ 40- يىللاردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە خوتەندىكى «بىرلىك» گېزىتلىرىدە بىر بۆلۈك شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يېزىپ توپلىغان ئېلان قىلغان غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى 300پارچىدىن ئاشىدۇ، تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرى بولسا 15پارچىغا يېتىدۇ. ئۇ ھايات ۋاختىدا جوڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات- سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. مەن مەرھۇمنىڭ ھاياتىنىڭ ئالتە يىلىدا بىرلىكتە ئۆتكەن. يىغىنلارغا قاتنىشىپ ئۆگىنىشتە ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرغان ھەم باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆزى تولىمۇ ھېسسىياتچان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن قوشاق قېتىپ ئوقۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنى تولىمۇ مەمنۇن قىلغان تەرەپلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش توغرا كېلىپ قالدى.

1988- يىلى بىر يىغىندا ئۆزى گەرچە 87ياشقا بېرىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈۋاتقانلار قاتارىغا كىرگەن بولسىمۇ، گويا 45ياشلىقلاردەك پىكىر قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ يېقى ئېرىقتىكى خوشنىسىدىن بىرسى تېلېۋىزور ئېلىپ كۆرگەندە، ئۇ يەرنىڭ ئىمامى ئۇنى كۆرۈش ھارام دەپ، چېقۇەتكىلى تاس قالغاندا ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللام دەل ۋاقتىدا كىرىپ دىنى جەھەتتە داۋلى سۆزلەپ قايىل قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەردىكى 30دەك ئائىلىدە تېلېۋىزور پەيدا بولغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەھەللىدىكى خوشنىلىرى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇماي قەلبىدە ساقلاپ كەلگەن.

بۇ ئىشنى ئاتلاپ سىياسىي كېيىن رەھبەرلىكى مەرھۇمنى ئالاھىدە تەقدىرلەپ ئۇنىڭ روھىدىن باشقىلارنى ئۆگۈنۈشكە دەۋەت قىلغان.

يەنە شۇ يىلى ياز كۈنلىرىدە ئىلچى ييزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ زالىدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىلغاندا مەرھۇم، مەشھۇر ناخشىچىمىز سالامەت توغرىسىدا 16كۇبلىتلىق شېئىر يېزىپ ئوقۇپ يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ زور ئالقىشىغا ئېگە بولغانلىقى ھەم سالامەت مەخسۇتنى ناخشا بىلەن ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىپ ئويناتقانلىقى تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كەتكىنى يوق. شۇڭا بۇ ئەدىبىنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم ئىجادىيەتلىرىنى كۆرگەندە كىممۇ تەسىرلەنمەي تۇرالىسۇن؟ شۇڭا ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات.

مەن سالامەت توغرىسىدىكى قوشاقنى بىر قېتىم ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئىدىم، ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاشقا تەشنا ئىدىم. مەن ئەدىبىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ بىر خاتىرىسىنىڭ 133- بەتتىكى «دەرتمەنگە» دىگەن ئەسىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، بۇ 16كۇبلىتنى تولۇق كۆرۈپ چىقتىم. ئەدىب بۇنى 1980- يىلى 6- ئايدا يېزىپ قالدۇرغان ئىكەن. بىزگە 1988- يىلى يازدا ئوقۇپ بەرگەن مەن شۇ چاغدا يازغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇ، بۇرۇنلا يېزىپ كۆڭلىدە بىر ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ، شۇ كۈنى ئوقۇپ قەلبىدىكى ئاتەشتەك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ئىكەن. تولۇق تېكستى بىلەن بىرىشىنى توغرا تېپىپ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمەن.

دەرتمەنگە

*ياشىم يەتتى سەكسەنگە،*
*ئاشىق بولدۇم مەن سەنگە.*

مەرھەمەت قىل ئەي شىرىن،
غېرىپ- پەرھات دەرتىمەنگە.

ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە،
ناۋات كەبى سۆزۈڭگە.
مەن پەرۋانە سەن بىر نۇر،
ئاشىق بولدۇم يۈزۈڭگە.

ئۈچ يىل بولدى كۆيگىلى،
يېقىن بولدۇم ئۆلگىلى.
ئون ئاي بولدى ئارانلا،
جامالىڭنى كۆرگىلى.

باغىمدا بار قىزىل گۈل،
سايراۋاتىدۇ بۇلبۇل.
بۇلبۇل ئىسمى سالامەت،
دەرت- ئەلەمگە مەن مەسئۇل.

خېنىم ئوينايدۇ ھەر يەردە،
مەن يىغلايمەن بوز يەردە.
مەجنۇن بولدۇم جاڭگالدا،
لەيلى ئۆزى شەھەردە.

ئىسمىڭىز سالامەتكەن،
لەۋلىرىڭىز ھىلاھەت ئىكەن.
سەن ئۇچۇن كۆيۈپ ئۆلسەم،
ھەق ئۇچۇن ئىبادەت ئىكەن.

خۇدا سېنى خان قىلدى،
ئېزىز شېرىن جان قىلدى.
سېنىڭ دەردى پىراقىڭ،
يۈرەك باغرىمنى قان قىلدى.

سەن ئۇيغۇرمۇ خەنزۇمۇ،
لىۋىڭ ماجانمۇ جەنتۇمۇ.
سۆزلىرىڭ ئەجەپ شېرىن،
تىلىڭ شەكەرمۇ مانتۇمۇ.

بار ھەممەنىڭ خۇداسى،
ئىنسان ئادەم بالاسى.
كېسەل بولدۇم ئەي دوختۇر،
يوقمۇ كۆيەك دوراسى.

ئاشىق بولدۇم خونۇڭغا،
سەرۋە ئەر ئەر بويۇڭغا.
قولغا ئالدىم ھاسىنى،
كىردىم سېنىڭ يولۇڭغا.

مېنىڭ يارىم بەك زېرەك،
ئەجەپمۇ كۆيدى بۇ يۈرەك.
كۆيگىنىمنى بىلگەندۇ،
لېكىن ئۇنىڭغا پۇل كېرەك.

بولبۇلۇم بار سەنئەتتە،
سايرايدىغان خىزمەتتە.
ئىسرافىل شۇر تارتقاندا،
كۆرۈشكەيمىز جەننەتتە.

ئىسمىڭىز سالامەتكەن،
خۇلقىڭىز ئالامەتكەن.
قانچە تارتسام دەردىڭنى،
جانىمغا ھالاۋەتكەن.

ئەل ئىچىدە دېڭى بار،
ئىپار كەبى مېڭى بار.
كۆيگىنىمنى بىلگەندۇ،
چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئېڭى بار.

مېنىڭ يارىم بەك ياخشى،
ئېيتىدۇ مۇڭلۇق ناخشى.
ئۇنى سۆيمەك بەك قىيىن،
بولمىسا ئەگەر ئاقچى.

*بويىندا تۇمارى بار،*
*كۆيدۈرۈش خۇمارى بار.*
*گەرچە سۆز تامام بولدى،*
*يۈرەكتە داۋامى بار.* 1980- يىلى 6- ئاي

مەرھۇم ئابدۇۋېلى يۈسۈپ داموللىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ
مۇندەرىجىسى ھەم
كۇبلىت سانى(قول يازمىسىدىن كۆچۈرۈلدى)
«ھۆرمەت قىلدى». 8كۇبلىت (1- 4- بەتكىچە)
«ماۋزىدوڭ ۋاپاتىغا تەزىيە». 14كۇبلىت (4- 9- بەتكىچە)
«پەن- تېخنىكا ئاچقۇچى»، «پەننى ئىلىم».
24كۇبلىت(9- 18- بەتكىچە)
«پىغان». 10كۇبلىت (18- 22- بەتكىچە)
«خوشاللىق». 14بەت (22- 27- بەتكىچە)
«سىرىنباغ ۋاقتى 10يىل». 13كۇبلىت (27- 33- بەتكىچە)
«خوتەن». 15كۇبلىت (33- 39- بەتكىچە)
«قوشاقلار». 9كۇبلىت (39- 43- بەتكىچە)
«سىرىنباغ ۋاقتىدىكى بازار ئەھۋالى».
7كۇبلىت (43- 46- بەتكىچە)
«تىرىلدۈق». 10كۇبلىت (46- 50- بەتكىچە)
«پارتىيە رەھبەرلىگىدىكى بازار ئەھۋالى». (50- 56- بەتكىچە)
«ئەدەبىي- سەنئەت». 9كۇبلىت (56- 60- بەتكىچە)
«تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش». (60- 65- بەتكىچە)
«تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا شەرت ھازىرلاندى».
تۆت كۇبلىت (68- 80- بەتكىچە)

«ئۆلىمىمگە جاي يوق». 14كۇبلىت (70ـ 76ـ بەتكىچە)

«جوڭگو داھىلىرىغا مەدھىيە». (ئەرەبچە)

21كۇبلىت (76ـ 80ـ بەتكىچە)

«چىراقچى». 8كۇبلىت (88ـ 91ـ بەتكىچە)

«مۇھىم سۆزلەر». (91ـ 97ـ بەتكىچە)

«ھەممە ئادەم ئوخشاش ئەمەس».

42 مىسرا (92ـ 102ـ بەتكىچە)

«تۇرمۇش قۇرۇش ھەققىدە».

26كۇبلىت (102ـ 104بەتكىچە)

«مەھسۇلات تۈزۈمگە بېغىشلاپ».

10كۇبلىت (104ـ 109ـ بەتكىچە)

«يازاي». 6كۇبلىت (109ـ 112ـ بەتكىچە)

«مۇئەمما». (تېپىشماق) (112ـ 118ـ بەتكىچە)

«ئەبجەت». (ئەرەبچە ھەرىپلەر سانى) (118ـ 120ـ بەتكىچە، پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان)

6كۇبلىت (120ـ 123ـ بەتكىچە)

«كەمىنە شائىرنىڭ ئىلتىماسىم». (123ـ 16ـ بەتكىچە)

«مازار ھەققىدە». 4كۇبلىت (126ـ 128ـ بەتكىچە)

«خۇراپاتقا رەددىيە». 10كۇبلىت (128ـ 133ـ بەتكىچە)

«دەرتمەنگە». 16كۇبلىت(133ـ 143ـ بەتكىچە)

«جەننەت سىنىڭ». 10كۇبلىت (143ـ 144ـ بەتكىچە)

«ئۆزىنى كاتتا بىلىش» 58مىسرا (144ـ 150ـ بەتكىچە)

«ھەقىقەت». 8كۇبلىت (154ـ 158ـ بەتكىچە)

«ئىنتىپاقلىق». 12كۇبلىت (158ـ 166ـ بەتكىچە)

ئابدۇۋاھىت توختى ، ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت

# يۇرۇڭقاش سودا بازىرىنىڭ ئۆتمۈشى

يۇرۇڭقاش —— يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغاق ساھىلىدىكى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. يۇرۇڭقاشنىڭ غەرب تەرىپى خوتەن شەھىرى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. شەرق، شىمال، جەنۇب تەرىپى لوپ ناھىيەسىگە قاراشلىق بويىا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق جىيا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا يۇرۇڭقاش ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسىغا ئائىت نۇرغۇن بايانلار خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، يەنى مىلادى 636- يىلى يېزىلغان تارىخىي ئەسەر «لياڭنامە» نىڭ ئۇدۇن تونۇشتۇرۇلغان قىسمىدا: «بۇ يەرنىڭ سۇ مەنبەسى ۋە قوم- تاشلىرى كۆپ، كىلىماتى مۆتىدىل...، دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ، بۇ دەريا يۇرۇڭقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ» ① دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

مىلادى 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا11: «〈قاش ئۆگۈز〉 خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا،

بىرى 〈يۇرۇڭقاش دەرياسى〉 دېيىلىدۇ، بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى 〈قاراقاش دەرياسى〉 دېيىلىدۇ، بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ»② دېگەن بايانلار بار. «پۈتۈن تۈرك ئەللىرىنى كىزىپ، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلارنىڭ سۆز بايلىقىنى، ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەپ، مىڭلارچە يىل بۇرۇنقى قەدىمي دەۋرلەردىن، مىڭلارچە يىل كېيىنكى زامانىمىزغىچە ئېلىپ كەلگەن تۇنجى ماتېرىيال توپلىغۇچىمىز مەھمۇد كاشغەرىي »③ ئۆز ئەسىرىدە يۇرۇڭقاشتىن سۈزۈك ئاق تاش چىقىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ يەردىكى دەريانىڭمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق يۇرۇڭقاشنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئاق تاش(قاشتېشى) بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىكەنلىكىنى مىڭ يىللار بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»دا چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە خوتەندىكى ئالتە شەھەرنىڭ بىرى بولغان يۇرۇڭقاش شەھىرىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 2.5چاقىرىم بولۇپ، شەرىق ۋە غەرىپ تەرەپتە ئىككى دەرۋازىسى بارلىقى، جەمئى 1852تۈتۈن، 6318نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكى تونۇشتۇرۇلغان④. «لوپ ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە يۇرۇڭقاشنىڭ قەدىمي زامانلاردىلا ئۇدۇنغا قارشلىق ئالتە شەھەر (ئىلچى، قاراقاش، يۇرۇڭقاش، چىرا، تاغ، كېرىيە) نىڭ بىرى ئىكەنلىكى، گۇاڭشۈينىڭ 28- يىلى(مىلادى1902- يىلى)غا كەلگەندە لوپ ناھىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن لوپ ناھىيەسىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1984- يىلى 12- ئايدا

ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا، يۇرۇڭقاش تەۋەسىدىكى خېلى بىرقىسىم كەنتلەر ئايرىپ چىقىلىپ، بۇيا يېزىسى قۇرۇلۇپ، يۇرۇڭقاشتا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغان. 2006 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازىرى خوتەن شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى.



( ئاپتور ئابدۇۋايىت توختى ئۆتمۈشتىكى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ شاھىدى 90 ياشلىق ئىدرىس ئاخۇن بىلەن سۆھبەتتە.)

بۇنىڭدىن يۇرۇڭقاش سودا بازىرىنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلىلا كۆلەملەشكەن، خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىگىلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭغا تونۇلغان بىر قەدەر چوڭ بازارلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەينى دەۋردىكى بازار غەرىپتىن شەرىققە سوزۇلغان كوچىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ بەرپا قىلىنغان. غەربىي بېشى ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ غەربىدىكى 530 مېتىر كېلىدىغان جايدىن باشلىنىپ، شەرقىي يۇرۇڭقاش بازارلىق شىپاخانا ئەتراپىغىچە بولغان دائىرىنى،يەنى، ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى

ئۈرگىننىڭ غەربىدىكى 355 مېتىرغىچە بولغان جاينى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بازار ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كەلگۈدەك ئۈستى يېپىلغان بىر كوچا، بۇ كوچىدىن جەنۇپ ۋە شىمالغا سوزۇلغان بىر قانچە كىچىك كوچا بولۇپ، تۆتاش كەتكەن كۆپلىگەن سودا سارايلىرى، تۈرلۈك سودا بازارلىرى ۋە سودا- سېتىق نۇقتىلىرى مۇشۇ چوڭ - كىچىك كوچىلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بەزى جايلىرىدا ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى بار ئىدى. سودا سارايلىرى ئاساسەن شال قۇرۇلمىلىق ، ئۈستى مۇستەھكەم يېپىلغان بولۇپ، بازارغا ئۆزگىچە ھۆسن ۋە ھەيۋەت كىرگۈزۈپ تۇراتتى.

يۇڭ بازىرى ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق 90ياشتىن ھالقىغان ئىدرىس ئاخۇن ئاكا ئەينى زامانىدىكى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ سودا سارايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «چوڭ — كىچىك كوچىلاردا بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن سودا سارايلىرى بولۇپ، ئۈستى يېپىلىق ئىدى، كىچىك بالىلار ئويۇن قىلىش ئۈچۈن، كوچا ئۆگزىسىنىڭ بۇ بېشىدىن چىقۋالسا، ئۇ بېشىدىن چۈشەتتى. قىش- ياز، ھەر كۈنى سودا- سېتىق بولاتتى. تۇغقان يېغىلىقى ۋاقتىدا ، يۇرۇڭقاشتا تۇرۇشلۇق تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ پات- پات مۇشۇ كوچىلار ۋە سودا سارايلىرىغا كىرىپ، نەيزە - قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ مەشىق قىلىشقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۇ چاغلاردا مەن 13 ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىلىرىم ئىدى. يۇرۇڭقاشتا قەدىمدىن باشلاپ ھەپتىنىڭ ھەر قايسى كۈنلىرى نورمال سودا- سېتىق بولغاندىن باشقا، چاھارشەنبە كۈنى قايناق بازار بولاتتى. شۇڭا كىشىلەر يۇرۇڭقاش بازىرىنى ‹چارشەنبە بازار› دەپ ئاتايتتى(ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا شۇنداق ئاتىلىدۇ). بۇ كۈنى

يۇرۇشقاشتىكى سودىگەر- تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى بازارغا كېلىپ سودا- سېتىق قىلغاندىن باشقا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن سودىگەر- تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن- كاسىپلار ئات- ئۇلاغلىرىغا مىنىپ ۋە ماللىرىنى ئارتىپ كېلىپ سودا- تىجارەت قىلاتتى».

ئازاتلىقتىن كېيىن، يەنى 50- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خوتەن شەھىرىدىن شەرقتىكى ناھىيەلەرگە بارىدىغان تاشيول ياساش ۋە يول كېڭەيتىش مۇناسىۋىتى بىلەن غەربىتىن شەرققە سوزۇلغان كوچا ۋە سودا سارايلىرىنىڭ ئۈستى ئېچىۋېتىلىپ، ئەسلىدىكى بازار ۋە سودا سارايلىرى يوقىتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندە «چاھارشەنبە بازار» تاقىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سودا- سېتىق ئىشلىرى توختاپ قالدى. سودا- سېتىق ئىشلىرىنى دېگۈدەك «تەمىنات- سودا كوپراتىپى» ئۈستىگە ئېلىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش- سېتىش، سانائەت ماللىرىنى سېتىش- تەمىنلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويدى. ئاشخانا ئېچىپ، ئاممىنى يېمەك- ئىچمەكلەر بىلەن قوشۇمچە تەمىنلىدى. 80- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئالاقىدار سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، يۇرۇشقاش بازىرى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ ۋە قاينام- تاشقىنلىققا تولۇپ، سودا- سېتىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى.شۇنىڭغا ماس ھالدا بازار قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، سودىگەر- تىجارەتچىلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەسلىدىكىدەك يۇرۇشقاش بازىرىغا كېلىپ، سودا- سېتىق قىلىشىغا

قولايلىق شارائىتلار يارىتىلدى.

تۆۋەندە يۇرۇڭقاش سودا بازىرىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى بازار ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

يۇڭ بازىرى: بۇ بازار ھازىرقى يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئالدى تەرەپ شەرقىي بۇرجىكىدىن «يۇڭ بازىرى ئاھالە كومىتېتى» ئورگىنى تەرەپكە ماڭىدىغان كوچىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، سودا مىقدارىمۇ بىر قەدەر كۆپ ئىدى، چىرا، كېرىيە، چەرچەن ۋە تاغ تەرەپلەردىن ئات- تۆگىلەرگە ئارتىپ ئېلىپ كېلىنگەن يۇڭ، تېرە، تىۋىت، ئۆچكە قاتارلىقلار مۇشۇ بازارغا چۈشۈرۈلۈپ سېتىلاتتى ۋە ئالماشتۇرۇلاتتى. بۇ خىل خام ئەشيالار جاي- جايلاردىن كەلگەن چوڭ سودىگەرلەر، كارخانىچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئارقىلىق سېتىۋېلىنىپ، تەرەپ- تەرەپلەرگە يۆتكىلەتتى.قەشقەر قاتارلىق جايلاردىنمۇ يۇڭ- تېرە سودىگەرلىرى- كاسىپلىرى كېلىپ يۇڭ، تېرە سېتىۋالاتتى.بۇلاردىن مۇشۇ يەردە يەرلىكلىشىپ سودا قىلغانلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن:ساۋۇت ئاخۇن دېگەن كىشى قەشقەردىن يۇڭ، تېرە سودىسى قىلىشقا كېلىپ، يۇڭ بازىرىدىن ھېيۋىخان دېگەن ئايال بىلەن توي قىلغان ھەمدە يۇڭ بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى،20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇرۇڭقاش دەريا ساھىلىدا،يەنى ھازىرقى «ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى» ئورنىدا يۇڭ، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مەمتىلى ھاجىمنىڭ مويكىسى قاتارلىق 7~8 مويكا (مويكا ــ خەنزۇچىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ئېلىم- سېتىم تۈگۈنى دېگەن مەنىدە) ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. يۇرۇڭقاش بازىرىدىكى يۇڭ، تېرە، تىۋىت قاتارلىقلارنىڭ

سوپەتلىكلىرى ئەشۇ موبىكلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، يۇيۇپ تازىلىنىپ، گىلەم، كىگىز، جايناماز قاتارلىقلار يۇرۇڭقاشلىق ئۇستىلار تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كىگىز، گىلەم، جايناماز قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە يۆتكىلىپ سېتىلاتتى.ئېيتىشلارغا قارىغاندا يۇڭ بازىرىغا ھىندى سودىگەرلىرىمۇ كېلىپ سودا قىلغان ئىكەن.

گىلەم بازىرى: بۇ بازار ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ شەرقىگە 270 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى تاختا كۆۋرۈكتىن ئېگىز ئېرىققا ماڭىدىغان يول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، تاختا كۆۋرۈك بىلەن بولغان ئارىلىقى 60~70مېتىر كېلەتتى. غەربىي جەنۇپ تەرىپى جۇۋا(ئاشلىق بازىرى)بىلەن تۇتىشىدۇ. بازارنىڭ ئۈستى يېپىقلىق بولۇپ، بىر نەچچە ساراي بار ئىدى. بۇ بازاردا يۇرۇڭقاش دىيارىدا توقۇلغان ۋە خوتەننىڭ باشقا جايلىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن تۈرلۈك نۇسقىدىكى گىلەملەر ۋە كىگىز قاتارلىق يۇڭ توقۇلما ماللىرى سېتىلاتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن يۇرۇڭقاشتا ئۇستا خالۋاپلار ( گىلەمچى ) دىن تەشكىللەنگەن گىلەم كارخانىسى قۇرۇلۇپ، يۇرۇڭقاش گىلەمچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسى داۋاملاشتۇرۇلدى. 1951- يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدا «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى» قۇرۇلۇپ، يۇرۇڭقاشتىن كۆپلىگەن گىلەم توقۇش ئۇستىلىرى بۇ يەرگە قوبۇل قىلىنىپ، گىلەمچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

جۇۋا (ئاشلىق، گۆلە- قاق بازىرى): بۇ بازار گىلەم بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق

ھۆكۈمەتنى ئورگىنىنىڭ شەرقىگە 200مېتىر كېلىدىغان جايدىكى سەي-كۆكتات بازىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. (بۇ ئورۇندا ھازىر شەخسلەر ئولتۇراق ئۆي سېلىپ ئولتۇرىۋاتىدۇ). بۇ بازار خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئاشلىق سودىگەرلىرى ۋە دېھقانلار ئېلىپ كەلگەن بۇغداي، قوناق، ئارپا، گۈرۈچ، مايلىقدان ھەمدە ئۈزۈم، ياڭاق، گۆلە، قاق قاتارلىقلار سېتىلاتتى. بۇ يەر خەلق ئارىسىدا «جوۋا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ بازارنىڭ يېنىدا يەنە چامغۇر- زەدەك(سەۋزە) بازىرى بار ئىدى.

پىلىخانا: بۇ جوۋىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، يەنى ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتنى ئورگىنىنىڭ شەرقىگە 140مېتىر كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ، بۇ يەردە يۇرۇڭقاشنىڭ ئۆزىدىن چىققان پىلە ۋە پىلە مەھسۇلاتلىرى سېتىلغاندىن باشقا، خوتەننىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن پىلە مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى. يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ يۇرۇڭقاشتا پىلە بېقىپ يىپەك تارتىش، شايى- ئەتلەس توقۇش ئومۇملىشىپ، خوتەن پىلىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن، ئىگىلىگەن. شۇڭا بۇ بازارمۇ يىراق ئۆتمۈش زامانلاردىلا شەكىللىنىپ،تەدرىجى تەرەققىي قىلغان.

قاسساپ بازىرى: بۇ پىلىخانىنىڭ غەربىي يان تەرىپىدە بولۇپ، نەچچە ئونلىغان قاسساپلار بۇ بازاردا قاسساپچىلىق قىلىپ، ئاھالىلەرنى ھەمدە ئاشپەز، ناۋايلارنى گۆش بىلەن تەمىنلەيتتى. كۈنىگە 40~50 كالا، 100 ئەتراپىدا قوي سويۇلاتتى.

دوپپا- تۇماق، تەلپەك سارىيى: بۇ ساراي ھازىرقى يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ، سودا سارايىدا يۇرۇڭقاشتىكى

ھۈنەرۋەنلەردىن باشقا، يەنە ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن كەلگەن دوپپا۔ تۇماقچى، تەلپەكسازلار دۇكان ئېچىپ، ھەرخىل نۇسقىدىكى رەڭگا۔ رەڭ دوپپا۔ تۇماق، تەلپەك قاتارلىق باش كىيىملىرىنى ساتاتتى. ساراي ئىچى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان گۈلۈستانغا ئوخشايتتى.

خۇپپىدىن ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ سارىيى: بۇ ساراي ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ئورنىدا بولۇپ، بۇ سارايدا تۆرلۈك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سودىسى بولاتتى. دېھقانلار قوللىرىدىكى تۆرلۈك ئېشىنچى مەھسۇلاتلار ياكى ئۆششاق دېھقانچىلىق لاۋازىمەتلىكلىرىنى مۇشۇ سارايغا ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى. ساراي چوڭ بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن كىشى سودا۔ سېتىق قىلاتتى.

مىسكەر بازىرى: بۇ بازار خۇپپىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم سارىيىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، نۇرۇللائاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان ئىدى. نۇرۇللائاخۇنۇمنىڭ مەدرىسى بىر قەدەر چوڭ مەدرىسلەردىن بولۇپ، مەدرىسىنىڭ ئالدىدا سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چوڭ كۆل، كۆل ئالدىدا تىجارەتچىلەر ئۈچۈن سېلىنغان ساراي۔ ئۆيلەر بار ئىدى. بۇ ساراي ۋە ئۆيلەرنى يۇرۇڭقاشلىق سودىگەرلەر ۋە پۇلدار كىشىلەر سېلىپ، ئۆزلىرى سودا۔ سېتىق قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر قىسمىنى باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىشى ۋە قونالغۇ قىلىشىغا ئىجارە بېرەتتى.مەدرىسىنىڭ غەربىي يان تەرىپىدە يەنە «سىرلىق مەسچىت»دەيدىغان بىر مەسچىت بار ئىدى. ھەر چاھارشەنبە كۈنى مەدرىس ئالدىدا خۇپپىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق مۇپتى۔ ئەلەملەر يىغىلىپ، ئىسلام شەرىئىتى ھۆكۈمىنى يۈرگۈزەتتى. مىسكەر بازىرىدا چۆگۈن، قازان، چۆمۈچ، ئاپتۇۋا، چىلاپچا دېگەندەك

مىتالدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىلاتتى.

ئاھاك كوچىسى: بۇ ئەمەلىيەتتە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشنى ئاساس قىلىدىغان بازار بولۇپ، كوچا ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، ئەسلىدىكى ئاشلىق ئامبىرى ئالدىغىچە، ئۇيەردىن جوۋا(ئاشلىق، گۈلە- قاق بازىرى)غىچە باراتتى، كوچىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدا گەج، ئاھاك قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلىنىپ سېتىلاتتى. كوچىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، يەنى ھازىرقى پوچتا پونكىتىنىڭ ئورنىدا «چىگىت مەدرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىسمۇ بار ئىدى.

ئىزمىچەك سارىيى: بۇ ئاياللارنىڭ چۈمبىلى ۋە باشقا كەشتە قاتارلىق يىپتا توقۇلىدىغان بۇيۇملار سېتىلىدىغان ساراي بولۇپ، ئورنى ھازىرقى يۇرۇڭقاش تەمىنات- سودا كوپراتىپىنىڭ ئالدىدىكى كوچا ئېغىزىدا ئىدى.

گەزمال سارىيى: بۇ ھازىرقى يۇرۇڭقاش تەمىنات- سودا كوپراتىپى ئىچىدىكى بىر نەچچە كونا سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چوڭ سەينادا ئىدى، بۇ يەرگە كۆپلىگەن سودا سارايلىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ، يەرلىكتە توقۇلغان رەختلەردىن باشقا، يەنە، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايۇنلاردىن كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك رەڭدىكى رەختلەر دۇكان سارايلارغا تىزىلىپ سېتىلاتتى.

كۆن- قىرىم، ئاياغ سارىيى: بۇ ساراي ھازىرقى باج پونكىتىنىڭ ئورنىغا جايلاشقان، ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ غەربىگە 115مېتىرچە كىلىدىغان جايدا بولۇپ.

سارايىدا قوي ــ كالا قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كۆن ــ قىرىم(خىروم) ھەمدە بۇلاردىن تىكىلگەن مەسە ــ كالاچ، ئۆتۈك، چورۇق قاتارلىق ئاياق كىيىملىرىنىڭ سودىسى بولغاندىن سىرت، موزدوزلارمۇ ئولتۇرۇپ ياماقچىلىق قىلاتتى.

داۋا بازىرى: داۋا بازىرىغا كىرىدىغان كوچىنىڭ ئەسلىدىكى كىرىش ئېغىزى گەزمال سارىيى جايلاشقان چوڭ سەيناىدا (ھازىرقى باج پونكىتى ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ) بولۇپ، بۇ كوچا بىلەن قۇتچى قاتارلىق كەنت ـ مەھەللىلەرگە بارغىلى بولاتتى. كوچا ھازىرقى «داۋا بازىرى» مەسچىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن مەسچىت ئارقىسىنى بويلاپ شىمال تەرەپكە كېتەتتى، داۋا بازىرى مەسچىت ئەتراپىدا قىزىيدىغان بولۇپ، بازاردا سەرگەز ــ چەكمەن، شايى ــ ئەتلەس، گىلەم ــ كىگىز قاتارلىقلارنىڭ ماتېرىيالى بولغان يۇڭ ۋە يىپلارنى بوياشقا ئىشلىتىلىدىغان چىمان(يۇلغۇن غازىڭى)، ئۈجمە پورى، ئانار پوستى قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى ۋە تەييار بوياقلار سېتىلاتتى.

خام بازىرى: بۇ ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ غەربىگە 340مېتىر كېلىدىغان جايدىكى چوڭ يولنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ، بۇ يەردە خام، داكا، خوتەن قەغىزى قاتارلىقلارنىڭ سودىسى قىلىناتتى. بۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كوچىدا تۇرسۇن ئاخۇن خەلپەمنىڭ مەدرىسى بولۇپ، بۇ يەردە تۇرلۇك دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.شۇڭىمۇ ئەتراپتىكى بازارلار دائىم قىزىپ تۇراتتى

سەرگەز كوچىسى: بۇ ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ غەربىگە 440مېتىر كېلىدىغان جايدىكى چوڭ يولنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ، يەنى خام بازىرىنىڭ غەربىدە بولۇپ،

بۇ يەردە يەرلىك ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن تۇقۇلغان سەرگەز، زەدىۋال، دەستۇرخان قاتارلىقلارنىڭ سودىسى قىلىناتتى.

توخۇ بازىرى: ئىلگىرى ھازىرقى توخۇ بازىرى نامى بىلەن ئاتالغان ئورۇننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ،شىمال تەرىپكە سوزۇلۇپ، يۇرۇڭقاشتىن جىيا يېزىسىغا بارىدىغان بىر چوڭ يول بار ئىدى. بۇ يول سەرگەز كوچىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىن، يەنى ھازىرقى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ غەربىگە 467مېتىر كىلىدىغان جايدىن باشلىنىپ،مال بازىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ بازاردا ئۇزاق تارىختىن باشلاپ توخۇ- كەپتەر، غاز- ئۆردەك قاتارلىق ئائىلە قۇشلىرىنىڭ سودىسى ناھايىتى قىزىيتتى.شۇڭا بۇ بازار ھازىرمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «توخۇ بازىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مال بازىرى: بۇ توخۇ بازىرىنىڭ ئاخىر تەرىپىدە بولۇپ، بازارنىڭ ئالدىدىن جىيا يولى ئۆتەتتى، غەرىپ تەرىپى «سىكىلەك مازار» بىلەن تۇتىشاتتى. بازارنىڭ بېشىدىراق قوي بازىرى، ئاخىرىدا ئات، ئېشەك، كالا بازىرى بولۇپ، بازاردا خوتەننىڭ جاي- جايلىرىدىن ئات- ئۇلاغلار ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلغاندىن سىرت، توقسۇ، شايار، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق يىراق يۇرتلاردىن توپ- توپ ئات، كالا، ئېشەك قاتارلىق مال- چارۋىلار ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلاتتى. بازارنىڭ پەس تەرىپىدە كەڭرى كەتكەن بىر پارچە بوش يەر بولۇپ، ئات، ئېشەكنى مىنىپ سىناپ كۆرىدىغانلار مۇشۇ يەردە سىنايتتى.

ناۋايخانا- ئاشخانىلار: يۇرۇڭقاش قەدىمدىن تارتىپ گۆشگىردىسى بىلەن داڭلىق ئىدى. نۇراخۇن تۆگە، باقاخۇن، تۇرسۇن ھاجىم سا، روزى ئاخۇنۇم، ئىمىن ئاخۇن چەككە قاتارلىق

ناۋايلار ئازاتلىقنىڭ ئالدىدىلا تونۇلغان ناۋايلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئاتا- بوۋىسىنىڭ كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ناۋايچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ گۆشگىردە، گىردە، كاكچا قاتارلىقلارنى يېقىپ ساتاتتى. ناۋايخانا- ئاشخانىلار «يۇڭ بازىرى» تەرەپكە كۆپرەك ئورۇنلاشقاندىن سىرت، يەنە يۇڭ بازىرىدىن توخۇ بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سودا بازارلىرىغا جايلاشقان ئىدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلىپىدە باجچىلار بۇ بازاردا 84 ناۋاينىڭ ناۋايچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.بۈگۈنكى كۈندىمۇ يۇرۇڭقاش ناۋايچىلىقىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يۇرۇڭقاش گۆشكىردىسى ئۆزىنى نامايەن قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا تونۇلدى ھەمدە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

تېۋىپ- دورىۋال بازىرى: يۇرۇڭقاشتا قەدىمدىن باشلاپ تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاپ، تۈرلۈك ئاغرىق- سىلاقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. يۇرۇڭقاشتا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلاردىن: ئاخۇن ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن ھاجى(1872- 1955)، ھەسەن ھاجىنىڭ ئوغلى مۇسا ئاخۇن(1891- 1993) ۋە ئابدۇللا ئاخۇنۇم (1911- 1997)، توختاجى سەكپاي (1883- 1953)، يۇسۇپ ئاخۇنۇم(1887- 1972)، ئېلىخان ھەزرىتىم(1887- 1989)، ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم(1903- 1990) قاتارلىق تېۋىپلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا نورمال كېسەل كۆرگەندىن باشقا، چاھار شەنبە كۈنلىرى بازارغا چىقىپ يۇڭ بازىرى، داۋا بازىرى ئەتراپلىرىدا دۇكان ئېچىپ كېسەل كۆرۈپ،

دورا سېتىپ، خەلق ئامىسىنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپاھ بولغان. 1956- يىلى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىككە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا، ئېلىخان ھەزرىتىم، يۈسۈپ ئاخۇنۇم، ئابدۇللا ئاخۇنۇم، ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم قاتارلىق تېۋىپلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلۇپ، تاكى 90- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان.

يۇرۇڭقاشتىكى سودا بازارلىرى مەخسۇس كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، نازارەت قىلىناتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتتا بازار ئىچى ئاساسەن مەمتىلى بەگ دېگەن كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا دورغىلار بار ئىدى. ھەر قايسى سودا بازارلىرى ۋە سودا سارايلىرىنى ھەممە سودا تۈرلىرىنى باشقۇرۇش- نازارەت قىلىشقا مەخسۇس كىشىلەر قويۇلاتتى. مەسىلەن: ناۋايىنى نۇراخۇن ئاقساقال دېگەن كىشى باشقۇراتتى. ناۋايخانىلاردا يېقىلغان نانلار ئۆلچەمدىن كىچىك بولۇپ قالغانلىقى، ئاشلىق بازىرىدا تارازىدا كەم تارتىپ بەرگەنلىكى سېزىلسە، مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن سازايى قىلىنىپ، تۈزۈتۈشكە بۇيرۇلاتتى.

يۇرۇڭقاش بازىرى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇنداق ئامىللار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ:

1.يۇرۇڭقاش بازىرى ۋە بازارغا تۇتاش كەنت- مەھەللىلەردە قەدىمدىن تارتىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى مۇنتىزىم تەرەققىي قىلىپ، كەسىپلىشىش، كۆلەملىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان. گىلەمچىلىك، پىلە- يىپەكچىلىك ئىشلىرى ئەڭ بالدۇر باشلىنىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەرقانداق يۇرتلارغا سېلىشتۇرغاندا تېز

بولغاچقا، يۇرۇڭقاش «شايى- ئەتلەس يۇرتى»، «گىلەم يۇرتى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر سانىلىپ كەلگەن. تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان بۇيۇم- جابدۇقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان قول سانائەت ئىشلىرى كەنت- مەھەللىلەردە ئومۇملاشقان ھەمدە كۆپ قىسىم كەنت- مەھەللىلەر ھۈنەر- كەسپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: قۇتچى، سوپۇنچى، شايىچى، داكىچى، سەرگەزچى، كۆنچى، مىسكەرچى، قازانچى، ئىگەرچى، ناغرىچى، تۆمۈرچى مەھەللىسى ۋە تېۋىپ مەھەللىسى دېگەندەك، كەنت- مەھەللىلەردە پىلىچىلىك، سوپۇنچىلىق، شايى- ئەتلەس، داكىچىلىق، سەرگەزچىلىك، كۆنچىلىك، مىسكەرچىلىك، قازانچىلىق، ئات- ئۇلاق جابدۇقچىلىقى قاتارلىق ھۈنەر- كەسپ ئاساسي ئورۇندا تۇرغاچقا، شۇ خىلدىكى ھۈنەر- كەسپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يۇرۇڭقاش بازىرى سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى مۇھىم ماددىي ئاساس بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم كاپالىتى ھېساپلىنىدۇ.

2.يۇرۇڭقاشنىڭ يۇرۇڭقاش دەريا ۋادىسىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ يۇرۇڭقاش سودا بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ.خوتەن (ئۇدۇن) يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ،ئۆتكەل بولۇش سۈپىتى بىلەن، سودا كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىغان ۋە سودا قىلىدىغان ئاۋات جايلارنىڭ بىرى بولغان. بۇ خىل ھالەت ئەلۋەتتە

ئۇدۇندىكى ئالتە شەھەرنىڭ بىرى سانالغان ئىلچىگە قارىشىپ تۇرىدىغان يۇرۇڭقاشقا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان. ئىلچىدا تۇرۇشلۇق ھىندى، ئاپغانىستان سودىگەرلىرى ۋە قىسمەن خەنزۇ سودىگەرلىرىمۇ يۇرۇڭقاشتا سودا دۇكانلىرى ئاچقان ۋە سودا- سېتىق قىلغان.

3. يۇرۇڭقاشتىن يۇرت ئاتلاپ ۋە چەت ئەللەرگە چىقىپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىمۇ يۇرۇڭقاش بازىرى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، ھۈنەر- كەسىپ، سودا- سېتىق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ خوتەننىڭ ئىقتىسادى، سودا ئىشلىرى قايتىدىن جانلانغانلىقتىن، خوتەندە چەت ئەللەر بىلەن بىۋاستە سودا قىلىدىغان سودا يوللىرى ئېچىلىپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىشقا باشلىغان. بۇ جەرياندا يۇرۇڭقاشتىنمۇ ئۆز ماللىرىنى چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر يېتىشىپ چىققان. مەسىلەن، 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا(1880- يىل ئەتراپلىرىدا) يۇرۇڭقاشلىق ئەمەتجان ھاجى، داۋۇت ھاجى، ئىمىن ھاجى قاتارلىق سودىگەرلەر ئىلچى سودىگەرلىرىدىن يۇسۇپ ھاجى، بەردى ھاجى، مىراپ ھاجى، تارى ھاجى، ھەلىم ھاجى، ئىمىن ھاجى ۋە باشقا سودىگەرلەر بىلەن سودا كارۋانلىرىنى تەشكىللەپ، گىلەم، كىگىز، يۇڭ، تېرە، تىۋىت قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ، تاشكەنت، قوقان، ئەنجان، مەرغىلان، بۇخارا، نەمەنگان قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىش بىلەن بىرگە، ئۇ جايلاردىن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، پاختا رەخت، ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىكلەر، رەڭلىك مېتال، ئات تاقىسىغا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر، چىنە- قاچا، ئەينەك بۇيۇملار،

كىرسىن، سەرەڭگە، يىپ- يىڭنە، پەرداز بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئېلىپ كېلىپ⑤، ئىلچى بازارلىرى ۋە يۇرۇڭقاشتىكى سودا سارايلىرىدا سېتىپ، يۇرۇڭقاش سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان. يۇرۇڭقاشتىن يەنە ئابلاجان قارىم(قۇتچىلىق) قاتارلىقلار خوتەن بىلەن ھىندىستان ۋە ئافغانىستان ئارىلىقىدا قاتناپ،⑥ مەشۇت (يىپەك) جايناماز، كىگىز، شايى، ئەتلەس، قاشتېشى، چىنە قاتارلىق ماللىرىنى ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ، مالنى مالغا ئالماشتۇرغان ياكى ساتقاندىن كېيىن ھىندىستاندىن ئاساسەن ياۋروپانىڭ پاختا رەختلىرى، رەڭ، ماھۇت، ياۋايى ھايۋان تېرىلىرى، ھىندىستان مەرۋايىتى، پۇراقلىق ماتېرىياللار ۋە ياۋروپانىڭ يۇڭ توقۇلما ماللىرى، سېرىلانكا چېيى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ ئىلچى ۋە يۇرۇڭقاش بازارلىرىنى تەمىنلىگەن. يۇرۇڭقاشتىن ئىمىنجان ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر ئات- ئۇلاغلىرىنى كىرا قىلىپ، يۇرۇڭقاش سودىگەرلىرىنىڭ(مويكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گىلەم،كىگىز، جايناماز قاتارلىق ماللىرىنى چەت ئەللەرگە توشۇش ۋە چەت ئەللەردىن مال ئېلىپ كىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ سودىگەرلەر ۋە كارۋانلار ئاساسەن 5- ئايدىن 11- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ھاياتىنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىشىغا قارىماي، دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارلىق تاغلاردىن ئۆتۈپ، ئاندىن ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا باراتتى. يۇرۇڭقاشتا 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغىچە ئاخىرقى سودىگەرلەردىن ياسىن ئاخۇن، مەتنىياز ئاخۇن، سادىر ئاخۇن، رېجەپ ئاخۇن، غۇلام يۇسۇن ھاجىم، مەتيۇسۇپ ئاخۇن قاتارلىقلار ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1956- يىلى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىككە قارىتا

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۇلار كوللېكتىپ بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى يۇرۇڭقاش سودا شىركىتىگە پاي قوشۇپ كىرىپ، ئەۋلادلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان(ئۇلار بىر بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتتى).

بۈگۈنكى كۈندە يۇرۇڭقاش بازىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىر قەدەر چوڭ ھېساپلانغان يېزا- بازار دەرىجىلىك سودا بازىرىغا ئايلاندى.بۇ بازارغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن سودىگەر- تىجارەتچىلەر ۋە دېھقان- چارۋىچىلار كېلىپ سودا قىلغاندىن باشقا يەنە ئاقسۇ، قەشقەر، بايىنغۇلىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىنمۇ تىجارەتچىلەر كېلىپ، سودا- سېتىق قىلىدىغان بولدى. يۇرۇڭقاش دەرياسىدا قاشتېشى كولاش دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، يۇرۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكى بويىدا قاشتېشى بازىرىنى ئاساس قىلغان يەنە بىر بازار شەكىللىنىپ، يۇرۇڭقاش بازىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، يۇرۇڭقاش بازىرىنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇردى. بۇ يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ، شۇنداقلا خوتەن شەھرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ئىزاھاتلار:

①«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2005- يىل10- ئاي. 1- نەشرى. 1- قىسىم. 28- بەت

②مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركى تىللار دىۋانى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2008- يىل 10ئاي 1- نەشرى. 802- بەت

③ شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن: «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

مىللەتلەر نەشرىياتى.بېيجىڭ. 2009ـ يىل 8ـ ئاي 1ـ نەشرى)

④ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2005 ـ يىل 10ـ ئاي. 1ـ نەشرى.1ـ قىسىم.72ـ ،73ـ بەت

⑥⑤ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى». 38ـ قىسىم. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى سودا- سانائىتى ھەققىدە ئەسلىمە.209ـ ،212ـ بەتكە قارالسۇن.

(ئاپتورلار:ئابدۇۋاھىت توختى يۇرۇڭقاش بازارلىق سابىق سودا كوپراتىپىنىڭ پېنسىيونىرى، ئابدۇقادىر ئابدۇۋاھىت شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكۇمىدا)

# خوتەندە ئەڭ...

1. مەرھۇم زۇڭلىيمىز جۇئېنلەي 1965- يىلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنى زىيارەت قىلىپ قايتىشىدا خوتەندە توختاپ، پاكىستاندىن ئېلىپ كەلگەن بادام ئۇرۇقىنى خوتەنگە تەقدىم قىلدى. بۇ بادام ئۇرۇقى خوتەن شەھىرىنىڭ شورباغ يېزا قۇمباغ كەنتىدىكى 100مو مۇئىلىك باققا تىكىلگەن بولۇپ، تۇنجى ئۈنۈپ چىققان بەش تۈپ بادام ھازىر باراقسان ئۆسۈپ 31- يىلىغا قەدەم قويدى. ھازىر بۇ بادام 100گە يېقىن ئائىلىگە يۆتكەپ سېلىنىپ كۆپەيتىلدى. جۇزۇڭلى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئىسمىنى قويۇپ بەرگەن ئورۇن-خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىگى ئىدى.

2. دېھقانلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن پارتىيە ۋە ماۋجۇشىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ماۋجۇشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېشەك بىلەن بېيجىڭغا ئاتلانغان كىشى، كېرىيە ناھىيەسىدىكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇم. ئۇ ئاخىرى ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن.

3. دۆلەت رەھبەرلىرىدىن خې لۇڭ فۇزۇڭلى 1965- يىلى خوتەنگە كەلگەندە، خوتەن شەھرى شورباغ يېزىسىنىڭ شورباغ كەنتىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى 100ياشلىق مەتمۇسا ئاكىغا بىر دانە ھاسا تەقدىم قىلغان.

4. تارىخي پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خوتەن غەربىي دىياردىكى ئەڭ مەشھۇر «شايى-ئەتلەس ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىلا يىپەكتىن ھەرخىل شايى-ئەتلەس، بەقەسەملەرنى توقۇپ بازارغا سالغان.

5. «خوتەن قاشتېشى» دۇنياغا مەشھۇر. پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ سارىيىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، سۈپەتلىك 5مىڭ 350كىلوگىراملىق بىر قاشتېشى بار. بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە كوئېنلۇن تېغىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇنى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىر نەچچە يۈز ئات بىلەن ئۈچ يىلدا بېيجىڭغا يۆتكەپ كەلگەن. 1980- يىلى 7- ئايدا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يوقۇرى ئېقىنىدىكى 4مىڭ 400مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغدىن، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ 590كىلوگىراملىق يەنە بىر ئەلا سۈپەتلىك ئاق قاشتېشى تېپىلغان.

6. «خوتەن گىلىمى» رەڭدارلىقى، گۈزەللىكى، خىلمۇ- خىللىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. بۇ ھازىر تۆت چوڭ قىتئەدىكى 17دىن ئارتۇق دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىنىپ دۇنيادا بازار تاپتى. شۇڭا خوتەننى كىشىلەر «گىلەم ماكانى» دەپ تەرىپلىمەكتە.

نىيا خارابىسىدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان خوتەن گىلىمىنىڭ نۇسخىسى تېپىلغان.

7. «خوتەن قويى» قورغاقچىلىققا چىدامىلىقى، يۇڭىنىڭ ئېلاستىكلىقى، يىپەكتەك پارقىراقلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، خوتەن گىلىمىنىڭ دۇنياغا تونۇلىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

8. مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى شىنجاڭدا. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەندە ئەڭ كۆپ بولۇپ %80نى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا خوتەن ب د ت

نىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان 5- رايونى بولۇپ 1985- يىلدىن تارتىپ قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن. مۇدىر ۋىراچ تۇردى ھاجىم 126يېشىدا قامۇسقا ئەڭ بۇرۇن كىرگۈزۈلگەن ئادەم. مۇدىر ۋىراچ مەشھۇر ئەمەت ھاجىمۇ 120يېشىدىمۇ داۋاملىق كېسەل كۆرۈپ كەلگەن.

9. خوتەندە ئازاتلىقتىن كېيىن تۇنجى يېزىلغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كىتاۋىنى مەشھۇر مۇدىر ۋىراچ تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم يازغان بولۇپ، ئۇ كىتاپ مەملىكەت بويىچە 1- دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

10. مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن خوتەن شەھرىدە ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومى 1987- يىلى قۇرۇلدى. 1991- يىلى مەكتەپنىڭ پۈتۈپ ئوقۇش باشلىغانلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. مەكتەپ 13مىڭ 100كۇۋادرات مېتىر بولۇپ تولىمۇ گۈزەل، ھازىر 6سىنىپ، 240دەك ئوقۇغۇچىسى بار.

11. خوتەندە 1992- يىلى، 6سانتىمېتىرلىق ئەڭ كىچىك قۇرئان تېپىلغان.

12. خوتەن - قاراقاش دەريا بېشىدىكى ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ توغان ئېگىزلىكى 135مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ 662مىليون يۈەن بولۇپ، ئازاتلىقتىن بۇيان خوتەننىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ 2 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ تەخمىنەن 7توننا ئالتۇننىڭ قىممىتىگە باراۋەر.

13. 1986- يىلى ئەڭ بۇرۇن ياش دېھقان كېرەم ئىمىن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا يوقاقۇن كەنتىدە «كېرەم ئىمىن باشلانغۇچ مەكتىۋى» نى سېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى» دىگەن شەرەپكە

ئېرىشكەن. 1990- يىلى يەنە ئۈز كەنتىدە ئوتتۇرا مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىپ، ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ھەم دوختۇرخانا سالغان مەشھۇر شەخس بولۇپ قالدى. يەنە تارىختا ئەڭ بۇرۇن بورانچى دەرياسىغا سېمونت كۆۋرۈك سالغان كىشى بولۇپ قالدى.

14. 1986- يىلدىن ھازىرغا قەدەر خوتەن ناھىيىسى 1500كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇزۇم كارىدورىنى بەرپا قىلىپ ھويلا- ئارام ئىگىلىكىدە داڭ چىقاردى.

15. 1990- يىلى خوتەن ناھىيەسى ب د ت تەرىپىدىن «كۆكەرتىشتە ئىلغار ئورۇن» بولۇپ ، تۇنجى قېتىم خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە ئالتۇن مېدالغا ئىگە بولغان ناھىيە بولۇپ قالدى.

16. 《خەلق گېزىتى 》 1986- يىلى، جەنۇبى شىنجاڭدىكى 8 تۈپ قېرى دەرەخ، دەپ ئېلان قىلغان دەرەخنىڭ ھەممىسى خوتەندە.

ئۇنىڭ بىرى توغراق نىيا ناھىيىسىدە، ھازىر 1000 يىل بولۇپ، ئىگەللىگەن يەر مەيدانى بىرمو ئىككى پۇڭ، ئېگىزلىكى 22مېتىر. ھازىرغا قەدەر چۆلدە ياپ- يېشىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

17. ھازىر 560 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ياڭاق پادىشاھى خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىنىڭ چالۋاش دىگەن يېرىدە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. بۇ ئەڭ داڭلىق قەغەز ياڭاق بولۇپ، دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى 24مېتىر، ئورنى بىر مو يەردە. دەرەخ غولىنىڭ ئايلانمىسىغا 5ئادەمنىڭ غولىچى يېتىدۇ. خوتەننىڭ ياڭاق مەھسۇلاتى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا بولۇپ، ياڭاقنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلاتى 10 مىڭ 565 توننىغا يەتكەن.

18. يۇلغۇن دەرىخى. لوپ ناھىيەسىدە بولۇپ ھازىر 111 يىل بولغان. ئېگىزلىكى 10 مېتىر، لوپ ناھىيەسىنىڭ چۆلدە قىپ- قىزىل قەد

كۆتۈرۈپ ياشىرىپ تۇرماقتا.

19. ئەنجۈر دەرىخى. خوتەن ناھىيەسىنىڭ لايقا يېزا بېغىدا. بۇنىڭغا 487يىل بولدى. ھازىر 45كىلوگىرامدىن 75كىلوگىرامغىچە مېۋە بىرىپ تۇرىدۇ. يېرىم مو يەرنى ئىگەللىگەن.

20. كۇمۇش تىرەك. چىرا ناھىيەسىدە، ھازىر 306يىل بولغان. ئېگىزلىكى 22مېتىر. ئورنى بەش پۇڭ يەردە.

21. ئۈژۈم تېلى. لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا. ھازىر 106يىل بولغان. ھەريىلى 500كىلوگىرام مەھسۇلات بېرىدۇ.

22. چىلان. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا. ھازىر 356يىل بولغان. ئېگىزلىكى 16.5مېتىر. ھەريىلى 20كىلوگىرام مەھسۇلات بېرىدۇ.

23. چىنار. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا. 306يىل بولغان. ئېگىزلىكى 32مېتىر. غولىنىڭ دىئامېتىرى 2مېتىر 70سانتىمېتىر كېلىدۇ.

24. لوپ ناھىيەسىنىڭ ئاقسىپىل قەدىمي شەھىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە نوقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئورنى بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتا، لوپ ناھىيە بازىرىدىن 17كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ قەدىمىي شەھەر قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ، ھازىر پەقەت شەھەرنىڭ 100مېتىرغا يېقىن شىمالى سېپىلى ساقلىنىپ قالغان. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 5مېتىر، بۇ يەردىن مەشھۇر يادىكارلىقلار تېپىلغان. ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال پىلە قۇرتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2ـ 5سانتىمېتىر، باش قىسمى چوڭراق، بوغۇملىرى بار، شەكلى ھازىرقى پىلە قۇرتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

25. يوتقان خارابىسى. خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدىن 10كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باغچى بازىرىغا جايلاشقان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر خارابە ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. بۇ ئۆز

ۋاقىتدا قەدىمىي خوتەن يەنى ئۇدۇننىڭ مەركىزى بولغان. ئۇ يەردىن مىس پۇل، ئالتۇن بۇيۇملار ۋە ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. بۇمۇ تارىختا ئەڭ مەشھۇر جايلارنىڭ بىرسى بولغان.

26. خوتەن شەھەر ئىچىدىكى چوڭ جامە 1820- يىلى ياسالغان بولۇپ خوتەن بويىچە ئەڭ مەشھۇر جامە بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

27. بېيجىڭ تارىخى مۇزىيىدا خوتەننىڭ بىر دانە ئات سۈرەتلىك مىس پۇلى ساقلانماقتا. ئۇنى خۇاڭ ۋېنبى 1929- يىلى خوتەننىڭ شىمالىدىكى ئاقسىپىل قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تاپقان. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، داڭلىق مىس پۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

28. كېرىيەدىن ئابدىغېنى ئەيسا 1984- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇپ، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە ئىككى ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدالغا ئىگە بولغان.

29. خوتەندىن تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك ۋاسكېتبول كوماندىسىغا قاتناشقان ئادىلجان، 25-قېتىملىق خەلقئارا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىغا ئۇيغۇرلاردىن ئەڭ بىرىنچى بولۇپ قاتناشقان بىردىن- بىر كىشى بولۇپ قالدى.

30. خوتەندە ئەڭ مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن خەلق سازەندىسى ھەم قوشاقچىسى شامۇھەممەت، ئابدۇللا مەجنۇن، كۈلكە چولپانلىرىدىن سۇلايمان رۇزى بىلەن سۇدىيە مەخمۇت ھەم ناخشىچى سالامەت مەخسۇت داڭلىق ئارتىسلاردۇر.

31. داڭلىق خەلق سەنئەتكارى ئابدۇللا مەجنۇن ئەڭ بۇرۇن ھەم تەمبۇر ھەم راۋاپ بىر گەۋدە بولغان دىلتار سازىنى كەشپ قىلغان.

32. خوتەن ئاياللىرى ئىچىدىن بوغدايىنىڭ ئىككى خىل سورتىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇنى نىيا ناھىيەسىنىڭ شارائىتىغا ماس ھالدا تەجرىبە

يارىتىپ، بوغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 620كىلوگىرامغا يەتكۈزگەن «ئالتۇن سۇمرۇخ» دەپ ئاتالغان مەملىكەتلىك 8- مارت قىزىل بايراقدارى، پەن-تېخنىكا ئىلغارى، ئالى ئاگرانوم ئۇنىۋاننى ئالغان ئامانگۈل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا ساھەسىدە ئەڭ دەسلەپ غەلبە قىلغان ئۇيغۇر ئايال بولۇپ قالدى.

33. خوتەن قەدىمىي يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم بازار بولۇپ، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن، سۇ بايلىقى كۆپ بولغاچقا ئۈجمە تىكىپ، پىلە بېقىشقا تازا باپ كېلىدۇ. شۇڭا پىلە ئۈجمىچىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇشنا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. جۈملىدىن خوتەن خەلقىنىڭ ئۈجمە تىكىپ پىلە قۇرتى بېقىش ئەنئەنىسى ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شىمالى سۇلالىلەر تارىخىدا: «خوتەن زېمىنى زىرائەت تېرىپ، ئۈجمە ئۆستۈرۈشكە باپ كېلىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان.

خوتەندە 1954- يىلى مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى يىپەك توقۇمچىلىق فابرىكىسى رەسمىي ئىشقا كىرىشكەن. ھازىر لوپ، قاراقاش، كېرىيە، چىرا ناھىيەلىرىدىمۇ ئارقا- ئارقىدىن يىپەكچىلىك زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. خوتەن، لوپ ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلىچىلىكتە نوقتىلىق ناھىيە بولۇپ، پىلە غوزىسى مەھسۇلاتى 1000تونىدىن ئاشتى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پىلە-ئۈجمىچىلىكتە خوتەن بويىچە قەدىمىي داڭلىق ناھىيەدۇر.

34. خوتەن باغۋەنچىلىكتە ئەڭ چوڭ «مېۋە- چېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان. ئۇ شىنجاڭدىكى ئاساسى باغۋەنچىلىك بازىسى. شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە قەدىمقى يەرلىك سورتلارنى ئەڭ كۆپ ساقلاپ كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى. ۋىلايەت بويىچە مېۋىلىك دەرەخ سورتى 300خىلدىن ئارتۇق. قوغۇن- تاۋۇز سورتىلا 40 خىلغا يېتىدۇ.

ئۆزۈم، ياڭاق، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، ئۈجمە، ئانار، چىلان، بېيە، ئەنجۈر، نەشپۈت قاتارلىقلار چىقىدۇ. خوتەن قىزىل ئۆزۈمى غەربىي شىمال رايۇنى بويىچە ئۆزۈم يېتىشتۈرۈش ۋە ھاراق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ھەمكارلىق يىغىنىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەلا سورتقا ئۆتتى.

خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مېۋە- چېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ناھىيە قاراقاش بولۇپ، قەدىمدىن قاراقاشنى «مېۋە- چېۋە ماكانى» دەپ ئاتايدۇ.

35. نىيا ناھىيەسىدە نىيا خارابىلىقى بار. بۇ نىيا ناھىيەسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان بولۇپ، نىيا ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 140كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەنگىلىيىلىك ستەيىن نەچچە قېتىم بۇ خارابىلىققا كېلىپ، قېزىش ئېلىپ بارغان. خارابە ئورنى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، بىر قانچە بۆلەك بويىچە 300- 400كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قۇم بارخانلىرىغا جايلاشقان. بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇنقى ئەر- خوتۇن قەبرىسى بولۇپ، قەبرىدىن ئېلىنغان بۇ ئىككى جەسەت قۇرۇپ كەتكەن. جەسەتنىڭ تېگىگە جاۋا گىلەم سېلىنغان. بۇ خىل گىلەم شىنجاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى گىلىمى ھېسابلىنىدۇ. يەنە يىپەكتىن توقۇلغان ھەرخىل رەڭدىكى شايى كۆينەكلەر تېپىلغان. ئۇندىن باشقا ھەرخىل ئۆي جازىلىرى، سۆڭەك جابدۇقلار، چۆۋق توقۇلما جابدۇقلاردىن كامان، سۆڭەك دەستىلىك پىچاق، سېۋەت قاتارلىقلار بار. يەنە ئىلگى ھەمزەك پارچىسى بار. قاقشال بولۇپ كەتكەن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈجمە، سۆگەت، توغراق، جىگدە، يۇلغۇن، قاپاق تېرەك، تال قاتارلىقلار بار.

36. قاراقاش ئاپتونوم رايون بويىچە نوقتىلىق پاختىچىلىق ناھىيەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە پاختىچىلىقتا

بىرىنچى ئورۇندا ، ئاپتونوم رايون بويىچە 5- ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

37. 1983- يىلى ۋىلايەت بويىچە «ئۆچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشىدا، خوتەن ناھىيەسى ھەم بوزاق يېزىسى ئىلغار ئورۇن بولدى. خوتەن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئاۋۋال «5تە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە مەشھۇر ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. «ئۆچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىش نەق مەيدان يىغىنى ئەڭ دەسلەپ خوتەندە ئېچىلدى.

38. ئۆجمە قوۋزىقى خام ئەشيا قىلىنغان خوتەن قەغىزى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، خام قەغەز خوتەندە ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان.

39. خوتەندە چوڭ تىپتىكى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومى 1965- يىلى رەسمى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

40. مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسىگە ئىگە بولغان قۇرۇلۇش ياپونىيە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئوقۇتۇش مەركىزى (پاراۋانلىق ئوقۇش مەركىزى)، خوتەن شەھەرلىك 1- ، 2-باشلانغۇچ مەكتەپ. 1987- يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ 1989- يىلى رەسمىي ئوقۇش باشلىدى ۋە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

41. گۇما ناھىيەسى سانجۇ يېزىسىنىڭ 25كىلومېتىر نېرىسىدىكى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئۇلاچى جىلغىسىدا مەشھۇر تاش رەسىم ۋە خاتىرە تاشلار بولۇپ، قىممەتلىك يادىكارلىق ھېساپلىنىدۇ.

42. 1983- يىلى 9- ئايدا گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 1984- يىلى 8- ئاينىڭ 18- كۈنى خوتەن شەھىرى رەسمى قۇرۇلغان. ئومۇمي كۆلىمى $189km^2$ بولۇپ ئۆچ يېزا، بىر بازار، تۆت كوچا ئىش بېجىرىش

باشقارمىسى، 55كەنت، 289مەھەللىدىن ئىبارەت. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 23.3كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 1300مېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

43. 1986- يىلى ئىسمايىل ئەھمەت ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بىرىنچى قېتىم مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 8- نۆۋەتلىك 1- ئومۇمىي يىغىنىدا، يەنى 1993- يىلى 3- ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇرلاردىن 1- بولۇپ دۆلەت كومىسسارلىقىغا سايلاندى. شۇنداقلا يەنە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. 6- 7- 8- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1- ئومۇمىي يىغىنىدا ئارقىمۇ-ئارقا سايلاندى.

( 1989 — يىلى 2 — ئايدا رەتلەندى )

تەييارلىغۇچى: ھوشۇر ئەھمەت



ھوشۇر ئەھمەت 1938- يىلى ئاتۇش شەھرى ئۇستۈن ئاتۇش ئۈچار كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1952- يىلىدىن 1955- يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقىغان. 1959- يىلى 9- ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1982- يىلغىچە خوتەن ناھىيە باغچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1998- يىلى 12- ئايغىچە خوتەن شەھەر شورباغ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1998- يىلى 12- ئايىدا پېنسىيىگە چىققان. 1978- يىلدىن 1981- يىلغىچە شىنجاڭ رادىئو سىغىن داشۆسىدە ئوقۇپ، تىل- ئەدەبىيات بويىچە ئالىي تېخنىكوم دىپلومىنى ئالغان.

1988- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىنى ئالغان. 1983- يىلى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

1984- يىلدىن 2002- يىلغىچە خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 1-، 2-، 3-، 4-، 5- نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان. دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت گېزىت- ژۇرنال مەتبۇئاتلىرىدا 300 پارچىدەك شېئىرى، 10 پارچىدەك ئۆچېرىكى، 30 پارچىدەك ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «ئۇيغۇر ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلىرى» كىتابى نەشر قىلىنغان.